باش مۇھەررىر : ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : ئەمەتجان مۇھەممەت كۆنچى

مۇھەررىر : ئامانگۈل ئەزىز (تەكلىپلىك)


# كىروران

## «تارىم بويىدىكى خىلۋەت ماكان»غا ئىزاھ

رەسسام ئۆچۈن ئۇسلۇپ، ماھارەت، بوياق، قەلەم ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى رەسسامنىڭ ئاشۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. سەنئەتكار تۇرمۇشقا ھەممە تەرەپتىن تەڭ ئېتىبار بېرەلمەيدۇ. ئادەم ياشاۋاتقان تەبىئەت ئالىمى چەكسىز، تۇرمۇشمۇ چەكسىز. ئەمما سەنئەتكارنىڭ ئىپادىلەش قابىلىيىتى چەكلىك بولىدۇ. رەسسام بىر تۈپ دەرەخنى سىزغاندا، دەرەخنىڭ جىمجىت تەرىپىنىلا سىزالايدۇ. ئۇ دەرەخ ھەرگىزمۇ تەبىئەتتىكى ھەقىقىي دەرەختەك باشتىن-ئاخىر ھەرىكەتلىك، جانلىق، تىنىك كۆرۈنۈشلۈك نەرسە بولالمايدۇ. ھەر قانچە ئۇستا رەسساممۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ھەر بىر تال يوپۇرمىقىنى بىر-بىرلەپ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرەلمەيدۇ. شۇڭا شۇنداق چەكسىزلىك ئىچىدىن قىدىرىپ تاپقان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

2012-يىلى مەن بىر قانچە كەسپداشىم بىلەن تارىم بويىغا رەسىم سىزغىلى باردىم، بۇ يەردىكى جىمجىت خىلۋەت گۈزەل مەنزىرە مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى ۋە مەندە دەرھال بۇ مەنزىرىلەرنى سىزىۋېلىش ئىستىكى ئويغاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ رېئالىستىك رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىم بويىچە بۇ دەقىقىلەرنى ماي بوياق رەسىم تۈرى بىلەن خاتىرىلىدىم. بۇ رەسىم مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چىن تەسىراتىمنىڭ ئەينەن يالدامىسىدۇر. (بۇ رەسىم مۇشۇ سان مۇقاۋىغا بېرىلدى.)

— نۇرمۇھەممەت مەخسۇم

(ئاپتور بايىنغولىن ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپ رەسىم ئوقۇتقۇچىسى)


2014 .1

«楼兰»
文化类综合性季刊
پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، 35-يىل نەشرى، ئومۇمى141-سان




## بەت بوسۇغىسى

مۇقاۋا رەسىمگە ئىزاھ................................................ تەھرىر بۆلۈم

## «كروران» ئاياللىرى سالونى

كۆيگەندىن كۆنگەن يامان (پوۋېست) ......................... ماھنۇر ئابدىلىم 3
دەردىمگە داۋا بارمۇ؟ (ھېكايە)................................... ھەلىمە تۇردى 29
قەشقەرلىق شېئىر(شېئىر) ......................................... دىلخۇمار ئىمىنجان 62

## نەسرىي ئەسەرلەر دۇنياسى

شامال (ھېكايە)................................. گۈزەلنۇر مۇتەللىپ35
دىلبەرگە يېزىلغان خەتلەر (نەسر)......................ئەيساجان تۇردى ئاچچىق 72
ھايات (پەلسەپىۋى خاتىرە)........................... ئەنۋەر تاشتۆمۈر 75
قەلب خىتابلىرى (نەسر)...........................مەھەممەتجان جېلىل لوپنۇرى 76
دوست (ئەبجەش يازما)...........................مەتقاسىم ئابدۇراخمان 85

## شېئىرىيەت كارىدورى

جۇدالىق ھېكايىسى ........................ قەيسەر تۇرسۇن 63
بەشىنجى پەسىل ........................ ئەنۋەرجان خوجا ئەرتېكىن 64
ھايات دوقمۇشى ........................ئابدۇۋەلى تۇرسۇن64
بىر ساختا كىملىكتەك تۇرار بۇ ھايات..................... مۇھەممەت توختى 65
ئازاب يۇتۇش........................ رۇزى كېرەم يارى65
ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ........................ تۇرسۇنجان ھەسەن 66
مەن سېنى سېغىندىم جان مېھرىبانىم........................يۇسۇپجان مۇھەممەت تۇغيان66
تەس دېسە ئەل قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس ........................ سېتىۋالدى قادىر يېڭىسارى66
گۈللەر كەچمىشى........................ زۇلفىيە ئابدۇراخمان 66
سونېتلار........................ ھاجى ئېھسان قاۋۇل 67

## يادنامە

باغراشنى ئەسلەپ(مەرسىيە) ........................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران 41
ئەلۋىدا، ئەي، سۆيگۈ دۇنياسى(مەرسىيە)........................ مەھەممەتجان سەيدۇللا 41
كۆتۈرەلمەس دۇنيا مەندەك ھەسرەتنى (مەرسىيە)........................ ئابلەت ئەخمەت 41

## مەنمۇ دەپ باقاي

ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا ئىماگ (ماقالە)........................ئادالەت ئابدۇرېھىم يارۇغ 42
بالىلىقتا ئوينىغان ئويۇنلار(ماقالە) ........................ ئابدۇخېلىل راخمان لوپنۇرى 88

## قىزىل-يېشىل چىراقلار

«تارىم قەدىمىيەتلىرى»نىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى ۋە بايان ئالاھىدىلىكى ..............
........................................ئابدۇسالام شۈكۈر نوھ 47

## ئالتۇن تىزىقلار

ئىككى شېئىر........................................موھىدۇن سايىت بوستان 59

## بالىلار ئەدەبىياتى

ئېچىمدىكى ئاۋازلار (شېئىرلار)........................................ جاسارەت جاپپار68
قايتىپ كەل، دادا (ھېكايە)........................................ ئادىل غوجالىم 70

## مەشھۇر چەت ئەل ئەدىبلىرى

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا ..............مۇھەممەتجان ھەسەن 51
ئۇيغۇرشۇناس گابايىن خانىم..............گېك شىمىن (ئىمىن تاجى تۇرگۈن تەرجىمىسى)88

## قامچىگۈل

پۇل تېپىپ (ساتىرا)........................................ئابدۇۋەلى راخمان ھەققانىي96
ھەسەتخور (ساتىرا)........................................ئەركىن داۋۇت ئوغۇز96

مۇقاۋىدا: تارىم بويىدىكى خىلۋەت ماكان .............. رەسسام: نۇرمۇھەممەت مەخسۇم

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تېخرىداكتورى:

ئامانگۈل ئەزىز

باشقۇرغۇچى: بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «كروران» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئىشخانا ئورنى: كورلا شەھىرى بايىن شەرقى يولى مەدەنىيەت خىزمەت بىناسى 7 - قەۋەت
باسقۇچى: «بايىنغولىن گېزىتى» باسمىخانىسى
پوچتا نومۇرى: 841000
تېلېفون: 2024226

主办单位: 巴州文联
编辑出版: 《楼兰》维编部
印刷单位: 巴音郭楞报社印刷厂
办公地点: 库尔勒市巴音东路文化综合大楼 7 楼
邮编: 841000
电话: 2024226
新疆内部资料(刊性)准印证第 0110W 号

## ئالاھىدە بىلدۈرگۈ

يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن نامىدىكى «كروران ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسى بويىچە ھەر قانداق ئۇيغۇرچە سىستېمىدا تۈزۈلگەن ئەسەرلىرىڭىزنى يوللاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەرلىرىڭىزنى بىمالال ئەۋەتىۋېرىڭ:

ayberqin@126.com
akonqi@sina.cn



**ماھىنۇر ئابدىلىم**

# كۆيگەندىن كۆنگەن يامان

**(پوۋېست)**

سائادەت دوستى پىسخىك مەسلىھەتچى دەپ
تونۇشتۇرۇپ قويغان، چىرايى ئادەتتىكىچە، نا-
ھايىتى ياراشتۇرۇپ كىيىنگەن تەڭ قۇراملىق
سالاپەتلىك ئايالنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كۆزلى-
رىگە يامراپ كەلگەن يىغىسىنى تەسلىكتە بېسىپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـبۇ غەمكىنلىك كېسىلىنىڭ ماڭا چىرماشقى-
نىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، قىز چاغلىرىمدىمۇ
نېمىشقىكىن باشقا قىزلاردەك ئازادە، خۇشاللا-
خۇرام يۈرەلمەيتتىم، چۈشىنىكسىز بىر خىل قاي-
غۇ ئەلەم ماڭا ھەمراھ ئىدى، مانا ھازىر يېشىم-
مۇ ئوتتۇز بەشكە بېرىپ، ئىككى بالىغا ئانا بوپ-
تىمەن، بۇ خىل تۇيغۇ مەندە بارغانسېرى كۈچە-
يىپ، دائىملا ئىچ-ئىچىمدىن يىغا قاپساپ، كۆڭ-
لۈم بۇزۇلۇپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم، بەزىدە
كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلۇپ كېتى-
دۇ. مەندە يەنە ئۆزىنى كەمسىتىش، ئۆزىنى تۆ-
ۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىمۇ كۈچلۈك، كۆرىدىغان
چۈشلىرىمۇ شۇنداق ئازابلىق، بارا-بارا ئۆزۈم-
دىن ئەنسىرەپ قالدىم، مۇنداق كېتىۋەرسەم
نېرۋام ئاجىزلاپ، ئەقلىمدىن ئېزىپ قالارمەنمۇ
دەپ ئەندىشە قىلىمەن، ھېلىتىن بىر نۇقتىغا تى-
كىلىپ سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان، قويغان-تۇتقى-
نىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

سائادەت سۆزىدىن توختاپ، ياش لىغىرلاپ
تۇرغان ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن پىسخىك
مەسلىھەتچىگە قارىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى
تۇرقى ئاجايىپ گۈزەللا، جەلب قىلارلىق ئىدى.
قاپقارا ئەگمە قاشلىرى چىڭ يۇمىرىلگەن، ياش-
تىن ھۆللەنگەن ئۇزۇن-ئۇزۇن كىرپىكلەر قور-
شاۋىدىكى چوڭ قارا كۆزلىرى ئەلەملىك بېقىپ
تۇرغان، يۈرىكىدىكى ئازابنى باسماقچى بولغان-
دەك ئاستىنقى لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن ئىدى.
چاچلىرى يۈزىنى يېرىم توسۇپ دولقۇنسىمان
ھالەتتە مۈرىسىگە يېيىلغان ئىدى، پىسخىك
مەسلىھەتچى ئۇنىڭ شۇ تۇرقىغا قاراپ بىر پەس
خىيالا سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

ـھازىرقى تۇرمۇش مۇھىتىڭىزنى ئازراق
ئۆزگەرتىپ بېقىڭ، ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان
يەرلەرگە بېرىپ بېقىڭ، يېڭى دوستلار بىلەن
تونۇشۇڭ، قارىسام سىز ئۆزىڭىزنى ناھايىتى بى-
ئارام قىلىدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە قاپسى-
لىپ قېلىپ چىقالمىغاندەك قىلىسىز ھەم شۇ مۇ-
ھىتقا ئۆزىڭىزنى ئاتاپلاۋېتىپسىز، يات جىنستىكى-
لەر بىلەنمۇ سەمىمىي، ئىلمىي پوزىتسىيەدە پىكىر
ئالماشتۇرۇپ مۇڭدىشىپ بېرىڭ، ھەممە ئەرلەر

شاللاق ئەمەسـ تە، ئادەتتە كۆلكەـ چاقچاققا قىـ
تىلمايدىغان، دائىم يالغۇز ياشايدىغان ئادەملـەردە
ئاسانلا ئـۆزىنى تۆۋەن كـۆرۈش پسـخـىكىسـى
پەيدا بولۇپ قالىدۇ، كۆڭۈلسىز ئىشـلارغا ئېسـىـ
لىۋالماي، ئۆزىڭـىزگە كۆپـرەك كۆڭۈللا بۆلـۈڭ،
چىرايلىق ياسىنىپ ئەينەككە قاراپ قىياپىتىڭىزـ
دىن ھوزۇرلىنىڭ، ئىقتىدارىـڭىزنى، ئـېرىشكـەن
مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىڭىزنـى
مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ، ئۇبدان ئورۇندا خىزمىتىڭىز
بار ئىكەن، ئاتاـ ئانىڭىز ھايات ھەم ساغلام ئـىـ
كەن، شۇلاردىن سۆيۈنۈڭ، غەمـ قايغۇ دېگەنمـۇ
سىز قاچسىڭىز نېرى تۇرىدىغان، يېقىنلاشسىڭىز
سىزنى قاماللاپ بوينىڭىزغـا مىنـىدىغان نەرسـە،
كۆپ چۈشەندۈرمىسەممۇ سىز دېگەن ئالىي مـەـ
لۇماتلىق، ئوقۇمۇشلۇق ئايالا، بۇلارنى بىلىسـىز.
سىز ھېچقانداق پسخـىكىلـىق مەسلـىھەت ياكـى
داۋالاشقا مۇھتاج ئەمەس، كەيپىياتىڭىزنى تـەڭـ
شەپ تۇرسىڭىزلا ياخشىلىنىپ كېتىسىز.

سائادەت پسخىك مەسلىھەتچى بىلەن خېلـى
ئۇزۇن پاراڭلىشىپ خوشلىشىپ ماڭدى، بېكـەتـ
كە كېلىپ توپـ توپ ئوقۇغۇچى باللار قىستـىـ
لىشىپ چىقىۋاتقان ئاپتوبۇسقا قاراپلا رايى يېنىپ
ئاستا كەتتى. بۇ چاغ ھەممە ئادەم ئىشتىن چۈـ
شىدىغان چاغ بولغاچقا، بىكار تاكسى كۆرگىلـى
بولمايتتى. سائادەت قىستىلىشىپ ئالدىراش كـېـ
تىۋاتقان پىيادىلەر سېپىگە قېتىلـىپ كەتتى. ئـاـ
نىسى كەچتە ئوبدان تاماق قىلىدىغىنىنى ئېيتىپ
نەۋرىلىرىنى چاقىرىپ قويغان ئىدى، شۇڭا سـاـ
ئادەت ئۆيگە ئانچە ئالدىرىمىدى، ئۇ ئالدىراشنـى،
ئېرىنـىڭ تاقـتىـ تاق بولـۇپ ئۆزىنـىڭ يولىغا
قاراپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

كۈندۈزلىرى نىغمەت خۇددى قۇرۇق يۇيۇش
دۇكىنىغا كىيىمنى ئالغىلى كەلگەن خېرىداردەك
كىرىپ كېلەتتى، پاكىز يۇيۇلۇپ دەزماللا سېلىنـ
غان كىيىمنى كىيىپ، كىر كـيىـملـىرىنى كـىر
ئالغۇغا سېلىۋېتىپ گەپ قىلمايلا چىقىپ كېتەتـ
تى، بەزىدە دادىلـىق مېھرى قوزغىلـىپ قالغـان
چاغلاردا باللىرىغا ھەمراھ بولۇپ تاماققا داخىـل
بولۇپ قوياتتى، شـۇنداق چاغلاردىـمۇ ئۇ سائـاـ
دەتكە ئـارتۇق گەپ قـىلمايـتتى، سوئاللـىرىـنى
جاۋابسىز قالدۇراتتى، كۆيۈنۈشلـىرىنى خـۇددى
خۇيلـۇق چوكاندەك تـەتۈر قاراپ ئېـتىۋارسـىز
قالدۇراتتى ياكى بولمىسا تازا سائادەتنـىڭ يېغـىـ
رىنى تاتىلايدىغان سېىسق گەپتىن ئىككىنى قـىـ
لىپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. بىچارە سائادەتنىڭ
يۈرىكى شوخاـ تىكەنلەر ئارىسـىدا تىپـىرلايتتـى،
ھېچقانداق سەۋەنلىكسىز، ئائىلە، باللا، ئەر ئۈچۈن
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلاپ شۇنچە ئەجىر قىلىپ
ئېرىشكەن بۇ ئادالەتسىز مۇئامىلە ئۇنىڭ يۈرىكىـ
نى مۇجۇيتتى. قايەردىن، قانداق يېغىلىدىغانلىـ
قىنى بىلگىلى بولمايـدىغان كۆز يـاشلىرى سـەلـ
دەك دەۋرەپ كېلەتتى. ئېرىـنىڭ بۇ مـىجەزىنـى
سائادەت يـىغلاپـ يالۋۇرۇپـمۇ، ئۇرۇشۇپـ سـوـ
قۇشۇپمۇ، پەندىـ نەسىھەت قىلىپمۇ ئۆزگەرتـەلـ
مىگەنىدى. ئاجرىـشمەن دېـسىلا ئېـرىنىڭ تـارـ
تىشماي قوشۇلىدىغانلىقى، ھەتتا ئېرىنىڭ ئۇنىڭ
شۇ سۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان
ئىدى، لېكىن سائادەت ئاجرىشـشنى ئويـلىشـىپ
باقـمىدى، دەردـ ئەلـەم، ھەسرەتكـە تولغان خىـ
ياللار، مەيۈسلىنىشلەر، ئۈمىدسىز كۈتۈشلەر ئۇـ
نىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى، ئەشـۇ
ئازابلىرىدىن خۇشاللىق تاپاتتى، ئۇلارنى يوقىتىپ
قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى، ئاشۇ غەمسىز قاقاقـلاپ
كۈلۈشۈپ يۈرگەن، ئاغزىدىن كۈلـكەـ چاقچـاق
كەتمەيدىغان ئايالـلارغـا قارىغانـدا ئۇلارنىڭ شـۇ
خۇشاللىقىنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىق ئىكەنلىكىدىن
گۇمانلىناتتى، دەردـ ئازابى بولمىغان كـىشىنـىڭ
ھەقىقىي خۇشاللىقى بـولسۇنمـۇ؟ ئۇ گـەرچە ئـىـ
تىۋارسىز قېلىش، كەمسىتىلىش، ئەرنىڭ مېھرىـ
دىن مەھرۇم قېلىشنىڭ دەردىنى ئـون يىللارچـە
تارتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئازابتىـن ۋاز كېچـىپ
باقمىدى. قىش پەسلىدە ئېتىۋارسىز تاشلـىنىـپ

قالغان يەلپۈگۈچنىمۇ ياز كەلگەندە ئادەم تاشلاپ
قويغان يېرىدىن ئاختۇرۇپ تېپىپ، سۆيۈنۈش
بىلەن قولىغا ئالىدۇ. شۇلارنى ئويلاپ سائادەت
ئۆزىنىڭ قىش پەسلىدىكى يەلپۈگۈچنىڭ ئورنى-
غا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. غەمكىن-
لىك، كۆڭلى بۇزۇلۇش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆ-
رۈشتەك كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تۇيغۇلار يو-
پۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا ياماشتى. ئۇ بۇنداق
تۇيغۇلارغا كۆنۈك ئىدى، ئۇ ياش لىغىرلاپ
تۇرغان كۆزلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ،
كۆزئەينىكىنى تاقىۋالدى ھەم تېز-تېز مېڭىپ
بىر دەمدىلا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

نىغمەت ساپادا يېتىپ تېلېۋىزوردىن تەنتەر-
بىيە مۇسابىقىسى كۆرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ مۇسابىقە
كەيپىياتىدىن ھاياجانلانغان، جانلانغان تۇرقى
سائادەتنى كۆرۈپلا ئىپادىسىز تۈس ئالدى،
شۇنداقتىمۇ سائادەت نېمىلا بولمىسۇن ئېرىنىڭ
ئۆز ئۆيىدە يانپاشلاپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرگەن-
لىكىدىن خۇشاللا بولدى، ھەر قانچە بولسىمۇ ئۆز
ئۆي دېگەن ئۇنىڭغىمۇ ئارامبەخش راھەت تۇيۇ-
لىدىغاندۇ؟ سائادەت ئالدىراش تاماققا تۇتۇندى،
نىغمەت ئاخشاملىرى دائىم ئۇزۇپ تاشلاپ سۇ-
يۇقئاش ئىچەتتى. سائادەت تەرلەپ-تەپچىرەپ
سۇيۇقئاشنى تەييار قىلىپ، مېھمانخانىغا كىر-
دى-دە، تۇرۇپ قالدى. نىغمەت كىيىملىرىنى
كىيىپ سىرتقا چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى.
سائادەتنىڭ تاماق ئېتىۋاتقىنىنى پەرۋايىغا ئالمى-
غاندەك ئىدى.

-بىر يەرگە چىقامسىز؟- دېدى سائادەت،-
ئاشمۇ تەييار بولۇپ قالدى، ئىچىپلا...

- بولدى، ئىچمەيمەن، سىرتتا تاماق يەيدى-
غانغا دېيىشىپ قويغان.

غۇژژىدە ئاچچىق سائادەتنىڭ مېڭىسىگە تې-
پىپ چىقتى:

-ئۇنداق ئادەم باياتىن دېسىڭىز بولمامدۇ؟
ئانام تاماققا چاقىرسا بارماي سىزنى دەپ ئەتكەن
تۇرسام؟

-ئۇنداق بولسا ئاناڭنىڭ ئۆيىگە كەتسەڭ
بولمامدۇ؟

-سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش شۇنداق
ئېغىر كېلەمدا؟ باللارمۇ بولمىسا، تاماق ئېتىۋات-
قىنىمنى كۆرگەنكىن «مەن سىرتقا چىقىمەن»
دەپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

-تاماق ئېتىش ئېغىر كەلگەن بولسا ئەتمى-
سەڭلا بولمىدىمۇ؟ يالغۇز مېنىڭ قارنىمغا ئېتەم-
تىڭ! بىر قازان ئېشىڭغا ماڭا شۇنداق دوق
قىلامسەن؟ شۇڭىمۇ رەڭگى-تەلەتىڭگە قارىغۇم
يوق مېنىڭ، ئۆيۈممۇ مۇزخانىدەك تۇيۇلىدۇ،
ئەينەككە قاراپ باقە، چىرايىڭ نىمە بولۇپ كې-
تىپتۇ، مەن ساڭا:«ئاپپاق خوتۇن، تاماق ئېتىپ
بەر» دېمىگەنكىن كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي
ئاستا ئاناڭنىڭ ئۆيىگە كەتسەڭ بولاتتى.

نىغمەت شۇ گەپلەرنى دەپ بولغىچە ئاياغلى-
رىنى كىيىپ بولدى ھەم قايەرگە بارىدىغانلىقىنىمۇ
ئېيتماي ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كەت-
تى.

سائادەت بۇنىڭغىمۇ كۆنۈك. ئۇ تاللاي رەت
يىغلىغان، ئۇرۇشقان، ھەتتا چىنە-قاچىلارنى
پولغىمۇ ئاتقان، ئاچچىق يۇتۇپ كېچىلەرنى ئۇي-
قۇسىز ئۆتكۈزگەن، ئاقىۋەت ئۆزىنىڭ روھى
سۇنۇپ، ئازابى كۈچەيدىكى، ئېرى ئۆزگەرمى-
دى. ۋاي ئاللا، ياراتقۇچى نېمىنى ئويلاپ ئۇ-
نىڭغا مۇشۇنداق بىر ئەرنى، مۇشۇنداق بىر تۇر-
مۇشنى راۋا كۆرۈپ قالدىكىن؟

-ياۋاش، ئوبدان باللا،- دېگەن ئىدى نىغ-
مەتنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان دوستى جەمى-
لە،-ئۆزى شۇنداق قامlاشقان، مىجەزىمۇ ئوڭ-
لۇق، ماس كېلىسىلەر.

ئەلچىلەرنى ئۇزاتقان ئانا مەمنۇن ھالدا سۆز-
لىمەكتە ئىدى:

-بۇ لايىق بولغىدەك قىزىم، ئۇ چەت ناھىيە-
دىكى لايىقىڭ بىلەن سۆرۈشۈپ يۈرۈپمۇ نەچچە

يىل ئۆتۈپ كەتتى، يا ئۇ يۆتكىلىپ كېلەلمىدى يا سېنىڭ بېرىشىڭ يوق. يۆتكىلىپ كەلسىمۇ سېنى ئۇ چەت ناھىيەلىككە بەرگۈم يوق قىزىم، ئۇنداق ئايغى چىقماس ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ، نەق ئىشنى قىلايلى، ماۋۇ يىگىت بولىدىكەن.

شۇنداق سالا-سۆلھى بىلەن سائادەتنىڭ تويى بولدى. سائادەتنىڭ جىمجىتلا توي قىلىۋېلىشى ئۇنى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى چەت ناھىيەلىك لايىقىغا تولىمۇ زەربە بولدى، شۇ يىگىتنىڭ قىساسى تۇتتىمۇ، سائادەت بەختلىك بولالمىدى. توي قىلىپ بىرەر ئاي ئۆتەر-ئۆتمەي سائادەت لېۋىنى چىشلەپ قالدى، نىغمەتنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان تايىنى يوق مىجەزى سائادەتنىڭ بۇ تۇرمۇشتىن كۈتكەن گۈزەل ئارزۇلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى.

-سىز يېشىڭىزدىن بەكلا چوڭ كۆرۈنىدىكەنسىز،- دىگەن ئىدى توينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئېرى ئۇنىڭغا،- ئۆتكەندە ئۇچرىغان خىزمەتدىشىم سىزنى «سېنىڭ ھەدەڭمۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ.

سائادەت بۇ قاملاشمىغان گەپكە قانداق ئىنكاس بىلدۈرۈشىنى بىلەلمەي قالدى، ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنى ئۇنداق دەپ باقمىغان، ئۆزىمۇ ئۇنداق قاراپ باقمىغان ئىدى، بەك گۈزەللەردىن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا خېلىلا قاملاشقان قەددى-قامىتى، چىرايلىق ھۆسن-جامالى بار ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ توينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەرنىڭ ياش ئايالىغا دەيدىغان گېپى ئەمەس ئىدى. نىغمەت خۇددى سائادەتنى ئازابلاش ئۈچۈن توي قىلغاندەكلا ئىدى، ئۇنىڭغا سائادەتنىڭ بىر ئىشىمۇ يارىمايتتى، قۇسۇر تاپقىلى، ئۇنىڭغا دوق قىلغىلى، ئۇنى كەمسۇندۇرغىلى ئارانلا تۇراتتى، سائادەتكە نىغمەت قەستەن قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

سائادەت توي ئىشىدا تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا نىغمەت بىلەن تويدىن بۇرۇن بىر مەزگىل ئارىلىشىپ چۈشىنىشىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنى نىغمەتكە تونۇشتۇرۇپ قويغان جەمىلەمۇ توي قىلىپ بىر بالىلىق بولغاندا ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇ ھېلىھەم نىغمەتنى ماختايتتى:

-ئاماللا قىلىپ ئۆي تۇتۇپ كەت، ئاداش، نىغمەتنىڭ گەپ-سۆزلىرىنىڭ تايىنى بولمىغىنى بىلەن يا ھاراق، تاماكىدا يوق يا تاياقچى ئەمەس. مېنىڭ ئېرىمگە قارىمامسەن؟ ساق چېغىدا ئۇنىڭدىن ئوبدان ئادەم يوق، ئىچىۋالدىمۇ بولدى، ساراڭ بولىدۇ. توي قىلىپ ئون بەش كۈن بولغاندا مەست كىرىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويايلا دەپ قالدى، ئۆيىمىزدە ھەر قېتىم جېدەللا بولغاندا 110غا تېلېفون قىلىپ ساقچىلار كېلىپ جېدەلنى بېسىقتۇردى، ئاخىرى ئاجرىشىپ قۇتۇلدۇم، نىغمەت نېمىلا دېگەن بىلەن سېنى تاك ئېتىپ چەكمەيدۇ.

سائادەت دەردمەن دوستىغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ بەدەنگە تاك ئېتىپ چەكمىگىنى بىلەن يۈرەككە كۈندە سانجىلىپ تۇرۇۋاتقان سانسىزلىغان يىڭنىلەرچۇ؟ بۇلارنى بىرىگە دېسە ناھايىتى ئاددى ئىشتەك تۇيۇلاتتى. ئاڭلىغان ئادەممۇ: «كىچىككىنە ئىشكەنغۇ؟ ئەر-خوتۇنچىلىق دېگەندە بۇنى قورساق كۆپكى دېمەيمىز، تېخى ھەر ئىشلارنى كۆرىسىلەر» دېيىشىپ قوياتتى. لېكىن ھەر دەرد-ئەلەمدە قالغان خوتۇنلارنىڭمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىدە ئورنى بار ئىدى، جەمىلەنىڭ ھاراقكەش ئېرىمۇ قەسەم قىلىپ ھاراق تاشلاپ جەمىلەنىڭ ئارقىسىدىن يالۋۇرۇپ يۈرەتتى. ئەمما نىغمەت ئۇنىڭغا خۇددى خۇشى تۇتۇپ قالغاندا قۇچىقىغا ئېلىپ سىلاپ ئولتۇرىدىغان، كەيپى ئۇچقاندا «پەش!» دەپ ھەيدىۋېتىدىغان ئۆي مۈشۈكىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئەر-خوتۇنلۇق ھېسسىيات شۇ قەدەر سۇس ئىدىكى، نىغمەت سائادەتنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

خۇددى ئاپتاپ چۈشمەيدىغان ھويلىدەك سۆ-
رۈن، تېۋى كەتكەن چايدەك ئىلمان تۇرمۇش
ئىچىدە باللارمۇ ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلدى. نىغ-
مەت باللىرىغا ئامراق ھەم مەسئۇلىيەتچان ئىد-
دى، لېكىن سائادەتكە يېقىنچىلىق قىلسا كىمگە-
دۇر يۈز كېلەلمەيدىغاندەك شۇ قەدەر ئېھتىيات
بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سا-
ئادەت مېھىر-مۇھەببەتسىز بۇ تۇرمۇشتىن جاق
تويدى، قەلب ئېتىزى قاغجىرىدى، كەلمەسكە
كەتكەن ياشلىقتىكى مۇھەببەتلىك ھاياتىنى
ئەسلەيدىغان، كىمنىدۇر سېغىنىدىغان بولۇپ
قالدى.

* * *

نىغمەت ئىشكنى كۈچىنىڭ بارىچە ياپقاندىن
كېيىن كىمدىندۇر ئۆچىنى ئالغاندەك سەلا يەڭ-
گىللەپ قالدى، ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى، بەزىدە
سائادەتكە ئۇۋۋالا قىلىۋاتقىنىنى ئويلاپ، ئۆزىنى
ئەيىپلەپمۇ كېتەتتى. قارىماقتا ئۇنىڭ غەزەپ-
ئاچچىقى، قىيىداشلىرى سائادەتكە قارىتىلغاندەك
قىلغىنى بىلەن زادى كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ئۆ-
زىمۇ بىلمەيتتى، كىملەرنىدۇر ۋاقىراپ تىللىغۇ-
سى، سىلكىپ دەشنام بەرگۈسى، بىر نەرسىلەر-
نى ئۇرۇپ-چاققۇسىلا كېلىپ تۇراتتى. سائادەت-
نىڭ ياكى قانداقلا بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە مېھىر
بىلەن قارىشىنى، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشىنى
تېخىمۇ خالىمايتتى. ئەسلى توي قىلمىسا بولات-
تىكەن، توي قىلىپلا ئۇنىڭ ئايالىغا ئاتا قىلغىنى
كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ھەسرەت-نادامەت بولدى،
ئەمما بۇنى ئۆزگەرتىشكە نىغمەت ئامالسىز ئىدى.
نىغمەت ئەمەلىيەتتە ھېچكىم بىلەن سىرتتا تاماق
يېيىشنى دېيىشىپ قويمىغان ئىدى، سائادەت
ئەتكەن سۇيۇقئاشنىمۇ تازا ئىچكۈسى بار ئىدى،
ئۆيدە باللار بولسىدى، نىغمەت سائادەت ئەتكەن
سۇيۇقئاشنى تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىچىۋالسا نىمە
دېگەن ياخشىدى؟! باللار يېنىدا بولسىلا ئۇنى
خىيالىي ئالەمدىن رېئاللا تۇرمۇشقا، ئائىلىسىگە
قايتۇرۇپ كېلەلەيتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ دەريا بو-
يىغا كەلدى، بىر چەتتە سوغۇق ئىچىملىك،
ئۇششاق يېمەكلىك يايمىسى بار ئىدى، نىغمەت
شۇ يەرگە بېرىپ ئانچە-مۇنچە نەرسىلەرنى بۇيى-
رۇتۇپ قويۇپ، دەرياغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇ
ئەتراپىدىكى جۈپ-جۈپى بىلەن يېتىلىشىپ
يۈرگەن قىز-يىگىتلەرنى كۆرۈپ يەنە جۇدۇنى
ئۆرلىدى. نىمىشقا ئۇ يوق؟ ئۇ نېمىشقا شۇنچە
بالدۇر كېتىپ قالدۇ؟! ئەجەبا ئۇنىڭ مۇشۇ
سۆيۈملۈك زېمىندا ياشايدىغان، ئۇنىڭ ئايالى
بولىدىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى بولىدىغان
رىزقى-نېسىۋىسى يوقمىكىنە؟ ئۇ بولمىغان
بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى؟!

نىغمەت ئۆزىنى ئازراق بېسىۋېلىش ئۈچۈن
بېشىنى ئۈستەلگە قويىۋۇالدى، نەگە بېرىپ نې-
ملا ئىش قىلمىسۇن، ئۇ بۇنداق ئازابلىق تۇيى-
غۇلاردىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن
تىرىشىش ئەخمەقلىق ئىكەن، ياخشىسى ئۇنى
ئەسلەپ تۇرۇش كېرەك، پەقەت ئۇنى ئەسلەشلا
نىغمەتنىڭ يۈرەك يارىسىغا ئاز-تولا شىپا بولى-
دۇ.

نىغمەتنىڭ باشلانغۇچنىڭ بىرىنجى يىللىقتا
ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى، قەھرىتان سوغۇق
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ
ئۆيگە قايرىلىدىغان دوقمۇش ئالدىغا كەلگەندە
باشلىرىنى چۆمكەپ ياغلىق چىگىۋالغان بىر ئايالا
ئۇنى چاقىردى:

ـھەي باللام، بۇياققا كەلگىنە، ماۋۇ ئۇكاڭنى
بىردەم تۇتۇپ تۇر، ھاجىتىم قىستاپ بولالمايلا
قالدىم، بالىنى قويىدىغان يەر يوق، بىر پەس
تۇتۇپ تۇرغىن.

نىغمەت ئارىسالدى بولۇپراق ئايالنىڭ قولى-
دىن زاكىلانغان كىچىككىنە بوۋاقنى ئالدى، ئاياللا
ئالدىراپ ئاممىۋىي ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى،
نىغمەت سوغۇقتا توڭلاپ، قوللىرى تېلىپ خېلى
ساقلىغان بولسىمۇ ئاياللا چىقمايۋاتاتتى، بوۋاقمۇ

قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى، نىغمەت ھاجەتكە ماڭغان بىر چوكانغا :«ئىچىدىكى ئايالغا دەپ قويسىلا، باللا بەك يىغلاپ كەتتى» دەپ قويدى، بىراق ئۇ چوكان كىرىپ ھاجەتخانىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن، دەپ چىقتى. كىچىككىنە نىغمەت ئەپلەشتۈرۈپ كۆتىرەلمەيۋاتقان يۆگەكلىك بوۋاقنىڭ يۆگەكلىرىنى ساڭگىلاتقانچە كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ ئوغۇلا ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىردى. ئەمما ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، قورقۇپ كەتكەن نىغمەت يىغلاشقا باشلىدى، ئاخىر ئۇنىڭ ۋاقتىدا كەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ ئالدىغا چىققان ئاكىسى كېلىپ ئىككى باللا ھېچ ئامال تاپالماي بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئەھۋالنى بىلگەن چوڭلار ھەر تەرەپتىن سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، بوۋاقنىڭ ئىگىسى ھېچيەردىن تېپىلمىدى. بوۋاق قىز ئىدى، نىغمەتنىڭ ئانىسى بوۋاقنى قاراش بىلەن، دادىسى بوۋاقنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، نىغمەتكە يېڭى ئەمەك تېپىلغان ئىدى، مەكتەپتىن كېلىپلا سىرتتىكى ھەر قىزىق ئويۇنلىرىنى تاشلاپ بوۋاق بىلەن مەشغۇللا بولاتتى، ئۇنىڭ بۇ بوۋاققا شۇنچىلىك مېھرى چۈشتىكى، ئاخشاملىرىمۇ يېنىدا ئۇخلايتتى، ئۇنىڭدىن بىر قەدەم ئايرىلمايتتى. بىر كۈنى چۈشتە كېلىپ ئۆيدە بوۋاقنىڭ يوقلىقىنى كۆردى.

-باللا بېقىۋېلىشنى خالايدىغانلارغا بېرىۋەتتۇق، باللام،-دېگەن ئىدى ئانىسى،- بىز سىلەر ئىككىڭلارنى ئاران بېقىۋاتىمىز، مېنىڭمۇ ئىشىم ئالدىراش تۇرسا، ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ؟ ھېلىمۇ قۇرتىنەك باللىنى بىر ئاي باقتىم. بىر تۇغماس ئاپاشقا بېرىۋەتتۇق.

نىغمەت قىيا-چىيا قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيدى، ھەر قانداق ئالداش-سىلاشلار ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى، ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ چوڭلارنى باللىنى ياندۇرۇپ كېلىشكە كۆندۈرەلمەي ئاخىر تاماقمۇ يېمەي، مەكتەپكىمۇ بارغىلى ئۇنىماي يېتىۋالدى. ئۇنىڭ تۈگمەس غەلۋىسىگە ئامالل قىلالمىغان ئانىسى بىر كۈنى باللىنى بېرىۋەتكەن ئۆيگە بېرىپ بىر مۇنچە تاپا-تەنە ئاڭلاپ باللىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلدى، باللىغا شېرىنئاي دەپ ئىسىم قويۇلدى، شۇ ئۆينىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى.

شېرىنئاينىڭ ئاستا-ئاستا ئايىغى چىقتى، گۇگراپ تىلىمۇ چىقتى، نىغمەت ئۆيدىلا بولسا ئىككىسى بىر-بىرىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى. شېرىنئاي نىغمەتتىن ساق يەتتە ياش كىچىك ئىدى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەندە نىغمەت چوڭلا بولۇپ قالغان، شېرىنئاينى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكىلىدىغان ئىشلار تەبىئىيلا ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. شېرىنئاي شۇقەدەر چىرايلىق، ئوماق ئىدىكى، مەكتەپتىكى ھەممەيىلەننىڭ ئىچى كۆيەتتى، ھەرىكەتلىرى تولىمۇ نازۇك، سىپايە ئىدى. لېكىن سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچ داۋاملىق دەرستىن قالاتتى. بىر يىلى ئاغرىپ يېرىم يىلدەك يېتىپ كەتكەچكە سىنىپمۇ قالدۇرۇلغان ئىدى. شېرىنئاي باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن يىلى نىغمەت ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭدى، شۇ چاغدا نىغمەتكە ھەممىدىن شېرىنئايدىن ئايرىلىش ئېغىر كەلگەن ئىدى. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شېرىنئايغا بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئادەتتىكى ئامراقلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ شۇ قەدەر كۈچلۈك مېھر-مۇھەببەت ئىدىكى، سەھەرلىرى كۆزىنى ئېچىپلا نىغمەت ئۇنىڭ ئەتىگەن قوپقان تۇرقىنى، يۈزىنى قانداق يۇيۇپ، چېچىنى قانداق تارايدىغىنىغىچە خىيالا قىلاتتى. مەيلى تاماق يىسۇن، مەيلى ئايلىنىپ يۈرسۇن، شېرىنئاي ئۇنىڭغا خىيالى ھەمراھ ئىدى، شېرىنئاي تېخى سەبىي باللا ئىدى، نىغمەت ئاكىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، نىغمەت تەتىل قىلىپ كەلگەندە شېرىنئاينىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي مەكتەپتىن چېكىنگىنىنى بىلدى.

-ئوقۇتىمىز دەپ ئۇنىمۇ قىينىمايلى، بـاللام،-دىدى ئانىسى،-تولا دەرستىن قېلىپ يېتىشەلمەدى، سالامەتلىكى ئازراق يـاخشى بولسا، ئىپەدىراق ھۇنەرگە بېرەرمىز.

شىرىنئاي بىر تەتىل ئۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى سوراپ ھارمىدى، ئۇنىڭ ئەلبومىنى قولىدىن چۈشۈرمەي، سۈرەتلىرىنى قايتا-قايتا كۆردى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىدا مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان باللار ئەڭ بەختلىك ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تەتىلدە كۆرۈشۈپ نەچچە يىل بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن يىلى نىغمەت شىرىنئاينىڭ لىڭشىدە بوي تارتىپ بەرنا ئۆسكەن نازۇك قەددى-قامىتىگە، تەبىئەتنىڭ نادىر ئەسەرىدەك ئاجايىپ گۈزەللا رۇخسارىغا قاراپ ھەيران بولدى. دېمىسىمۇ چوڭ بولغانچە شىرىنئاي ئاجايىپ لاتاپەتلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ۋايىغا يەتكەن نازۇكلۇقنى ھەر قانداق ئۇستا ئارتىستمۇ دوراپ ئۆگىنەلمەيتتى، ئاۋازىمۇ يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك تەسىرلىك چىقاتتى، ئۇ كىچىكىدىن تىككۈچىلىككە شاگىرتلىققا كىرىپ ھازىر ئۇستام بولۇپ يېتىشىپ قالغان، ئۆيدىن ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇتقىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئىككىسى بىر-بىرىگە يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئامراق ئىدى، ئىككىسى بىر يەرگە كەلدىمۇ بولدى، سائەتلەپ گەپلىرى تۈگىمەي قالاتتى، نىغمەت خىزمەتكە چىققىلىمۇ ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى، ئانىسى توي ئىشىنى ئۇنىڭغا پۇراتقاندا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن «شىرىنئاينى ئالىمەن» دەپ ئىنىق جاۋاب بەردى، ئانىسى:«بولسىغۇ شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى، خۇدايىم بۇيرامۇ؟»دەپ نېمە ئۈچۈنكى ئۇزاققىچە كۆز يېشى قىلدى. بىچارە ئانىنىڭ پۈتۈن غېمى شىرىنئايدا قالغان، قىزنىڭ ئۆزىنى يىللىق كېسەللا ئازابى ئانىنى شۇنداق يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن ئىدى. نىغمەت بۇ خىيالنى شىرىنئايغا يۈز تۇرانە ئېيتىپمۇ ئولتۇرمىدى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى بىر-بىرىگە ئايان ئىدى، بۇ مېھىر ئۇلارغا سۈت بىلەن كىرگەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. نىغمەت ئۈچۈن شىرىنئايسىز تۇرمۇش تۇرمۇش ئەمەس، بىر كۈننىڭ ئۆتمىكىمۇ تەسكە توختايتتى. ئۇنىڭغا بولغان پايانسىز يوق ئامراقلىقنى ھېچكىمدىن يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشتى، تازا ياخشى ئورۇنغا سېلىنىۋاتقان ئولتۇراق ئۆيگە تىزىملىتىپ پۇلا تاپشۇرۇشتى، قىشچە شىرىنئاينىڭ سالامەتلىكى ئوبدان تۇرۇپ بەرسە، يازنى كۆرۈپ ئۆي پۈتۈشكە ئۇلارنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇشتى. مانا ئۆيمۇ، توينىڭ تەييارلىقمۇ پۈتۈپ قالدى. ئەمما شىرىنئاينىڭ كېسىلى بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. نىغمەتنىڭ ئۇنى ئاپارمىغان دوختۇرخانىلىرى قالمىدى، ئۇنىڭدا قىلچە ياخشىلىنىش بولمايۋاتاتتى. ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى بىلەن نىغمەتكە قاراپ تويمايتى، توي ئۈچۈن تەييارلانغان يېڭى ئۆيگە بېرىپ سافادا نىغمەتنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ سائەتلەپ يېتىپ كېتەتتى، دوختۇردىن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقنى بىلگەن بولسىمۇ، نىغمەتنىڭ نەزىرىدە ئۇلار مەڭگۈ مانا مۇشۇنداق ئۆتەتتى، نىغمەتنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپلا بەرسە كېسەللا دېگەن كارى چاغلىق. نىغمەت ئۇنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئېلىشقا تەييار، بىراق ئاشۇ مەسۇم، ناتىۋان قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق قىسمەت نىغمەتنىڭ شېرىن خىياللىرىنى، كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى يۇتۇپ كەتتى، شىرىنئاي ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىيالماسلىق بىلەن تەلمۈرگىنىچە شۇنداق تويۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. دەرد-ئەلەم نىغمەتنى ئەقلى-ھوشىدىن ئايرىغىلى قىل قالدى، تاملارغا ئۇستى، ۋارقىراپ يىغلىدى، كىملەرنىدۇ بىكار-

دىن تىللىدى، ئاخىرى بېرىپ شۈكلەپ كۈن بويى گەپمۇ قىلمايدىغان، ساقاللا-بۇرۇتىنىمۇ ئالماي بىر كىمدە ئۆچى باردەك ھەممە ئادەمگە ھۆمىيىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ مۇسىبەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەن، ئۇنىڭ بارلىق خۇشاللىقىنى، كۈلكىلىرىنى، ئوچۇق-يورۇق، خۇشخۇي مىجەزىنى، قىسقىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇددىكى خۇشاللىققا تەۋە ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

نىغمەت ئۈچ يىلدەك شۇنداق يۈردى، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان نەسىھەتىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى، ئاخىر ئانىسى ئۇنىڭ دەردىدە ئاچچىق يۇتۇپ يېتىپ قالغاندىلا، ئۇ ئانىسىنىڭ رايى بويىچە ئۆزىنى تۈزەپ بۇرۇنقىدەك رەتلىك-پاكىز كىيىپ يۈرىدىغان بولدى ھەم تۇغقانلارغا ۋەدە بېرىپ ئانىسى خۇشاللا بولىدىغانلا ئىش بولسا ئۇلار تاپقان لايىق بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ سائادەت بىلەن تويى بولدى. توي كۈنى ئالدىراشچىلىقتا نىغمەت ھېچقانداق خىياللاردا بولماي ھەممە ئىشلارنى توي قائىدىسى بويىچە چىرايلىق پۈتتۈردى. لېكىن ئەتىسى شىرىنئاي بىلەن تۇتماقچى بولغان ئۆيدە يات بىر ئايالنىڭ ئولتۇرۇشى شۇ قەدەر جەھلىنى قاتۇردىكى، چاچ تاراۋاتقان سائادەت ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى شىرىنئاينى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن قاتىلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ قىز بىلەن توي قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوقلۇقىنى بىلەتتى، بىراق ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىسا، چىرايلىق مۇئامىلە قىلسا كۆڭلىدە شىرىنئايغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك، ئۆيىنىڭ بىر يەرلىرىدىن شېرىنئاي ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئىچ پۇشۇقىنى، ئاچچىقىنى يېنىدا پاي-پېتەك بولۇپ يۈرگەن سائادەتتىن ئالاتتى. ئاردىن ئون يىللارچە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ شىرىنئاينى ئەسلا ئۇنۇتقىنى يوق ئىدى.

ئىدارىسىدىن ئىككى ئايلىق تەربىيىلەش كۇرسىغا بېرىپ، كۇرس ھەققىنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن مالىيە خادىمىنىڭ ئالدىغا كەلگەن نىغمەت بىر تۇتام پۇلنى چاڭگاللاپ مالىيەگە مەسئۇللا چوكانغا قارىغىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شىرىنئاينىڭ ئۆزى تۇراتتى، سۈپسۈزۈك، ئاپپاق يۈز، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاھۇ كۆز، ئالۇچىدەك قىزىل، مېغىزدەك كىچىك لەۋ... ئاھ، ئادەم ئادەمگە شۇنداقمۇ ئوخشارمۇ؟ چىرايلا ئەمەس، ئۇنىڭ نازۇك سىن-سىپاتى، قاراشلىرى، نازاكەتلىك ئولتۇرۇشلىرىدىن تارتىپ نەقەدەر ئوخشىغان-ھە؟! ئۇنىڭغا قاراپ نىغمەتنىڭ كۆزلىرىگە ياش يامراپ كەلدى. ئادەمنىڭ كۆپلىكى، ئارقىدا ئۆچىرەت ساقلاۋاتقانلارنىڭ ئالدىرىتىشى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

كۇرس جەريانىدا ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ھېلىقى چوكان بىلەن تونۇشتى. ئىسمى بېلىقىز بولۇپ، مۇشۇ شەھەردىنكەن. نىغمەت يەنە كوچىلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، بالىسىمۇ يوقلىقىنى، ئۆزى يالغۇز تەنھا ياشايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئايالى تۇرۇپ بىر چوكاننىڭ كەينىگە كىرىۋېلىش نىغمەتنىڭ تەبىئىتىگە يات بولسىمۇ، ئۇ بۇ چوكاننىڭ قىياپىتىدىن، گەپ-سۆزلىرىدىن شىرىنئاينىڭ سىماسىنى كۆرەتتى، كىچىك ۋاقتىدىكى شىرىنئاينى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتكەن ھېلىقى ئايالا يادىغا كېلىپ ،مۇشۇ چوكان شىرىنئاينىڭ بىرەر قانداش تۇغقىنىمىدۇيە دەپ ئويلاپ قالاتتى. بېلىقىز ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئانچە قاچۇرۇپ كەتمەيتتى، نىغمەتمۇ ئۇنى شىرىنئاي دەپلا بىلىدىغان، داۋاملىق ئۇنى كۆرۈشنى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇلار بىر كۈن كۆرۈشمىسە چىداشمايدىغانلاردىن بولۇپ كەتتى.

* * *

ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى بەكمۇ تۇيۇقسىز بولدى. سائادەت قانچىلىك دىل ئازابى تارتمىسۇن چىداپ ئۆي تۇتۇپ كېتىشكە بەلا باغلىغان ئىدى. لېكىن ئۇرۇمچىگە ئىككى ئايلىق كۇرسقا كەتكەن نىغمەت قايتىپ كېلىپلا ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن بۇ نىكاھنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئۆزلىرىنى قىيناشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى، باللارمۇ چوڭ بولغاندا ھامىنى ئۇلارنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىدەك قېلىپلاشقان گەپلەر بىلەن سائادەتنى ئاجرىششقا قىستىشى ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئاجرىشىش توغرا كەلسە ئۇلار بۇرۇنلا ئاجراشسا بولاتتى، مانا ئەمدى چوڭ قىزى ئون تۆت ياشلارغا كىرىپ ئۆز بويلۇق بولغان، ئوغلى ئون ياشلارغا كىرىپ ئاق-قارىنى پەرق ئېتىپ قالغاندا ئاجرىشىمىز دەپ باللارنى يېتىملىك كوچىسىغا تاشلاش بەكمۇ رەھىمسىزلىك بولاتتى. ئۆزىدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلەلمىگەن بىچارە سائادەت ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبىنىمۇ تازا ئېنىق بىلمەيتتى، ئاجرىششنى بولسا ئەسلا خالىمايتتى.

جەمىلەنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى ئۇلارنى ئاللايتەن ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ بۈگۈن كەچتىكى سورۇنغا تەكلىپ قىلدى. دېيىشىچە جەمىلەنىڭ ھەممە دوستلىرىنى ئەر-ئايالى چاقىرىپ مېھمان قىلغۇدەك ھەم شۇ سورۇندا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا جەمىلەدىن ئەپۇ سورىغۇدەك. ئۇ شۇلارنى دەپ ئۇلاردىن جەمىلە بىلەن ياردشىۋېلىشقا خىزمەت ئىشلەپ قويۇشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنۈپ سورىدى. سائادەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلاپ سالغىلى تاس قالدى، جەمىلە ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن كۆپ بەختلىك ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئادەتتە سائادەت بىلەن بىللە بىر يەرگە پەقەتلا بارمايدىغان نىغمەت جەمىلەنىڭ ئېرىنىڭ ئۆزى كېلىپ تەكلىپ قىلىغىنىنىڭ يۈزىنى قىلىپ قالدىمۇ، سائادەت بىلەن بىللە سورۇنغا باردى. ئادەتتە قەتئىي ئىچمەيدىغان نىغمەت تونۇمايدىغان بىرەيلەننىڭ زورى بىلەن كۆپ ئىچىۋېلىپ مەست بولۇپ قالدى. جەمىلەنىڭ ئېرى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىزىقارلىق گەپ بىلەن ئەپۇ سوراپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرىۋەتتى، بىرەيلەننىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن جەمىلەگە ئاتاپ گىتار چېلىپ ناخشىمۇ ئېيتتى، سورۇن ناھايىتى قىزغىن كەيپىيەتتە تولغان ئىدى، ھەممەيلەن جۈپ-جۈپى بىلەن تانسىغا چۈشكەندە ئاياللار ئولتۇرغان ئۈستەلدە سائادەت يالغۇزلا قالدى. ئۇلار ئويناپ بولۇپ تارقىشىغا نىغمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلگە بىرنى مۇشتلىدى. ھەممەيلەن چۆچۈپ قاراشتى، غەرق مەست بولۇپ كەتكەن نىغمەت غەزەپ بىلەن توۋلىماقتا ئىدى:

—نېمىشقا ئۇ يېنىمدا يوق!؟ ھەممە ئادەم ئۆز سۆيگۈنى بىلەن، نېمىشقا مەنلا مۇشۇنداق سۆيگۈنۈمدىن ئايرىلىپ ھەسرەت چېكىمەن؟ ئۇ نېمىشقا كېتىدۇ؟ نېمىشقا مېنى داغدا قويۇپ كېتىدۇ؟ مەن ئۇنى سۆيەتتىم! جېنىمدىن ئارتۇق سۆيەتتىم! مېنىڭ سۆيگىنىم نېمىشقا يېنىمدا يوق؟ نىمىشقا؟ بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل!

غەرق مەست بولغان نىغمەت بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ سۆزلىمەكتە، ئەرلەر ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇشسا، ئاياللار سائادەتكە قاراپ پىچىرلىشىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. ئەلەم ھەم نومۇستىن سائادەت ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالدى، بۇ ئاھانەتكە چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ دەۋرەپ كەلگەن يىغىسىنى توختىتالماي ئاغزىنى ئەتكىنىچە ئايرىمخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

سائادەت ئۆيىگىمۇ قايتماستىن خەلق مەيدا-

نىغا كېلىپ ئۈزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئاچچىق يىغا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئوخچۇپ چىقماقتا ئىدى. نىغمەتكە، ئىككى بالىسىنىڭ دادىسىغا، ئۇن نەچچە يىل خىزمىتىنى قىلغان ئاشۇ ئەرگە شۇ قەدەر نەپرەتلەندىكى، ئەمدى ئۇ ئەر بىلەن بىللە ياشاش ئەمەس، ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كەينىگە سۈرمەي، ئەتىلا ئاجرىشىش نىيىتىگە كەلدى. سائادەت ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرغاندا ئارقىسىدىن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ جەمىلەمۇ كەلدى:

-نىغمەتنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟!- دېدى جەمىلە غەزەپتىن بوغۇلغان ھالدا،- دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا شۇنداقمۇ قىلامدۇ، ئۇنى-بۇنى دېسەڭ ئىشەنمەي يۈرۈپتىمەن، ئادەمگە شۇنداقمۇ ئاھانەت قىلغان بارمۇ! بۇ قېتىم راسا بىر تېتىپ قوي!

-ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى، ئاداش. سەبر قاچامۇ توشتى، ئۇن بەش يىللاردىن بېرى ئۆيدە مەن تارتقان بۇنداق ئاھانەت، كەمسىتىلىش، قورساق كۆپۈكى دېگەنلەرنىڭ سانى يوق. باللارنى دەپ چىداپ كەلگەن ئىدىم، لېكىن بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ماڭا نېمە قىلغان گۇناھىمغا شۇنداق ئاھانەت قىلىدۇ؟ مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ ئۇمۇ كاللىسى ساق بىر ئەقىل ئىگىسىغۇ؟ باشقىنى دېمىگەندىمۇ، مەن دېگەن ئىككى بالىسىنىڭ ئانىسى تۇرسام؟! بولدى، مەن ئەتىلا ئاجرىشىمەن، ئۇنىڭدىن جاق تويدۇم، ھەممىدىن تويدۇم!

سائادەت دېگىنىدەك ئەتىسى ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىگە، سالا-سۆلھىسىگە پىسەنت قىلماي نىغمەتكە تەتۈر قاراپ تۇرۇپ ئاجرىشىپ كەتتى. قىلغانلىرىدىن نومۇس قىلىپ قالدىمۇ، نىغمەتنىڭمۇ بېشى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار قىزى سائادەت بىلەن، ئوغلى دادىسى بىلەن تۇرىدىغانغا كېلىشكەن بولسىمۇ، سائادەت سوتتىن چۈشۈپلا ھەر ئىككى بالىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكەلدى. ئۆلۈپ بېرىشكە رازىكى، باللارنى ئايرىشنى، ئوغلىنى دادىسىغا بېرىۋېتىشنى خالىمايتى. نىغمەتنىڭمۇ ھازىر باش تىققۇدەك ماكانى بولمىغاچقا ئوغلىنى تالاشمىدى. ھېلىقى كۈندىكى ئىشتىن كېيىن نىغمەت تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ ھېكايە قۇلاقتىن قۇلاققا كۆچۈپ، تېخىمۇ كېڭىيىپ، راست-يالغان قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئەلا-ئاغىنە، تونۇش-بىلىشلەر، ھەتتا ئىككى ئۆيدىكى چوڭلارمۇ ئاڭلىدى. نىغمەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نىغمەتنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ كېلىنىدىن كەچۈرۈم سورىغان بولسىمۇ، سائادەتنىڭ مۇزلىغان كۆڭلىنى ھېچنېمە ئېرىتەلمەيتتى. نۇرغۇن ئەرلەر ئۆيدە خوتۇنىنى ئۇرۇپ-دۇمبالىسىمۇ، سىرتتا، ئەلا- ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدا يالغاندىن بولسىمۇ ئىجىل- ئىناق قىياپەتتە يۈرۈشەتتى، بىر ئايالنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ دادىسى تەرىپىدىن شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئاھانەتكە ئۇچرىغىنىنى ئاسانلىقچە ئۇچراتقىلى بولمايتتى. خەقنىڭمۇ كۆزى بار، باشتا غەيۋەت قىلىشقىنى بىلەن سائادەتنىڭ ئالتۇندەك ئېسىل ئايالىقىنى ھەممە ئادەم بىلگەچكە، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ ئىشقا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئاڭلىغانلا ئادەم ئەيىبنى نىغمەتكە ئارتىپ، سائادەتكە ھېسداشلىق قىلىشتى. نىغمەت ئۆزىنى تېخىمۇ يالغۇز، غېرىپ ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىراقلا ھەممە يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ كارى چاغلىق، ئەمدى ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ سۆيۈملۈك مەھبۇبەسىنى تاپىدۇ، مۇزدەك سوغۇق كۆڭۈلسىز ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ، شېرىنئاينىڭ، ياق، شېرىنئاينىڭ مېھرىنى ھېس قىلدۇرىدىغان بېلىقىزىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ يارىلانغان يۈرىكىگە مەلھەم ئىزدەيدۇ. ئۇ شۇ نىيەت بىلەن ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئادۋۇكاتلىق ئىش ئورنىغا ئىستىپاتنامە يېزىپ، خۇددى ئۆگەي ئانى-

سىدىن يامانلىغاندەك، ئۆزىگە ئوڭ كۆزدە قارىـ
مىغان بۇ شەھەردىن ئاغرىنىپ ئوغلىنى ئېلىپ
ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

سائادەتنىڭ غەمكىنلىك، قايغۇرۇش ئۆزىنى
تۆۋەن كۆرۈش پىسخىكىسى تېخىمۇ ئەدەپ
كەتتى. ئاشۇ كۈندىكى سەتچىلىكنى شەھەردىكى
ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك، توي ـ تۆكۈنلەرگىمۇ
بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەكلىك بارالمايتتى. يولدا
ماڭسىمۇ نېمىدىندۇ خۇدۇكسىرەپ، خىزمەتداشـ
لىرى ئۆز ئارا گەپلىشىپ كۈلۈشسىمۇ ئۆزىگە ئېـ
لىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگۈشۈپ كېتىپ باراتتى.
ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى ئوغلىنىڭ دادىسى بىلەن
ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالغىنى بولدى. تاللاغا چىقسا
كىشىلەردىن خۇدۇكسىرەپ يۈرىكى سىقىلاتتى،
ئۆيگە كىرسە چۆلدەرەپ قالغان ئۆيدە تېخىمۇ
غېرىبلىق، مىسكىنلىك ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچاتتى.
ھېلىقى پىسخىك مەسلىھەتچى ئايالال بىلەنمۇ يېقىن
دوستلاردىن بولۇپ قالدى. شۇ ئايالنىڭ دەۋىتى
بىلەن ئۆزىنى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ، روھى
كەيپىياتىنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەتنى باش
چۆكۈرۈپ ئىشلەپ يۈردى. بارا ـ بارا كۆڭۈلـ
سىزلىكلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ جاـ
يىغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئىداـ
رىسىدىكى ئايالال باشلىق ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىـ
رىپ قالدى. ئېسىل كىيىنىپ يۈرىدىغان ھەم
سالاپەتلىك ھەم ئىقتىدارلىق بۇ ئايالدىن ھەمـ
مەيلەن ئەيمىنەتتى، سائادەت باشلىقنىڭ ئىشخاـ
نىسىغا قورۇنۇپقىنە كىردى، ئايالال باشلىق يالغۇز
بولۇپ تولىمۇ قىزغىن ئىدى، ئۇ ئىشكىنى يېپىـ
ۋەتكەندىن كېيىن سائادەتكە:

ـ سىزنى بۈگۈن شەخسى ئىشىم بىلەن ئىزـ
دىدىم، كەچتە بىر ئۇچرىششىم بار ئىدى، بۇ
ئۇچرىشىش ئىدارىمىزنىڭ خىزمىتىگىمۇ مۇناسىـ
ۋەتلىك، ناھىيەدىن بىر نەچچە ئادەم كەلـ
مەكچى ئىدى، ماڭا بۈگۈن كەچتە كەسپتە
پۇختىراق بىر ھەمراھ لازىم، شۇڭا ئىدارىدىن
سىزنى لايىق كۆردۈم، كەچتە تەييارلىقىڭىزنى
قىلىپ ساقلاپ تۇرسىڭىز، شوپۇرۇم سىزنى ئالـ
غىلى بارىدۇ.

ـ مەن؟ قانداق بولار؟ مېنىڭغۇ پەقەتلا سوـ
رۇندارچىلىقىم يوق، دېگەن يېرىڭىزدىن چىقالماي
قالارمەنمىكىن؟ بۇنداق ئىشلارغا ئالىيە، زەمرەـ
لەر مەندىن ياخشىراقمىكىن.

ـ كەچتىكى سورۇن تانسا ئوينايدىغان، ھاراق
ئىچىدىغان سورۇن ئەمەس، كىمنى تاللاشنى
ئۆزۈم ئوبدان بىلىمەن، بۇنى خىزمەت زۆرۈرۈـ
يىتى دەپ چۈشىنىڭ، سائادەت!

ـ ماقۇلا، كەچۈرۈڭ، شۇ مۇھىم سورۇن بولـ
سا ئىشنى بۇزۇپ قويارمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەپ
قالدىم.

سائادەت باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن بېشىغا
تاغ يىقىلىپ قايتىپ چىقتى، كۆڭلى بىسەرەمجان
بولۇپ، خىيالال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
بۇنداق مۇھىم سورۇنغا ئېسىل سۈپەت ئايالال
باشلىقنىڭ ھەمراھ بولۇپ بارغانغا چۈشلۇق تۈـ
زۈكرەك كىيىنمىسە بولماس. سائادەتنىڭ ئۇـ
زۇندىن بېرى كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمىغاچقا، ئۆـ
زىگە كىيىم سېتىۋالمىغىلىمۇ خېلى ئۇزاق بولۇپ
كەتكەن ئىدى. شۇنچە ئويلاپمۇ كەچتە كىيىپ
بارغۇدەك مۇشۇ پەسىلگە لايىق ياخشىراق بىرەر
قۇر كىيىمى ئېسىگە كەلمىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ
شۇنداق بىر ئەسەبىيلىكى تۇتتىكى، ئۆزىمۇ
چۈشەنمەيدىغان بىر خىل جىددىي تۇيغۇدا قىـ
لىۋاتقان خىزمىتىنى تاشلاپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ
ئۇدۇلال بانكىغا بېرىپ نەچچە ۋاقىتالردىن بېرى
ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى ئۈچۈن يىغىپ قويغان
پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ئۇنىڭ باشقا
ئىشالرنى ئويلىغۇسىمۇ يوق ئىدى، شۇنچە ۋاقىتـ
تىن بېرى قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە
قىلىپ ئۆي تۇتۇپ نېمىگە ئېرىشتى؟ ئەمدى يەـ
نە نېمىگە شۇنداق جاپا تارتقۇلۇق؟ ئائىلىسىنى
ئىلللىقلىققا تولدۇرۇش، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى كۆـ

تۇرۇش، ئۇنى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن ئۇ پەلتو
ئېلىپ كىيىشىنىڭ ئورنىغا ئۆيىگە گىلەم ئېلىشنى
لايىق كۆردى. ئاشۇ نەچچە ئېغىز ئۆيىنى كىر-
گەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغۇدەك
چىرايلىق، ئازادە بېزىدى، ئاقىۋەت نېمە بولدى؟
تاشلاندۇق ئايالا بولۇپ، ئاشۇ ياسىداق ئۆيدە
يالغۇز قالدى. بەلكىم ئۆزىگە قارىسا ھالىنى ھارۋا
تارتالمايدىغان، ئۆيىگە كىرسە ئۆيىنىڭ بورىنى
ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ تۇتقان يولى،
مەنتىقىسى توغرىدۇ؟ سائادەت شۇنداق خى-
ياللارنى قىلغىنىچە داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى
ساتىدىغان سودا سارىيى ئالدىغا كەلدى. ئۆزىگە
يارىغان كۆڭلەك بىلەن ئاياغنى باھاسىغا قورس-
قى ئاغرىمايلا رازىمەنلىك بىلەن سېتىۋالدى،
سومكىمۇ ئالدى، يەنە چېچىنىمۇ بويىتىۋالدى.

كەچتە قىزىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىپ
تەييارلىققا چۈشتى، كۆڭلەك يارىشىملىق ياسال-
غان چېچى بىلەن بەكمۇ ياراشقان ئىدى، بۈ-
گۈنگە كەلگەندىلا ئۇ ئاياللار ئۈچۈن ياسىنىشنىڭ
روھىي كەيپىياتقا بولغان رولىنىڭ نەقەدەر مۇ-
ھىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇ باشلىق بىلەن كۆرۈشكەندە باشلىق ئۇ-
نىڭ تۇرقىغا قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈم-
سىرەپ قويدى. ئىككىسى رېستورانىنىڭ ئايرىمخا-
نىسىغا سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلگەندە، ئاي-
رىمخانىدا ئولتۇرغان تۆت ئەر ھۆرمەت بىلەن
ئورنىدىن تۇرۇشتى. ھودۇقۇپ پۇتلىرى تىترەپ
كېتىپ بارغان سائادەت ئولتۇرغانلارغا مۇنداقلا
قاراپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئاجايىپ تونۇش
بىر جۈپ كۆز بىلەن قارىشىپ قالدى.

ـ سائادەت؟ خاتا كۆرمىگەندىمەن؟

ـ تاھىر، تىنچلىقمۇ؟

ئۇلار بىر ھازا گەپ قىلالماي قارىشىپ قال-
دى. ئۇنىڭسىزمۇ جىددىيلىشىپ تۇرغان سائادەت
بۇ تاسادىپىيلىقتىن تېخىمۇ گاڭگىراپ ئوڭايسىز-
لىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ـ بىز دېگەن ئالىي مەكتەپتە بەش يىل بىر
سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشمىز،ـ دېدى تاھىر
ئولتۇرغانلارغا،ـ قانداق كۆرۈشەرمەن دەپ بې-
شىم قېتىپ تۇراتتى، مۇشكۈلۈم ئاسان بولدى.

سورۇن كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن تەبىئىيلا
باشلىنىپ كەتتى، باشلىق توغرا دەپتىكەن،
ھېچكىم ھاراق ئىچىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلمىدى،
پەقەت كەلگەنلەر ئىچىدىكى ھۆرمەتتە چوڭ كۆ-
رۈنگەن بىرى سائادەتنىڭ باشلىقى بىلەن
قانداقتۇ يەر توختام، ھۆددىگەرلىكنىڭ گېپىگە
چۈشۈپ كەتتى، بۇ ئىشنىڭ باشلىقى بىلەن نې-
مە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى سائادەت بىلمىسىمۇ،
لېكىن دېيىلگەن گەپلەر ئۇنىڭ خىزمەت دائىرى-
سىدىكى ئىشلار بولغاچقا، نۆۋىتىدە ئانچە-مۇنچە
گەپ قىستۇرۇپ ئولتۇردى. تاھىر ئورنىدىن
قوزغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۇ-
نىڭ يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك گۈپۈلدەپ
سوقۇپ كەتتى. تاھىر ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە
تۆت يىل يۈرگەن سۆيگىنى ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا
ئۇ مۇشۇ يىگىتنى قاڭغىر قاخشىتىپ تۇرۇپ
نىغمەتكە تېگىۋالغان، ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ
كۆرۈشمىدى، تاھىرنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى
نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىنى سائادەت زىنھار
بىلمەيتتى، ھازىر ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئورۇق،
ياۋاش، خىجىلچان تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.
تەن قويۇپ سەمرىپ باشقىچە ئىسكەتكە كىرىپ
قاپتۇ. بايا تېخى بىرەيلەن: «تاھىر جۈجاڭغا ئە-
مەلا ياراشتى جۇمۇ» دېگەندەك قىلىۋاتىدۇ، قا-
رىغاندا جۈجاڭ ئوخشايدۇ، نېمىلا بولۇپ كەتسە
كېتەر، نېمشقا بۈگۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن
كۆرۈشۈپ قالغاندىمەن؟ بۇ شەھەردە ئۇزاقراق
تۇرسا باشقا ساۋاقداشلار بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ،
جەمىلەنىڭ چېپىدىكى ھېلىقى سەتچىلىكنى،
ئاجرىشىپ كەتكىنىمنى ئاڭلىسا تازا بىر كۈلۈپ
يۇخادىن چىقار...

شۇلارنى ئويلىغان سائادەت ئەلەم بىلەن

خۇرسىنىپ بېشىنى بىر كۆتۈرىۋىدى، تاھىرنىڭ ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېنىدىلا كۆرۈپ نەگە قاراپ قانداق تۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. يىللار، تاھىرنىڭ سائادەتكە نامەلۇم كەچۈرمىشلىرى تاھىرنىڭ سىرتقى قىياپىتىنىلا ئەمەس، مىجەز-خاراكتېرىنىمۇ ئاجايىپ ئۆزگەرتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ سائادەتنىڭ يېنىدا ھودۇقۇپ-تەمتىرەپ تۇرىدىغان خىجىلچان، ياۋاش يىگىت ئەمەس ئىدى. ئازراق مەجلىس خاراكتېرىنى ئالغان سورۇن بىر دەمدىلا ئاياغلاشتى. سائادەتنى تاھىر ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. ئۇلار ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ساۋاقداش بولغاچقا، ھېچكىم باشقىچە ئويلانمىدى. تاھىر سىرتقا چىقىپ ئېسىل قارا ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئەكەلدى. سائادەت ئۈن-تىنسىز ماشىنىغا چىقتى.

-ئۆيۈم ئاۋۇ يېڭى مەھەللىنىڭ...

-بىلىمەن،- دېدى تاھىر،- باشقا يەرگە ئېلىپ قېچىپ كەتمەيمەن، تېخى بالدۇرغۇ؟ سورۇندا گەپلەشكۈدەكمۇ بولمىدۇق، ئۇزۇن يىل كۆرۈشمەي ئۇچراشقاندا، دۈشمەنلەرمۇ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىدىغۇ؟ بىز دېگەن كونا ساۋاقداش، ئازراق ئەھۋاللاشساق بولار؟

-ئەلۋەتتە، ئوبدان كەپسەن، شەرىپىڭگە چوقۇم سورۇن ھازىرلاپ ياخشى كۈتۈۋالىمىز، شۇ چاغدا پاراڭلاشىدىغان پۇرسەت چىقىدۇ، ئەمما ھازىر ئۆيۈمگە كېتەي. تاھىر، مېنى تەڭلىك قىلما.

تاھىر گەپ-سۆز قىلماي ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋەردى، ئارىدىن شۇنچە ۋاقىتلار، شۇنچە كۆپ ئىشلار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا يەنىلا بىللە تۇرغاندا ھېس قىلغىلى بولىدىغان بىر خىل يېقىنلىق بار ئىدى، شۇ تاپتا تاھىر ماشىنىنى باشقا ياققا ھەيدەپ كېتىپ بارسىمۇ، سائادەتتە قورقۇش، ئەنسىرەش دەيدىغان تۇيغۇلار يوق، خاتىرجەم كېتىپ باراتتى. بەرىبىر بولغان ئىش شۇنداق بولدى، تاھىر ئاڭلاپ بولسا مازاق قىلسۇن، كۈلۈپ پۇخادىن چىقسۇن، نېمىلا قىلسا ئۆزۈمگىمۇ ئاز، دەپ ئويلايتتى. ماشىنا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئازادە، كەڭ يولىدا سىلىق كېتىپ باراتتى.

-نەگە ماڭدۇق؟- دېدى سائادەت،- مېنىڭ بۇ كەچتە خەققە سەن بىلەن كۆرۈنگۈم يوق.

-بىزنى ھېچكىم تونۇمايدىغان يەرگە. نېمە ئويلايدىغىنىڭنى ياخشى بىلىمەن، بىردەم بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەت، مۇشۇنداق گۈزەل كېچىدە ئايرىم بىردەم پاراڭلىشىۋالساق نېمە بولىدۇ؟ ئارىمىزدا نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن دىلكىشىم يەنىلا سەن. ئۆز ۋاقتىدا ئايرىلىپ كېتەرمىز، دەپ كىم ئويلىغان؟ ئەنە ئايرىلىپ كەتتۇق، نۇرغۇن گۈزەللا ئەسلىمىلىرىمىز قالدى، كىم بىلىدۇ، بىزگە مۇشۇنداق بىر پاراڭلىشىش پۇرسىتى مەڭگۈ كەلمەس. شۇڭا ئاران بىر پۇرسەت كەلگەندە قەدرىلەيلى، ھېچ بولمىسا يەنە بىر ئەسلىمىمىز بولۇپ قاللار.

-قارىسام خېلى چوڭ بولۇپ، سالماقلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىۋىدىڭ، بىزگە مۇشۇ يېشىمىزدا ئاشۇنداق گەپلەر يارىشامدۇ تاھىر؟

-ياراشمىسىمۇ مەيلى، بۈگۈن مەن ياشلىقىمغا قايتىپ، دەردىمنى تۆكۈۋالاي.

-دەردىڭ باردەكمۇ ئەمەس، ئەتراپىڭدا ئادەملەر تا جۈجاڭ دەپ خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىكەن، ماشىناڭمۇ ئېسىلكەن، بەلكىم چىرايلىق خوتۇنۇڭ، ئوماق باللىرىڭ باردۇر، ساڭا يەنە نېمە كەم؟

تاھىر ماشىنىنى سائادەت مۇشۇ شەھەرلىك تۇرۇپ كېلىپمۇ باقمىغان ئاجايىپ كەڭرى بىر باغچا ئىچىگە ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى.

-بۇ قايەر؟- دەپ سورىدى سائادەت.

-سەن بىلمىسەڭ مەن بىلەتتىممۇ؟ مەن چۈشكەن مېھمانخانا ئاۋۇ شۇ، ئاخشام ئاشۇ مېھ-

مانخاننىڭ ئون ئىككىنجى قەۋىتىدىكى ياتىقىم-
نىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ بۇ يەرنى كۆرگەن
ھەم پۇرسەت بولسا ئاۋۇ ئورۇندۇقتا سەن بىلەن
ئولتۇرۇپ پاراڭلىششنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم،
بىردەم ئولتۇرايلى.

سائادەت قىز چاغلىرىدەك ئۇنىڭغا ئاچچىق
بىلەن قىيىداپ قاراپ قويۇپ، ئورۇندۇققا كې-
لىپ ئولتۇردى، تاھىر ماشىنا ئارقىسىدىن ئىچىم-
لىك سۇ قۇتىلىرىنى ئالدى. سائادەت:«نېمىشقا
ئۇنىڭ كەينىدىن بۇ يەرگە كەلدىم؟ نېمىشقا بۇ
يەردە ئولتۇرىمەن؟» دەپ ئۆز ئۆزىنى ئەيىبلەپ
ئولتۇرسىمۇ، لېكىن پاراڭلىششنى ئۆزىنىڭمۇ
خالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

-كىم بىلەن توي قىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى
سائادەت، - نەچچە بالاڭ بار؟

-زۇمرەت بىلەن، لېكىن كېلەر ھەپتە سوت-
تىن ئاجرىشىش ھۆكۈمنامىمىز چىقىدۇ. بىلەم-
سەن، يۇقىرىدىن مېنىڭ خىزمىتىمنى مۇشۇ
شەھەرگە يۆتكىمەكچى، ئاۋۇللا ئاجرىشىش ئې-
شىمنى ھەللا قىلىۋېلىپ ئوغلۇمنى ئېلىپ كېلى-
مەن.

زۇمرەت سائادەتلەرنىڭ تاھىر بىلەن بىر
يۇرتلۇق ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇ تاھىرنى مەكتەپ-
تىكى چاغدىلا شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى،
تاھىر سائادەت بىلەن يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار-
نىڭ ئارىسىغا كۆپ سوغۇقچىلىق سالغان، سائا-
دەتنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئۆسەك گەپ تارقىتىپ
بەكمۇ ئەلەم قىلغان ئىدى.

-ئاخىرى تېپىشىپتىكەنسىلەرغۇ؟- دېدى سا-
ئادەت ھەيران بولۇپ.

- شۇ چاغدا كىمنىلا ئالسام ئوخشاش ئىدى،
سېنىڭ ئەلمىڭدە خېلى ئۇزۇن ئاچچىق يۇتۇپ
يۈردۈم، شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم دې-
گەن، ئۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدىكەن، ھامان ئۆيى-
لىنىدىغان ئىشكەن، شۇڭا ئالدىمغا كەلگەننىلا
ئالدىم. سەنچۇ؟ ئاڭلىسام ئاجرىشىپ كېتىپ-
سەن؟

-شۇنى يۇزۇمگە سالغىلى ئالدىراپ كەتتىڭ-
مۇ؟ ھەئە، بەختسىز بولۇپ قالدىم، ئېرىم تاشلاپ
كېتىپ يىغلاپ قالدىم، ساڭا قىلغانلىرىمغا مىڭ
پۇشايمان قىلدىم. سەن مۇشۇ گەپنى ئاڭلىماق-
چى ئىدىڭغۇ دەيمەن.

-ئاجراشقان بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ مېنىڭ بې-
شىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتتى.
توغرا چۈشەنمەيدىغان نېمە ئىش بار؟ ئەينى
چاغدىكى سېنىڭ قىلغىنىڭ ئۈچۈنمۇ رەنجىمەي-
مەن، ھازىر ھېچنېمىنى ئويلىغۇم يوق، پەقەت
يېنىمدا سېنىڭ بولغىنىڭ، مۇشۇ ئولتۇرغىنىمىز-
نىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق.

ھەر ئىككىسى گەپ قىلماي بىر ھازا ئولتۇر-
دى، سائادەتنىڭ غەمكىنلىكى، چۈشىنىكسىز
كۆڭۈلا غەشلىكلىرى ئاستا-ئاستا تارقاپ كې-
تىۋاتاتتى. تاھىرنىڭ ھەر بىر قاراشلىرى، ھەر
بىر گەپلىرى سائادەتنىڭ قاغجىرىغان قەلب ئې-
تىزىغا تامچە-تامچە بولۇپ سىڭمەكتە ئىدى،
ھەر ئىككىسىنىڭ بۇنىڭدىن ئوشۇق گەپنى قىل-
غۇسى يوق، خۇددى ئىنتايىن لەرزان بىر كۈينى
بېرىلىپ ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك، ئۈن-
تىنسىز، ئەمما شېرىن بىر خىل تۇيغۇدا ئولتۇ-
رۇشاتتى.

-مەن كېتەي،- دېدى سائادەت،- دەردىڭ-
نىمۇ تۆكمىگىن، ھەر ئىككىمىز دەردىمىزنى ئې-
چىمىزگە يۇتۇۋېتەيلى، بۇندىن كېيىن مېنىمۇ
ئىزدىمە، بەلكىم ساۋاقداشلار يىغىلىپ كۆ-
تۈۋالارمىز، ئايرىم كۆرۈشمەيلى.

-ياق، بۇ كۆرۈششىمىزنىڭ باشلىنىشى،
بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئىزدەيمەن، ئاجرىشىش
ھۆكۈمنامىسىنى قولۇمغا ئالسام بىرىنچى قىلىدى-
غان ئىشىم بەلكىم ساڭا توي تەكلىپى قويار-
مەن. مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بوشاڭلىقىم،
ياۋاشلىقىم ھەر ئىككىمىزنى بەختسىز قىلدى،
ھاياتنىڭ ماڭا ئىككىنجى قېتىم ئاتا قىلغان

پۈرستىنى چوقۇم قەدىرلەيمەن.

- سىنىڭچە مۇمكىنمۇ؟

- ئۆزىمىزگە باغلىق، مېنىڭچە تامامەن مۇمكىن.

- ئەمدى بولار، سىنىڭ ياشلىقىڭغا قايتىۋېلىشىڭ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، مەن ماڭاي، ئاپىرىپ قويمىساڭمۇ بولىدۇ، تاكسى توسۇپ كېتىمەن.

- مۇشۇ يەردىن سىنى تاكسىغا چىقىرىپ قويمەنمۇ؟ سورۇندا بىرەر قولا تانسا ئويناپ قالغان ئاياللارنىمۇ ئاپىرىپ قويۇش يولىمىز بارغۇ؟ ماشىنىدا يېنىمدا سىنى كۆرۈپ مېڭىشنى مۇشۇ ماشىنىنى ئالغاندىلا ئارزۇلىغان ئىدىم.

سائادەت كۈلۈپ قويدى، تارتىنىشمايلا ماشىنىغا چىقتى، تاھىر مۇزىكىنى قويدى، ئالدىن تەييارلانغانمۇ ئەتىمالىم ئابدۇللا ئابدۇرەھىمنىڭ «تۇنجى مۇھەببەت» دېگەن ناخشىسى ياڭرىدى. باياتىن بېرى زورۇقۇپ سوغۇققان، تەمكىن بولۇۋالغان سائادەتنىڭ توساتتىن كۆز ياشلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن دەۋرەپ كېلىپ توختىتالمايلا قالدى، ئاخىر يىغىسىنى ئەركىن قويۇۋەتتى، تاھىرمۇ ماشىنا ئالدىدىن بىر خۇشپۇراق قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

* * *

سەھەردە كۆزىنى ئاچقان سائادەت كۆڭلىدىكى بارلىق پەرىشانلىق تۇمانلىرى تارقاپ، ئاجايىپ بەختىيارلىق تۇيغۇسىنىڭ دېرىزە يوچۇقلىرىدىن كىرگەن سەلكىن باھار شاماللىرىدەك، ئازابتىن سىقىلغان قەلبىنىڭ قات-قېتىنى سىپاپ ئۆتۈۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇنداق تۇيغۇلارنى قاچانلاردا ھېس قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى، سەبىي چاغلىرىدا مەكتەپتىن يازلىق لاگىرغا ئېلىپ چىقىدىغان كۈنى شۇ يېشىغىچە ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغان سائادەت ئەتىگەن قوپۇپلا ئاجايىپ بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆ-مۆلگەن، خۇشاللىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي ئاغزىنى يۇمالمايلا قالغان ئىدى. يەنە ئالىي مەكتەپكە كېلىپ ياتاقتا ئورۇنلىشىپ كارۋىتىدا تۇنجى ياتقاندىمۇ شۇنداق تۇيغۇلاردا بولغان، تاھىر ئۆزىگە سۆيگۈ ئىزھارقىلغان كۈنى، يەنە تۇنجى قېتىم باغچىدا قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆيۈۋالغاندىمۇ شۇنداق تۇيغۇلاردا بولغان ئىدى. توي قىلغان ئون نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇ بۇ تۇيغۇلىرىنى يۈتتۈرۈپ قويدى، نۇرغۇن سەھەرلەرنى كېچىچە ئۇيقۇسىز، ئازاب-ھەسرەت بىلەن كۈتۈۋالدى، يۈرىكىدىكى ئازاب چىرايىغا تېپىپ چىقىپ، گۈزەللا رۇخسارى ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق تۈس ئالدى. تاتلىق ئەسلىمىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈلدى، ئەجەبا بۈگۈن؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كەلدى، ئۆزىگە ئوبدانراق سەپسېلىپ باقمىغىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ. بۇرۇنقىدىن ئورۇقلاپ ۋىجىكلەپ كەتكەن، كۆزلىرى ئەتراپىغا بىلىنەرلىك قورۇقلار يامرىغان، كۆزلىرىدىكى ياشلىق جىلۋىلەر ئۆچكەن، مۇھىمى ئۇزۇن يىللىق ئەر-ئاياللىق سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن مەھرۇم ياشاش، ئېرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىش، ئېتىۋارسىز قاراشلاردىن ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئىدى. سەپسېلىپ قاراپ ئۇ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن خۇددى قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقتىن تۇيۇقسىز سۇ سىرغىپ چىققاندەك شوخ جىلۋىلەرنىڭ ئوخچۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى، لەۋلىرىدە، جاۋغايلىرىدىمۇ كۈلكە يامراپ، ئۇنتۇپ قالغان زىناقلىرىنىڭ قايتىدىن ئىشقا كىرىشكەن زاپچاستەك ئۆز رولىنى كۆرسىتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ھەي، ئادەم دېگەن مۇشۇ ياشتىمۇ مۇھەببەتتىن خۇدىنى يوقىتىپ يۈرسە ھە! سائادەت ئۆزىنىڭ غەمكىنلىك، قايغۇرۇش كېسەللىكىنىڭ دورىسىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى. تا-

هرنىڭ ئاجرىشىش ھۆكۈمنامىسى چىققان بولسىمۇ، لېكىن زۇمرەت ئوتتۇرا سوتقا نارازىلىق ئەرزى بەرگەچكە، ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولمىغان، دېلو قايتىدىن سوت قىلىنىش باسقۇچىدا ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاھىر ئوغلىنى ئېلىپ بۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولدى. تاھىر راستىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى سائادەت بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلگەندەك ئىدى.

ئارىدىن نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، سائادەت دەسلەپ مۇھەببەتلىك كۈنلىرى باشلانغاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغاندەك، بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەتتىن بەھرىمان بولۇپ، ئازاب-ھەسرەتلەردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلغان ئىدى. بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ ئازابلىق تۇيغۇلاردىن يەنىلا خالىي بولالمىدى، نېمىشقىدۇر ئۇ مەھرۇم قالغان نەرسىگە ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كېلەلمىگەن، مەھرۇم قالغان نەرسىسى شۇ پېتى يوقالغاندەك بولۇپ قالغان ئىدى، ئون ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق ئەقىل كىرمىگەن ئوغلىنىڭ ئۇرغان تېلېفونى ئۇنىڭغا تولىمۇ زەربە بولدى. بىر كۈنى ئوغلىنى كۆرگۈسى كېلىپ پەقەتلا چىدىيالمىغان سائادەت ئاخىر نىغمەتكە تېلېفون قىلىپ، ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆتۈندى، تېلېفوندىن ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سائادەتنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

-ئاپا،-دېدى نادان ئوغۇللا،- بىلىقىز ئاپاش سېنىڭدىنمۇ ياخشى ئىكەن، ماڭا كۈندە كىنتاكىنىڭ توخۇ پاچىقىنى ئېلىپ بېرىدۇ، تەييار چۆپ يەيمەن دېسەم بىر يەشىك ئېلىپ بەردى، سەن يىگىلى قويمايتتىڭغۇ؟

سائادەت تېلېفوننى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى، ئېسىگە كەلگەندە بولسا نىغمەتنىڭ تېلېفونى قويىۋېتىلگەن ئىدى. گەرچە كىچىك بالىنىڭ گېپى بولسىمۇ، لېكىن ئەجىر قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىپ شۇنچە ياشقا كىرگۈزگەن ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا يۈرىكىگە پىچاق ئۇرغاندەك بىلىندى. شۇ كۈنى ئۇ تاھىر بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ ئىشنى دەپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. تاھىر گەرچە ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىمۇ بۇ يەردە ئەمەستەك تۇراتتى. پىغانى بىر ئاز پەسەيگەن سائادەت ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەيپسىز بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدى:

-قىزىمنى ئويلاپ قالدىم،- دېدى تاھىر ئويلىمىغان يەردىن،-قىزىم سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى، لېكىن ئۇ كىچىكىدە قاتتىق بىر قىزىپ كەتكەن بىلەن شۇ ياتقانچە قوپالماي پالەچ بولۇپ قالدى. بولمىسا ئۇنىڭ ئايىغى چىققان، نەچچە قەدەم ماڭالايدىغان بولغان ئىدى. ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن قىلمىغان چارە-ئاماللار قالمىدى، لېكىن ئۈنۈمى بولمىدى، قىزىم ماڭا بەك ئامراق ئىدى، ئاخشام ئۇ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ئەتىگەندىن بېرى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا قالدى، بېچارە قىزىم مېنى قانچە سېغىنغاندۇ؟

-نىكاھدىن ئاجرىشىش مەسىلىسىدە بەك يېنىكلىك قىلدىڭمۇ قانداق؟ بالا كېسەللا تۇرسا، ئۇ ئازاب يەتمىگەندەك ئۇنى يېتىم قىلىشىڭ بەكلا ئېشىپ كېتىپتۇ، مەيلى ئائىلەڭدىن قانچىلىك سوۋۇپ، كەت قىزىڭنى ئويلىشىڭ كېرەك ئىدى.

- قىزىمنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا زۇمرەت سەۋەبچى،- دېدى تاھىر،- مەن شۇ كۈنى باشقا ناھىيەگە يىغىنغا كەتكەن ئىدىم، بالىنى بالا باققۇچىغا قارىتىپ قويۇپ چايغا كېتىپتۇ، بالا قىزىپ كېتىپ بالا باققۇچى ئون قېتىمدەك تېلېفون قىلسىمۇ زۇمرەت ئاڭلىماپتۇ، ئاخىر بالا باققۇچى قوشنىلارغا دەپ، قوشنىلار دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ، قوشنىلار كىرگەندە قىزىم ھوشسىز ھالەتتە ياتقان ئىكەن.

ـبۇنى پۇتـۇنلەي زۇمرەتـتىن كۆرگـىلـمـۇ بولماس، ئۇمۇ ئۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغان-دە، ئايالى كىشى دېگەن چايغا بارمايمەن دېگىلى بولمايدۇ.

ـسەن بىزنىڭ ناھىيەدىكى چايخۇمار خوتۇنلارنىڭ قىزغىنلىقىنى كۆرسەڭ ياقاڭنى تۇتىسەن، چايخۇمارلىق شۇنچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتىكى، ئىشەنسەڭ-ئىشەنمىسەڭ زۇمرەت شۇلارنىڭ باشلامچىسى، تەشكىللىگۈچىسى، ھەممە بولغۇلۇق باللارغا بولدى، مەن خىزمىتىم ئالدىراش دەپ يۈرۈپتىمەن، زۇمرەت چايلارنى تەشكىللەپ مەندىن ئالدىراش يۈرۈپتۇ، قىزىمىز شۇنداق بولدى، مانا ئوغلۇمنى كەچكىچە يۇتۇپ كېتىپ تورخانىدىن تۇتـۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇگۈنۈش ئەھۋالدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، گەپ قىلسام تېخى گېپى مېنىڭدىن يوغان. تۇتقان ئۆيۈڭنى، قىزىڭنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، نېمە دېگەن ياخشى ئوقۇغان، بالىلىرىڭنى ياخشى تەربىيەلەپسەن. ئائىلىگە، باللارغا ئىخلاس قىلغان ئايالنىڭ تۇتقان ئۆيىمۇ، تەربىيەلىگەن باللىرىمۇ باشقىچە بولىدىكەن، شۇ ئىخلاسىڭدىن ئوغلۇم ئىككىمىزمۇ بەھرىمان بولالارمىزمۇ؟

تاھىر سائادەتنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، ئۇنىڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويغان سائادەت تەگسىز خىياللارغا غەرق بولدى.

تاھىر ئۇرۇمچىگە بىر ھەپتىلىك يىغىنغا بارىدىغان بولۇپ قالدى، ئوغلىنى قويىدىغان يەر يوق، يالغۇز تۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالماي ئاخىر سائادەتنىڭ ئۆيىدە تاھىر كەلگىچە تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. ئەرافات ئىسمىلىك تاھىرغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بۇ ئوغۇلا گەرچە سائادەتنىڭ قىزىدىن بىر ياش كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئېگىز، بەستلىك ئىدى. يات ئۆيدە تارتىنىش، قورۇنۇش دېگەندىن ئەسەر يوق. دادىسى ماڭغاندىن كېيىنلا تېلېفون ئۇرۇپ نەدىندۇ ئىككى ئاغىينىسىنى چاقىرىپ كەلدى ھەم سائادەتكە بۇيرۇپ توخۇ قورۇمىسى يەيدىغىنىنى ئۇقتۇردى. سائادەتنىڭ قىزى چەتتىكى ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ چىقمايلا قويدى، سائادەت ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ كومپيوتېردا تور ئويۇنى ئويناۋاتقان ئوغۇللارغا دەممۇ-دەم پەسەرەك ئاۋازدا گەپ قىلىشنى تاپىلىغاچ تاماقنى تۇتۇندى. بازارغا بېرىپ توخۇ گۆشى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار تاماقنى يەپ ئاغىينىلىرى ئۇزاپ ماڭغاندا ئۆي ئوڭتەي-توڭتەي بولۇپ كەتكەن، ئەرافات ئۇزۇن سافادا سوزۇلۇپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە چۈشكەن ئىدى.

بىر ھەپتە شۇنچىلىك تەستە ئۆتتىكى، سائادەت ئىككى بالىنى چوڭ قىلغۇچە ئۇنچىلىك خاپىچىلىق تارتىپ باقمىغان ئىدى. ئارىلىقتا نەچچە قېتىم كېچىدە تورخانىلاردا بالا ئىزدەپ يۈردى. ئىككى قېتىم سائادەتنىڭ يانچۇقىدىن پۇلا يۇتتى، ئاخىر تاھىر ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ تېلېفون ئۇرغىنىدا سائادەت يېنىككىنە تىندى. بىراق ئۆزىنىڭ تاھىر بىلەن توي قىلىشقا ماقۇلا بولغانلىقىنى، توي قىلىپ قالسا مۇشۇ ئوغۇلغا ئانا بولىدىغىنىنى ئويلىسا تېنىنى تىترەك باساتتى. ئۇنى بۇگۈنلا دادىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئويلىسىمۇ، تاھىر ئېغىز ئاچقاندىراق ئاپىراي دەپ ئويلىغان سائادەت قىزىنى شەنبىلىك كۇرسقا ماڭدۇرىۋېتىپ تاھىر بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگىلى باردى. ھاۋانىڭ شۇ قەدەر تەرى سەت ئىدىكى، توپا ئارىلاش بوران چىقىپ، ھاۋادا ئەخلەت-چاۋالار ئۇچۇپ يۈرەتتى. بوراندا كۆزىنىمۇ ئاچالمايۋاتقان سائادەت قىزىغا تېلېفون قىلىپ كۇرسقا بارماي يېنىپ كېلىشنى تاپىلاپ، تاھىرنىڭ ئەرافاتنى ئېلىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ تاھىرنىڭ يېنىغا باردى. تاھىر ئىجارە ئالغان ئۆيدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى:

ـئوغلۇڭغا كۆنۈپ قالغۇدەكسەنمۇ؟ ئۇ سېنى خېلىلا قاخشاتتىغۇ دەيمەن، تەربىيەسىز چوڭ

بولۇپ قالدى، بارا- بارا ئۇگۈشلىپ كېتەر.
سائادەت ئەرافات ئۇستىدىن ئىككى ئېغىز داتلىماقچى بولغانتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇتۇۋەتتى.

-قارا، ساڭا شارپا ئالدىم،- دېدى تاھىر سومكىدىن يېشىل رەڭلىك نەپىس شارپىنى چىقىرىپ،- مودا تەتقىقاتچىسى تاللاپ بەرگەن شارپا جۇمۇ، يېشىللىق دېگەن باھارنىڭ ئەلچىسى، ھاياتىمىزنىڭ جۇتى كېتىپ باھارى كېلىش ئالدىدا، كېلە بۇ شارپىنى ساڭا ئارتىپ قوياي.

تاھىر شارپىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويدى، تاھىر ئالىي مەكتەپتىكى مۇھەببەتلىشۋاتقان چاغلىرىغا ئوخشاپ قېلىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقمايۋاتاتتى، ئۇنداق بولۇۋالغىلى تېخى بولمايتتى، تاھىر كۆڭلىدە ئازراق ئىشى بارلىقىنى، ئەرافاتنى كەچتە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، سائادەتمۇ خوشلىشىپ ماڭدى. توپا بېسىققان، يەنىلا كۆچلۈك بوران چىقىۋاتاتتى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەن سائادەت ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، قىزى بوراندا مۇكچەيگىنىچە ئىشك ئالدىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ سائادەتنى كۆرۈپلا پاگىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاجىز، ئورۇق يەلكىلىرى كۆچلۈك ئېسەدەشتىن سىلكىنەتتى.

-نېمە بولدىڭىز قىزىم؟ نېمىشقا ئۆيگە كىرمەي سوغۇقتا بۇ يەردە ئولتۇرىسىز؟

-ئۆيگە كىرگىلى بولسا كىرەرمەن، ئەرافات دېگەننىڭ يەنە ھېلىقى سارىڭ سۆيەت ئاغىنىلىرى كەلدى، ئۇلار مېھمانخانا ئۆيدە سېرىق پىلاستىنكا كۆرۈۋاتىدۇ، مەن ئۇقماي ھۇجرامغا سومكامنى قويغىلى كىرسەم، بىر ئاغىنىسى ئارقامدىن كىرىپ:«مايكاڭنىڭ ئالدىنى ئېچىپ باقە، بىر كۆرۈۋالاي» دەيدۇ، ئاران قېچىپ چىقتىم، ئەتىنىڭ دەرسلىكلىرى لازىم ئىدى، شۇنى ئالالماي ئولتۇردۇم. ئاپا، مېنى نېمىشقا ئويلىمايسىز؟ ئۇكامىمۇ يىغلاپ تېلېفون قىپتۇ، دادام ئىككىڭلار نېمە كويدا؟ بولدى، ئاشۇ ئەرافاتنى باللا قىلىۋېلىڭ ! مەن چوڭ ئۆيگە كېتەي!

غەزەپلەنگەن سائادەت ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئاچقۇچنى تولغاپ ئۆيگە كىرىشكە سافادا سوزۇلۇپ ياتقان ئەرافات ھودۇقۇپ كېتىپ تىزگىنەكنى تاپالماي قالدى، ئۇ تېلېۋىزورنىڭ كونۇپكىسىنى ئالدىراپ بېسىشتىن ئىلگىرى سائادەت ئېكراندىكى قېلىپتىن چىققان ئۇياتسىز كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ قالدى.

-ئۆيۈمدىن چىقىش!- دېدى سائادەت غەزەپ بىلەن،- ھۇ ئۇياتسىز لۈكچەكلەر، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ مۇشۇنى كۆرۈشىۋاتامسەن! ئەرافات! گەپ قىلمىسام نېمە ھەددىڭدىن ئاشىسەن! ساڭا ئايرىم گېپىم بار، ماۋۇ لۈكچەكلىرىڭنى كۆزدىن يوقات!

-ئاغىنىلىرىمنى تىللىما،- دېدى ئەرافات كۆكەرمىلىك بىلەن،-بىزنى لۈكچەك دەيسىنا تېخى! سەن نېمە؟ ئۆزۈڭ دادامنى ئازدۇرۇپ، بىزنى يېتىم قىلدىڭ. ئەسكىلىكىڭدىن ئېرىڭ تاشلاپ كەتكەن نېمىكەنسەن، مەنلا بولىدىكەنمەن، دادامغا تېگىمەن دەپ خام خىيالا قىلما!

-يوقاللا ساقلاندى شۇم! -سائادەت ئۇنىڭ گېپىگە تاقەت قىلالمىدى،-كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! مەندىن تېپىك يېيىشتىن بۇرۇن ئۆيدىن چىق!

ئۇلار بۇ ماجرانى قېتىغا ئېلىپ قويماي پەرۋاسىز چىقىپ كېتىشتى. سائادەت يەردىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئارقىسىدىن كىرگەن قىزىغا ئېسىلىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. نېملا بولمىسۇن تاھىرغا ھەرگىزمۇ تەگمەسلىك نىيىتىگە كەلگەن ئىدى، ئۇ قىزىنىڭ ئەتىكى دەرسلىكلىرىنى ئېلىپ چوڭ ئۆيگە تاكسىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن تاھىرغا ئەھۋالنى يۈز تۇرانە ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ تاھىرنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئىشك قىيا ئوچۇق، ئىچىدىن

بىر ئايالنىڭ چاڭىلداپ سۆزلىگەن ئاۋازى كارىدورغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گەرچە كۆرۈشمىگىلى ئون نەچچە يىل بولسىمۇ، سائادەت ئۇنىڭ زۇمرەتنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى.

–جېنىم تاھىر، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمىسىمۇ شۇ بىچارە قىزىمىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، كۆڭدە دادامنى كۆرۈمەن دەپ يىغلاپ مېڭەمنى ئۇچاق قىلىۋەتتى. قايسى كۈنى خەۋەردە سىلەرنىڭ يىغىننى قويۇپ سىزنى كۆرسەتكەن شۇ كۈندىن باشلاپ دادام چىقىدۇ دەپ كەچكىچە خەۋەر كۆرۈۋاتىدۇ، ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلماڭ، بالىلارنى ئويلاڭ، تاھىر.

–بالىلار ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىما؟ نەچچە يىللاردىن بېرى شۇ بالىلارنى نېمىشقا ئويلىمايسەن؟

–مەن ئېزىپتىمەن، تاھىر، خاتالىقىمنى تونۇدۇم. ئەسكى بولسامۇ ئىككى بالىڭىزنىڭ ئانىسى بولغانىكەنمەن بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ، بولامدۇ؟ سائادەتنى ياخشى كۆرۈدىغىنىڭىزنى بىلىمەن، لېكىن سىلەر ھازىر ھەممىنى قايرىپ قويالامسىلەر؟ ئۇنىڭمۇ ئىككى بالىسى بارغۇ؟ ھەر كىم ئۆز بالىسىنى ئۆزى باقسۇن، بولدى، مەن سائادەتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىمەن، سىزنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن، ئەرافاتنى ئۇنداق قويۇپ بەرسەك بولمايدۇ، ئۇنى سائادەتمۇ باقالمايدۇ، مەن كېسەللىك پېنسىيەسىگە چىقىۋالدىم، ئەمدى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنىڭ ھەم بالىلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن، مېنىڭ شۇ چاي ئويىنىغاندىن باشقا يامان يېرىممۇ يوققۇ؟ ئەمدى چايمۇ ئوينىمايمەن، ماڭا بىر پۇرسەت بېرىڭا جېنىم تاھىر، ئۆيىمىزنى تۈتۈپ قالايلى، كۆزلىرىڭىزگە ياش كەلدى، ئۆيىمىزنى تۈتىدىغان بولدۇق، شۇنداققۇ؟

سائادەت پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى، لېكىن مېڭىشقا قۇربى يەتمەي ئولتۇرۇپ قالغىلى قىل قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم، ئۇ ئارقىسىدىن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يولغا چىقىۋالدى-دە، تاكسى توستى، ئۇ چوڭ ئۆينىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرىپ ئۆزىنى ھارغىن ھالەتتە ئورۇندۇققا تاشلىدى، قىزىل چىراغقا كەلگەندە تاكسى ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىۋىدى، سائادەت يانغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. تاھىرنىڭ ماشىنىسى تاكسىغا ياندىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى، ئاڭغىچە يېشىل چىراغ يېنىپ تاكسى قوزغالدى، ئەمدى ئۇ ئولتۇرغان تاكسى ئالدىغا ئۆتۈپ تاھىرنىڭ ماشىنىسى بىلەن بىر يولدا ئالدىكەينى بولۇپ قالغان ئىدى. ئارقىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتىن ئۇنىڭ ماشىنىسى غىل-پاللا كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى. شۇ غىل-پالچىلىق ئىچىدە ئۇ ماشىنىدا بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى كۆردى، زۇمرەتنىڭ ئۇنى كۆرگەن-كۆرمىگىنى ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئۇ قانداقتۇ بىر تۈيغۇ ئىلكىدە بوينىدىكى يېشىل شارپىنى يېشىپ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقاردى، كۈچلۈك بوراندا شارپا زەرپ بىلەن پۇلاڭشىيتتى، ماشىنا يەنە قىزىل چىراغقا دۇچ كەلدى، ئۇ ئەينەكتىن ئارقىسىدىلا تۇرغان تاھىرنىڭ ماشىنىسىنى كۆردى، ئۇ شارپىنى شامالغا قويۇۋەتتى، ياپيېشىل شارپا كۈچلۈك بوراندا شىددەت بىلەن ئاسماننىڭ قەرىگە ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، تاكسى قوزغالدى. ئۇ ئاسماندا يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك پىرقىراپ تۇرغان شارپىغا كۆز ئۈزمەي ئۆرۈلۈپ قارايتتى، ھەريان ئۇچۇپ يۈرگەن شارپا قايسىبىر ئېگىز بىنالارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ غايىپ بولدى، شارپا بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر غايىب بولدى.

* * *

نىغمەت ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىنا ئالدىدا خۇددى بىرسىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۆينى تاپالماي قالغاندەك ئۇ-

چىنجى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ توپا باسقان دېرىزىسىگە قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇ ئۆيگە پەقەتلا كىرگۈسى يوق، لېكىن كىرمىسە بولمايتتى، ئوغلى ئاشۇ ئۆيدە دادىسىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى. نىغمەت ئۆيگە كىرگەندە ياشار ئۈستەلگە كىتابلىرىنى يېيىۋالغان بولسىمۇ، كىتابقا قارار ھەۋەسلى يوق بېشىنى ئۈستەلگە قويۇۋالغان ئىدى. دادىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئازراق كۈلكە يۈگۈردى، لېكىن ئۇنىڭ قولىدىكى يالتىراققا ئورالغان گۆش نانىنى كۆرۈپلا يەنە قاپىقى تۈرۈلدى:

-يەنە بازاردىن ئەكەلگەن تاماق يەيمىزما،- دېدى ياشار بىزارلىق بىلەن،-مەن ئاچ قالساممۇ يېمەيمەن.

-مەن تاماق ئېتىپ بەرسەم ئوخشىماپتۇ دەپ يېمىسەڭ، قانداق قىلىمەن؟-دېدى نىغمەت بىچارە ھالدا، شۇ تاپتا گۆشنانىنى ئۆزىنىڭمۇ يېگۈسى يوق ئىدى.

نىغمەت ئۆزىنىڭ تولىمۇ بالىلىق قىلىپ سالغىنىنى تونۇپ يەتكەندە بەكلا كېچىككەن ئىدى، ئۇ شىرىنئاينىڭ سايىسىنى قوغلىشىپ بىلىقىز بىلەن ئىچ-پەش تارتىشىپ يۈرگەندە ئۆزىنى راستىنلا شىرىنئاينىڭ ۋەسلىگە يەتكەندەك ھېس قىلدى. چوڭ شەھەرلەردە ياشاپ، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن بىلىقىز شىرىنئايدىنمۇ نازاكەتلىك، خۇلقلۇق ئىدى. نىغمەت ئاجرىشىپ ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىلىقىزغا رەسمىي يوسۇندا توي قىلىش تەكلىپى قويدى، شۇ چاغدا بىلىقىز ئۆزىنىڭ ئېغىر ئۆپكە كېسلى بارلىقىنى، ماي بۇسىنىڭ، چاڭ-توزاڭنىڭ كېسىلىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، تاماق ئېتىش ئەمەس، ھەتتا بۇسىنىڭ پىنىدىمۇ تۇرالمايدىغىنىنى شۇڭا نەچچە يىللاردىن بېرى تۇرمۇشنى تەنھا ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

-تاماق دېگەن قانچىلىك مۇھىم ئىش ئىدى؟- دېدى نىغمەت،- ھازىر خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئۆيدە تاماق ئەتكىلىمۇ كىمنىڭ چولىسى، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، تاماق مەسىلىسىنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن.

-يەنە بىر ئىش، مېنىڭ ساياھەت ئۆمكى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش ئارزۇيۇم بار، بۇ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيۇم، توي قىلسام مۇشۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمەي قالارمەنمۇ، دەپ قورقىمەن.

-بۇ ئارزۇيىمىز ئوخشايدىكەن، مېنىڭمۇ شۇنداق ئارزۇلىرىم بولىدىغان، ئادەمنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم بولمىسا ئارزۇلىرىمۇ توزۇپ كېتىدىكەن، بۇ ئارزۇيىمىزغا بىللە يېتەرمىز.

ئۇلار ئاخىر نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ئېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپلا توي قىلغان بولدى. نىغمەت ياشارنى ئېلىپ بىلىقىزنىڭ ئۈچىنجى قەۋەتتىكى كىچىككىنە ئاددىي ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى، لېكىن ھەر قانچە قىلىپمۇ شىرىنئاي بىلەن ۋىسالى تاپقاندەك تۇيغۇغا كېلەلمىدى. ئۆي شۇ قەدەر ئاددىي بېزەلگەنكى، بىر ياش ئايالنىڭ ئەمەس، قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان بوۋاقنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىغىلا ئوخشايتتى. قاچانلا قارىسا چىنىدەك پاكىز تۇرىدىغان، نەپىس ياسالغان ئۆيدە ياشاپ كۆنۈپ قالغان نىغمەتنىڭ كۆزىگە بۇ ئۆي زادىلا سىغماي، تويدىن كېيىن بىلىقىزغا ئۆيىنى ئازراق جابدۇشنى مەسلىھەت سالدىيۇ، ئويلىمىغانلا جاۋابقا ئېرىشتى:

-ئۆي دېگەندە يېتىپ ئۇخلىغىلى بولسىلا بولىدۇ، ئۆي زىننەتلەش، لاتا-پېتىگە، چىنە-قاچىلارغا پۇلا خەجلەش دېگەن كاللىسى قاتماللا، ساپاسىز خوتۇنلارنىڭ ئىشى، چەت ئەللىكلەرگە قاراپ بېقىڭا، ھېچكىم ئۆيۈم، بالام، كالام دەپ پايپاسلاپ يۈرمەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە بەزىلەر تېخى پۇلى بولمىسا قەرز بېجىرىپ، ئۆينى بولار-بولماس زىننەتلەپ، چىنە-قاچا، زۆرۈريەتسىز چاقچۇقلارنى يىغىۋېلىپ يا يىگىنى چىرايىغا، كىيگىنى ئۇچىسىغا چىقماي سارغىيىپ ئۆ-

تىدىكەن. مەنچۇ، شۇ پۇلۇمنى يىغىپ قويۇپ چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىمەن، جاھان كۆرد- مەن. مېنىڭ ئۆي ياساش بىلەن خوشۇم يوق.

دەسلەپتە كاللىسى قىزىپ كەتكەن نىغمەت «تاماق ئېتىش دېگەن قانچىلىك مۇھىم ئىشتى؟ بولدى، ئۆزۈم ھەلا قىلىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان بولسىمۇ، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتەر-ئۆت- مەيلا بۇ ئىش ئائىلىدىكى مۇھىم بىر مەسىلىگە ئايلاندى. دەسلەپ توخۇ پاچىقىغا، تەييار چۆپ- كە ئامراق ياشار ئاپىسى زورلاپ يېگۈزىدىغان ئۆي تامىقىدىن قۇتۇلۇپ خۇشاللا بولۇپ كەتتى، بىلقىز كۆڭلىدە دېگۈدەك ئۇنى يېتىلەپ چىقىپ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تەييار يېمەكلىكلەرنى ئې- لىپ بەردى، ئەمما بۇمۇ ئۇزاق داۋاملاشمىدى. بىلقىزنىڭ ئىدارىسى يىراق بولغاچقا، چۈشتە كەلمەيتتى، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ بازاردىن ئۆزىنىڭ زىيان قىلمايدىغان تاماقلىرىنى يەۋېلىپ ئاندىن ئۆيگە كېلەتتى. نىغمەت تاماق ئېتەلمەي- دىغان ئۆينىڭ بۇ قەدەر مېھرى سوغۇق، كۆ- ڭۈلسىز بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئى- دى. كىچىككىنە ئاشخانىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى، تەييار چۆپنى يەۋېرىپ ئۈنىڭغا قارىس- مۇ كۆڭلى ئېلىشىدىغان بولۇپ قالغان ياشار ئىشكاپلارنى، توڭلاتقۇلارنى ئاختۇرۇپ قوياتتى. ئاياللا كىشى قازان بېشىغا بارمىسا، توڭلاتقۇدىمۇ نېمە بولماقچى ئىدى؟ نىغمەت ئېلىپ كەلگەن گۆشنان سوۋۇپ كەتكەچكە، جىمبىللىق كورد- غا سېلىپ ئىسسىتىشقا توغرا كەلدى. گۆشنان ئىسسىپ ھور بىلەن قوشۇلۇپ ئۆيگە مېزىلىك قىيمىلىق تاماقنىڭ ھىدى تارقىدى، شۇ ئەسنادا بىلقىز ئىشتىن چۈشۈپ كىرىپ كەلدى.

-ۋاي خۇدايىم،- دېدى ئۇ بۇرنىنى چىڭ ئېتىپ،- نېمە پۇراق بۇ؟ ماڭا بۇنداق بۇسنىڭ زىيان قىلىدىغىنى بىلىسىزغۇ؟ ئىتتىك ئىشىك- دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىڭ، بىئارام بولۇۋاتىمەن.

-بۇنى قانداقمۇ بۇس دېگىلى بولسۇن؟- دېدى نىغمەت،- تاماق پۇرىغىغۇ شۇ؟ تاماق پۇرىغىنىڭ ئادەمگە زىيان قىلىدىغىنىنىغۇ ئاڭلىمىدىم.

-سىز بىلمەيسىز، كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەممۇ بىئارام بولىمەن، دوختۇر ھەتتا مېنىڭ ئاشخانىغا كىرىشىمنىمۇ چەكلىگەن، بۇندىن كې- يىن مەن كەلگۈچە قورسىقىڭلارنى توقلاپ بو- لۇڭلار، خەققۇ پولو، مانتا، خوشاڭ يېمەيمۇ يا- شايدىكەن. تاماق دېگەنگە دۆملا چۈشىدىكەن- سىز، ئاخشىمى ئۇنداق نەرسىلەرنى يېمەي سىرتلارغا چىقىپ پىيادە مېڭىپ چېنىقىڭ.

قورسىقى ئېچىپ ئاران تۇرغاندا بىلقىزنىڭ گەپلىرى نىغمەتكە تولىمۇ تېتىقسىز تۇيۇلدى، نىغمەتمۇ ئوغلىمۇ قورساقتا ئامراقلاردىن ئىدى، ئۇلار بىلقىز تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندە ئانچە تېتىمسىمۇ گۆشناننى تېز-تېز يەپ بو- لۇشتى. ياشار مۇشۇ كۈنلەردە ئانىسىنى، ئۆز ئۆ- يىنى بەكمۇ سېغىنغان. ئەھۋالنى دەڭسەپ كۆر- گەن نىغمەتمۇ بۇ مەۋسۇم تولۇقسىگە ياشارنى سائادەتنىڭ يېنىغا ماڭدۇرىۋېتىشكە ماقۇل بولغان ئىدى. نېملا دېگەن بىلەن بالىغا مەسئۇلىيەتچان نىغمەت ياشارنى ئېلىپ كەلگەنگە پۇشايمان قى- لىپ قالغان ئىدى. بىلقىزنىڭ ياشار بىلەن پە- قەتلا چاتىقى يوق ئىدى، تېخى نىغمەتنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى:

-بالىنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماڭ، شۇنداق قى- لىپ بالىنىڭ تەپەككۇرىنى بوغۇپ، ئۆزىگە بول- غان ئىشەنچىسىنى يوقىتىۋېتىسىز، بۇ مائارىپتىكى بىر خاتالىق، ئەسلى مەكتەپ تاپشۇرۇق بەرسە بولىدۇ، لېكىن ئىشلەشنى ئىختىيارى قىلىشى كېرەك، بەك قاتتىق قولا بولماڭ، بالا ئەركىن- ئازادە چوڭ بولسۇن.

نىغمەت يالغۇز ئولتۇرۇپ قاتتىق ئويلاندى، ھېسسىياتىنىڭ، كۆڭۈلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇ تۇرمۇشتا بەكمۇ ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغان ئىدى. ھەي، ئادەم دېگەن مۇشۇ ياشتىمۇ ئەقلىنى تاپالمىسا!؟ ئۇ بىلقىز بىلەن نېمىشقا توي قىل-

دى؟ پەقەت شىرىنئايغا چىرايى ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈن يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن شىرىنئايغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇن بەش يىللىق ئائىلىسىدىن مەھرۇم بىلىپ، ئاتا-ئانىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، تازا روناق تېپىۋاتقان كەسپىنى تاشلاپ، بىر جۈپ غۇنچىدەك چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقان باللىرىنىڭ بويىنىنى قىسىپ بۇ يەرگە كەلدى. ئەمدى بولغاندا ئۇ خۇددى بىخۇتلۇق دورىسى كۈچىنى يوقىتىپ ئەسلىگە كەلگەن بىماردەك ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئۆزى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. مۇنداق بىر ئىش ئۇنى خېلىلا سەگىتىپ قويغان ئىدى، توي قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۇ مەھەللىدىكى خوجىلۇق بۆلۈمىگە توك پۇلىنى تاپشۇرغىلى كىرگەن ئىدى، شۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ غەيۋەتى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

-بېلىقىز پارىژنى توي قىپتۇ دەيدىغۇ؟ يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا كۆيگەن بىچارىدىن بىرى ئالغاندۇ ھەقاچان.

-بۇ چەت ئەلا سارىڭى يا ئاماللا قىلىپ چەت ئەلگە چىقىپلا كەتمىدى يا نېگىر بولسىمۇ بىرەر چەت ئەللىككە تېگەلمىدى، بۇ بىچارە ئەر نېمە كۈن كۆرەر ئەمدى؟

-ئاۋۋالقى ئېرى بىلەن قانداق ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن؟

-ئېرىنىڭ ئىسمى تىلىۋالدى ئىكەنتۇق، ئاغىنىلىرىگە: «بۇ مېنىڭ ئېرىم تىلەك ئەپەندى» دەپ تونۇشتۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرىدىن جاق تويغان ئېرى سورۇننى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇدەك. كېيىن ئاجرىشىپتۇ، نېمە بولغانلىقىنى بىزمۇ بىلمىدۇق. ئۆزۈن يىل تۇلا ئولتۇرۇپ كەتتى، چىرايلىق بولغاچقا خېلى-خېلى يەردىن لايىقلار چىقىدىكەن، نېمىشقىكىن تويغا ئاز قالغاندا ئەر تەرەپ يېنىپ كېتىدىكەن.

-خۇدايىم چىرايىنى بېرىپ، ئەقلىنى بەرمىسە بىكار.

ئاياللارنىڭ گېپىنىڭ تېمىسى يۆتكىلىپ كەتتى. بىر خىل چۈشىنىكسىز دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالغان نىغمەت، بېلىقىزغا ئۆزى ئارتىپ قويغان شىرىنئاينىڭ لىباسىنى قايرىۋېتىپ، باشقىلەتىن زەڭ سېلىپ قارىدى. شۇندىلا ئۇ ئايالنىڭ گەپ-سۆز، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنىڭ نورماللا ئادەملەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بېلىقىزنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇشۇ شەھەردىن بولسىمۇ، بېلىقىز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن قاچاتتى. ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئەلا-ئاغىنىلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايتتى، قوشنىلارغىمۇ سالام قىلمايتى. ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى كىملەر چەت ئەلگە چىقىۋاتىدۇ، كىملەر قايتىپ كەلدى دېگەندەكلەر ئىدى. كۈندە تورغا چىقىپ چەت ئەلا ساياھىتىگە دائىر خەۋەرلەرنى كۆرەتتى. بۇ كۈنلەردىغۇ چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، چەت ئەلگە چىقىشمۇ ئانچە ھەيران قاللارلىق ئىش ھېسابلانمايدۇ، لېكىن بېلىقىزنىڭ يا چەت ئەلدە ئۇرۇق-تۇغقىنى يا چەت ئەلگە چىقىش يولى يوق ئىدى. يىغىپ قويغان پۇلىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس، قىسقىسى ئۇ چەت ئەلگە چىقىشنى خىيالا قىلماي تىنچ خىزمىتىنى ئىشلەپ، قېرىپ قالغان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىمۇ بولاتتى، لېكىن قىزىپ كەتكەن كاللىسى بىلەن ئاشۇ قېرى ئانىسىنى بېقىشتىن، داۋالىتىشتىن قېچىپ پۇللىرىنى چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن ئاتاپ يىغىۋاتاتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى چەت ئەلدىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى، دوستلىرىنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان نەسىھەتلىرى ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى. ئۇلار ئاخىرى ئۇنى نېرۋا كېسەلگە چىقىرىشتى، دوستلىرىمۇ بارا-بارا ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى تارتىشتى، بېلىقىزنىڭ ئازراق نېرۋىسى ئاجىزلىقى راست

ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا قاتتىق كېزىك بولۇپ ساقايغاندىن كېيىن سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ئازراق نورمالسىزلىق كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئالىي مەكتەپتە يۈرگەن يىگىتى ئۇنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا چەت ئەلنىڭ جىنى چاپلاشتى. ئۇ ئاخىر ساياھەت شىركىتىگە تىزىملىتىپ، ساياھەت ئۆمىكى بىلەن چەت ئەلگە چىقىش پىلانىنى قۇرۇپ يۈرگەندە، نىغمەت ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ نىغمەتنى باشتىلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى، ھازىرغا قەدەر ھېچكىم ئۇنىڭغا نىغمەتتەك كۆچلۈك ئەقىدە قىلمىغان، ئۇنى شۇنداق جاندىل بىلەن قوغلاشمىغان ئىدى.

نىغمەت كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ نېمىنى يوقىتىپ، نېمىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئويلاپ بۇندىن كېيىنلىكىنى خىيالا قىلىپ ئەندىشىگە چۈشتى. بېلىقىزنىڭ قىلىقلىرى كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ، ئۇنىڭ خىيالىدىكى شىرىنئاينىڭ ئوبرازىنىمۇ كاللىسىدىن سۈرۈپ چىقىرىۋەتتى. بېلىقىز بىر قارىماقتا ناھايىتى ئىلغار پىكىرلىك، زامانىۋىي ئاڭغا ئىگە كۆرۈنەتتى، خىزمەتنىمۇ جايىدا ئىشلەپ، چاي، تۆي-تۆكۈنلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، بوش ۋاقتىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتا چېكىدىن ئاشقان، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان گەپ-سۆز، قىلىقلىرى بار ئىدى. نىغمەت ئەتىگەنلىرى نان بىلەن ناشتا قىلسىمۇ، ئاچچىقلاپ بولكىغا مېۋە قىيامى سۈرۈپ يېيىشنى تەكىتلەيتتى. تېلېۋىزوردىكى مىللىيچە سەنئەت نومۇرلىرىغا ئۆلگىدەك ئۆچ ئىدى. تىرناقلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋېلىپ ھېچ ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلمايتتى، ئاشۇ كىچىككىنە ئۆيمۇ ۋاقتى-ۋاقتىدا تازىلانمىغاچقا، ئۆي جابدۇقلىرى توپا بېسىپ تۇراتتى، كىيىم-كېچەك گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش توغرا كەلگەندە چەت ئەلنىڭ داڭلىق ماركىلىقلىرىنى ئالمىسا ھېساب ئەمەس ئىدى.

نىغمەت كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئائىلە دەپ قۇرۇپ چىققىنىنىڭ باللىرى قۇراشتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق بىنادەك بىر نەرسە بولۇپ قالغىنىنى ھېس قىلدى. بىرەر پارچىسى سەللا قىڭغىر كەتتىمۇ، شۇ زامات ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى.

سائادەتنى بولسا خىيالا قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتى، دېمىسىمۇ شۇ پەرىشتىدەك پاك، ئېسىل ئايالنى ئۇ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن چىدىغۇسىز ئازابلىغان ئىدى. سائادەت تۇتقان نەپىس، ياسىداق ئۆيلەرنى، ئەتكەن مەزىلىك تاماقلارنى ئۇ ھازىر ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نىغمەت ئۆيدە كۆڭۈلسىز خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرغاندا ئىشىك ئەنسىز قېقىلدى، نىغمەت ئىشىكنى ئاچقاندا مەھەللىدىكى ئۈچ-تۆت بالا ئەنسىز چۇرقۇرۇشۇپ كەتتى:

-ياشار ئورەككە چۈشۈپ كەتتى!

- تارتىپ چىقىرالمىدۇق، تېز بولۇڭ، يىغلاۋاتىدۇ.

-قورقۇپ ئۆڭسلى ئۆچكەن نىغمەت بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن مەھەللىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلۇش بولۇۋاتقان يەرگە كېلىپ چوڭقۇرلىقى نىغمەتنىڭ بويىچە كېلىدىغان ئورەك يېنىغا كەلدى. ياشار ئىچىدە ۋايجانلاپ ياتاتتى، نىغمەت قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ياردىمىدە خېلى تەستە ياشارنى ئورەكتىن تارتىپ چىقاردى. ياشار يەرگە دەسسىيەلمىدى، مەسئۇلىيەت قۇرۇلۇش ئورنىدا بولغاچقا، ئۇلارمۇ جىددىيلىشىپ شۇ زامات ياشارنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. بالىنىڭ پۇتى سۇنغان، ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايتتى. گەرچە نىغمەت ئوپېراتسىيە جەريانىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوغلىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ياشارنىڭ ئاغزىدىن ئانىسى چۈشمەيتتى. سۇنۇقنىڭ ئاغرىقى كېچىسى

بەك قوزغالسا كېرەك، ياشار كېچىچە ئاغرىق ھەر بىر قوزغالسا ئانىسىنى چاقىرىپ ياتاتتى. نىغمەت بالىنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئۆزىنى سەۋەبچى دەپ قاراپ خىجىللىقتا سائادەتكىمۇ خەۋەر قىلمىدى. قىزىدىن تېلېفون كەلسىمۇ ئەھۋالنى ئېيتمىدى. سائادەت ئادەتتە نىغمەتكە ئۆزى بىۋاسىتە ئۇرماي قىزىغا ئۇرغۇزۇپ ياشار بىلەن كۆرۈشەتتى. نىغمەت قاچانلاردىن باشلاپ سائادەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ئارزۇلاپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىلىقىز ئوپېراتسىيە كۈنى يەنە قىلىقىنى چىقىرىپ بىر دەستە گۈلا بىلەن يوغان قورچاق ئېيىقتىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قويغانچە كېلىپ باقمىدى، ياشارنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ تۇرۇشىغا، بىلىقىز خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا كىرىپ كەلدى:

—ئاخىر چىقىدىغان بولدۇق، ئالتە ئايلا ھەممىمىز يىگىرمە مىڭ يۈەن تاپشۇرساقلا بەش دۆلەتكە ساياھەتكە چىقالايدىكەنمىز، يىللىق ئاردمىمىزمۇ تەستىقلىتىپ بولدۇم، دۈشەنبە ماڭىمىز! نەچچە يىلدىن بېرى شۇنداقلا قىلسامچۇ، نەدىكى تەس ئىشقا يولا مېڭىپ يۈرۈپتىمەن. ئاھ، ئاخىر چىقىدىغان بولدۇم!

—بۇنداق ساياھەت دېگەن داۋاملىق بار، بۇ قېتىم بارماي كېلەر قېتىم بارسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، بالىنىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا،— دېدى نىغمەت.

—نېمە؟ سىز مېنى بارماڭ دېدىڭىزما؟—كۆزلىرى چەكچەيگەن بىلىقىز ئۇنىڭغا گۆلەيدى،— بالا ئاغرىق بولسا سىز نېمە قىلىدىغان ئادەم ئۆزىڭىزنىڭ بالىسىنى باقماي؟ مەن ئاشخانىغا كەرەلمەيدىغان تۇرسام، نېمە قىلىپ بېرەلەيتتىم؟ سىزگە دەپ قوياي، بۇ ئائىلىدىن كەچسەم كېچىمەنكى، چەت ئەلگە چىقىشنى كېچىكتۈرمەيمەن.

بىلىقىز دەيدىغانىنى دەپ قويۇپ تەييارلىققا چۈشتى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپنىڭ كار قىلمايدىغىنىنى پەملىگەن نىغمەت ئارتۇق گەپ قىلمىدى، دېمىسىمۇ بىلىقىزنىڭ ئۆيدە بارىدىن يوقى ياخشى ئىدى.

—ماڭا بېرىدىغان پۇلىڭىزنى ئەمدى بېرىڭ،— دېدى بىلىقىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ،—مېنى شۇنداقلا يولغا سېلىپ قويماقچىما؟

— قايسى پۇلنى دەيسىز؟

—قايسى پۇلنى؟ نىمانداق كاللىڭىز ئىشلىمەيدۇ سىزنىڭ؟ ھازىر توي قىلسا ئايالا تەرەپكە قانچىلىك داستىخانلىق بېرىدۇ، قانچىلىك ئالتۇن جابدۇق ئالىدۇ، بىلمەمسىز؟ مەن ئۇنداق چاكىنا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ياقتۇرمايمەن، شۇڭا سىزنى ھازىرغىچە چىقىمدار قىلمىدىم، مانا ئەمدى پەيت كەلدى، شۇ پۇلنى ئەمدى بېرىڭ.

نىغمەت داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۆز ۋاقتىدا ئەلا قاتارى توي قىلىشقا بىلىقىز ئۆزى قوشۇلمىغان، قاملاشمىغان ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئېسىلىۋالماي، پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئورۇنغا ئىشلىتىشنى ئېيتىپ نىغمەتنى تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. نىغمەت بىلىقىزنىڭ ئۆيىنىڭ بەكمۇ كىچىك كونىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغىدىن ئۆي سېتىۋېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭغا بۇ گەپ بەكمۇ تاسادىپىي بىمەنە تۇيۇلۇپ قوبۇلا قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

—تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ، خوتۇن كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بالام بىلەن تەييارغا ئىگە بولمەن دەپ ئويلىغانمۇ؟

—نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن بۇ ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بىلەسىز، مەن دېگەن يۇرتۇمدا روناق تېپىۋاتقان داڭلىق ئادۋوكات، ئاتىقى چىققان باينىڭ بالىسى. چوغدەك ياسداق ئۆيۈمنى بىر تىيىن پۇلا ئالماي تاشلاپ بېرىپ چىققانمەن. پۇلا دېسىڭىز ئەلۋەتتە بېرەلەيمەن، لېكىن سىزنىڭچە مۇشۇنداق قىلىش مۇۋاپىقمۇ؟

—مۇۋاپىق بولمايدىغان نەرى بار؟ پۇلىڭىزنى تويدىن بۇرۇن ئالدىم نېمە بولدى، كېيىن ئال-

-دىم نېمە بولدى؟ ھېچقانداق خوتۇن ئەرگە بە-
كىرىنغا تەگمەيدىغاندۇ؟ بالىڭىز بىلەن قوشۇپ
باققىلى تەگمىگەن مەن سىزگە، دەرھاللا ئەللىك
مىڭ يۈەن چىقىرىڭ!

-ئاران ئەللىك مىڭ يۈەنما؟- نىغمەت مەس-
خىرە بىلەن سورىدۇ،- بولىدۇ، ھازىرلا بانكىدىن
ئېلىپ ئالدىڭىزغا قوياي.

تۇيۇقسىز ئاچچىقى مېڭىسىگە تېپىپ چىققان
نىغمەت ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئۆيدىن چىقىپ
كەتتى. ئاچچىقى يامان، بىر ئىشقا چاقماق تېز-
لىكىدە قارار قىلىدىغان نىغمەتنىڭ شۇ تاپتا ئار-
تۇق ئويلىغۇدەك ھەپسىلى يوق ئىدى. سۇنۇق
ئازابى تارتىپ ياتقان ئوغلىنى ئويلاپ كۆزلىرىگە
ياش كەلدى، ئۆز-ئۆزىگە غەزەپ بىلەن پىچىر-
لىدى:«مۇشۇ خوتۇننى ئارزۇلاپ ھەممە نېمەڭ-
دىن كېچىپ كەلگەنىكەنسەن، ئۆزۈڭگە ئاز نىغ-
مەت.»

نىغمەت ئەللىك مىڭ يۈەننى ئېلىپ، قاندا-
قتۇ بىر ئەسەبىي تۇيغۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە قات-
ناش بېكىتىگە بېرىپ ئۈرۈمچى يوللۇق كىرا ماشى-
نىسىدىن بىرىنى دېيىشىپلا ئەكەلدى، ئۇ پۇلنى
بېلىقىزنىڭ ئالدىغا قويغىنىدا، بېلىقىز ھېچنېمە
بولمىغاندەك پۇلنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈمسىرىدى:

-چەت ئەلگە مېڭىش ئالدىدا مېنى ياخشىراق
ئۇزىتىپ قويارسىز؟ بۈگۈن بىرەر يەرگە بېرىپ
غەربچە تاماق يېگەچ مۇزىكا تىڭشاپ كېلەمدۇق؟

سەۋر قاچىسى تاشقان نىغمەت ئەسەبىيلەر-
چە توۋلاپ كەتتى:

-يوقال! ئالجىغان ساراڭ! سېنى خوتۇن دەپ
ئالغان ئۆزۈممۇ ساراڭ. مېنىڭدىن خېتىڭنى ئې-
لىپ ئاندىن چەت ئېلىڭگە بارامسەن، نەگە يو-
قالساڭ يوقال! ۋاي ئاللا، خۇدايىم سېنى ئىككىن-
جى كۆزۈمگە كۆرسەتمىسۇن!

-قايسىمىز يوقىلىمىز؟ ماۋۇ ئۆي كىمنىڭ؟!
ئۆزۈڭ يوقىلەۋە كەلگۈندى. ساڭا تەككىنىمگە
نېمە راھەت كۆرسەتتىڭ ماڭا؟ ئۆز ۋاقتىدا يال-
غان-ياۋىداق گەپلىرىڭگە ئىشەنگەن ئۆزۈم ئەخ-
مەق، بولمىسا مەنچۇ، خېلى-خېلى چەت ئەللىك-
كە يارىغۇدەك خوتۇن، كۆزۈمدىن سەن يوقال.

ئارتۇق گەپنىڭ ئورنى يوق ئىدى، نىغمەت
ئوغلى بىلەن ئىككىسىنىڭ نەرسىلىرىنى سەپەر
سومكىسىغا قاچىلاپ پەستە ساقلاپ تۇرغان ما-
شىنىغا توشىدى، ئاندىن پۇتىنى مىدىر-سىدىر
قىلالمايدىغان ئوغلىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ
چىقىپ كەتتى.

-نەگە بارىمىز، دادا؟- دېدى ياشار.

-يۇرتىمىزغا، ئوغلۇم. سېنى ئاپاڭنىڭ يېنىغا
ئاپىرىپ قوياي.

ياشار پۇتى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئا-
نىسىنى بەكلا سېغىنغان ئىدى. مېھرى سوغۇق،
بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئۆيدە پەرۋىشسىز يات-
قانلىرىدا مۇنداقلا تېپىلىپ كەتسىمۇ ئۇنى
سىلاپ-سىپاشتۇرۇپ باغرىغا بېسىپ كېتىدىغان
مېھرىبان ئانىسىنى ئويلاپ نەچچە قېتىم كۆز يې-
شىمۇ قىلغان ئىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئويۇندەك
تۇيۇلغان بۇ ئىشلار ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگىمۇ
جاراھەت ئىزى قالدۇرغان. ئانىسىدىن ئايرىلىپ
يېڭى ئائىلىدە تۇرۇشىنىڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا
دېگەندەك ئۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەسلى-
كىنى تونۇتقان ئىدى. مانا ھازىر ئۇ ئانىسىنىڭ
يېنىغا بارىدىغىنىنى ئاڭلاپ، سۇنۇق ئاغرىقىنىمۇ
ئۇنتۇغاندەك بولدى.

-بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىمىز؟-دەپ
سورىدى نىغمەت مېڭىش ئالدىدا.

-سومكام قېلىپ قاپتۇ،- دېدى ياشار.

نىغمەت سومكىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن
ئۆي تەرەپكە مېڭىشىغا ئېگىزدىن ئېغىر سومكا
پوككىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ بې-
شىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىنىڭ بالكونىدىن چىرا-
يىدىن مۇز ياغدۇرۇپ قاراپ تۇرغان بېلىقىزنى
كۆردى.

نىغمەتنىڭ يۇرتىمىزغا ماڭدۇق دېگىنى راست ئىدى. ياشارنى پۇتى سۇنۇق ھالەتتە سائادەتكە ئاپىرىپ بېرىش قارىماقتا يۈزىنى داپتەك قىلىپ بارغانغا باراۋەر بولسىمۇ، لېكىن ياشار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە شۇ ئىدى. سائادەتنىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى، شۇ تاپتا پالتا-كەكسىنى قاقتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىش نىغمەتكىمۇ ئېغىر ئىدى. لېكىن نىغمەت ئۆزىگە شۇنداق بىر پالتا-كەكسىنىڭ بەكمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىراقلا ئويغانغاندەك، ئىچىۋالغان بىخۇتلۇق دورىسى كۈچىدىن قالغاندەك بولۇپ قالغان نىغمەت ھامان قايتىش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئوغلىنى ئۇ ھالدا ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش بەكمۇ رەھىمسىزلىك بولاتتى. يولا بويى دادىسىنىڭ تېلېفونىنى قولدىن چۈشۈرمىگەن ياشار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتقا قايتىپ ماڭغانلىقىنى ئاچىسىغا دەپ بولدى. قىزى بىلەن ئوغلىنىڭ يوللاشقان ئۇچۇرلىرى ماشىنا يۇرتىغا كەلگەنگە قەدەر داۋام ئەتتى. ئۇلارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان سائادەت بىلەن قىزى يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. دادىسىنى بەكمۇ سېغىنغان قىزى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

نىغمەت ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ھېقىقداپ يىغلاۋاتقان سائادەتكە دېدى:

-بالىنى بۇ ھالەتتە ئەكىلىپ قالدىم، مېنى كەچۈر، كېيىنچە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قوياي.

- ياشارنىڭ پۇتىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىنى ھەرگىز سىزدىن كۆرمەيمەن، بالىنى ئەكەلگىنىڭگە رەھمەت، مۇشۇنداق چاغدا مېنىڭ يېنىمدا بولمىسا قانداق قىلاتتى؟

نىغمەت ئوغلىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئىككىنجى قەۋەتتىكى ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى. ئاھ، ئۇنىڭ مېھرىلىك ئۆيى! ئۆي ئاۋۋالقىدەك چىنىدەك پاكىز تازىلانغان، مېزىلىك شورپا ھىدى ئۆيىنى بىر ئالغان ئىدى. تاماق ئۈستىلىدە پەتنۇسلارغا رەت-رەت چۆچۈرىلەر تۈگۈپ قويۇلۇپتۇ، ھەممە نەرسىلەر بۇرۇنقىدەكلا. نىغمەت كېتىشكە تەمشەلدى.

-تاماق يەپ مېڭىڭ،- دېدى سائادەت،- چۆچۈرىنى ھازىرلا سالىمەن.

-تاماق يەۋالغىن، دادا،- دېدى ياشار،-ئۆي تامىقىنى بەك سېغىندىم دېگەنتىڭغۇ؟

نىغمەت ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن سائادەتكە قارىدى. سائادەت ھەر چاغدىكىدەك، ھەر چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك شۇنداق مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق ئىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئوغلىغا بولغان سېغىنىش، مېھرىبانلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋەت، غەزەپ تۇيغۇسى يوق ئىدى. نىغمەتنىڭ بۇرۇنلىرى ئېچىشقاندەك بولدى، ئاندىن تېزدىن بۇرۇلۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ سومكىسى ئىشىك يېنىدا تۇراتتى، ئۇ سومكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېڭىشتىيۇ، توختاپ قالدى. پالتا-كەكسىنى قاقتۇرغاندىن بېرى كاللىسىدا يېڭىدىن قۇرۇپ چىققان خىيالى شۇ مىنۇتتا ئۆزگەرمەس بىر قارارغا ئايلاندى، ئاندىن سومكىنى ئالمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەڭگۈلۈك قايتىپ كېلىش ئۈچۈن كەتمىسە، ئۆز قولى بىلەن ئۆز بوينىغا سالغان سىرتماقنى ئۈزىۋېتىپ كەلمىسە بولمايتتى. ئۇ ئۆز قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن ئۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، سائادەت ئۇنى چوقۇم كەچۈرىدۇ، بالىلارنى دەپ بولسىمۇ يېنىشىۋېلىشقا قوشۇلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى، ۋاپادارلىقى بىلەن سائادەتنىڭ قەلبىدىكى ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئۇنىڭ يۈرەك يارىلىرىغا شىپالىق مەلھەم بولۇپ، ئۇنى بەخت ئىلكىدە كۈلدۈرىدۇ، بۇندىن كېيىن نىغمەت شۇنداق قىلىدۇ.

**(ئاپتور كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە)**




ئۇ هامان بىر كۈنى مېنىڭ بەختىمنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بىر كۈنلەردە مېنىڭ بەختىم چوقۇم ۋاقىتسىز توزىغان چېچەكتەك توزۇپ كېتىدۇ.

-ئەجەب بىر سەپەرداش بولۇپ قالدۇق-ھە؟

-ھە.

-سىزنى بۇ سەپەردە ماڭا خۇدايىم ئۇچراشتۇردى. ئىشقىلىپ بۇ قېتىمقى سەپىرىم ئاق يوللۇق سەپەر بولدى. مەن يۇرتىڭىزغا سودا ئىشى بىلەن بارغان، ئىشىم تۈگىدى، قايتىتىم مانا.

-....

-سىز ئادەتتىمۇ شۇنداق جىمغۇرمۇ؟

-ياق.

-ئەمسە نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

-نېمە دەيمەن؟

-قىزىقكەنسىز، نېمە دەيدىغىنىڭىزنى مەن دەپ بەرسەم، سىزنىڭ قايتا تەكرارلىغىنىڭىزنىڭ نېمە مەززىسى؟

-....

-باللىرىڭىز باردۇ؟

-بار.

-قانچە؟ ئوغۇلمۇ قىزمۇ؟

-ئىككى قىز.

-نېمە، ئىككى دەڭ؟!!!

-نېمە، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئىككى باللا دېگەن قانچىلىك ئىدى دەيسىز، مېنىڭ ئانام 14 نى تۇغقان.

-ۋاھ، گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ مانا. قانداق، سەپەرگە يارايدىغانسىز؟سەپەر دېگەندە بىرەر مۇڭداش بولمىسا، جېنىڭ ئىكەك سالغاندەك قىيىنىلىپ كېتىدىغان گەپ.

-شۇنداق.

-مانا بىلىدىكەنسىزغۇ، سىزنى تۇنجى كۆرۈپلا چىرايىڭىزدىن بىر ئىللىقلىقنى ھېس قىلغانمەن...

ئاجايىپ كىشىلەر بار دېسە. مەنغۇ بىر كىملەرنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىللىقمۇ، سوغۇقمۇ، بىلەلمەيمەن. پاراڭلاشقان ۋاقىتىمدىلا ھېس قىلالايمەن، ئۇنداق بىر كۆرۈپ بىلەلمەيمەن.

بىر قوشنىمىز بولىدىغان، تاڭ شەپىقى يېيى-
لىشقا باشلىغاندا يولغا چىقىپ شەپەققە قاراپ
كۈلىدىغان.

-نېمە قىلغىنىڭىز بۇ مىراجىخان ئانا؟- سو-
رىغانىدىم بىر قېتىم.

-شەپەق ماڭا قاراپ كۈلگەن ئىدى، مەنمۇ
ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم،- دېدى مىراجىخان ئا-
نام.

مەنمۇ شۇ چاغدا مىراجىخان ئانامنى دوراپ
شەپەققە قاراپ باققان. ئەمما شەپەق ماڭا قاراپ
كۈلمىگەن، قارىغاندا شەپەقنىڭ كۈلىدىغان ئا-
دەملىرى بار ئوخشايدۇ. مىراجىخان ئانام پەرىش-
تە سۈپەت، ئاقكۆڭۈللا ئايالا بولغاچقا، ئۇنىڭغا
كۈلگەن بولسا كېرەك.

- بۇ سەپىرىڭىزدە نەچچە كۈن ھايالا بو-
لىسىز؟

- بەش كۈنغۇ دەيمەن.

-نېمە ئىش بىلەن ماڭدىڭىز؟

-كاللامنى ئارام ئالدۇرغىلى.

-ۋاھ، پەيزىكەنسىزغۇ؟ ياشىغۇدەكمىز-دە!-
چىرقىراق ئاۋاز ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ بېشىنى يې-
رىم چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ
ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئىككىيلەنگە (بىرسى
مەن) قاراتتى. ئىزا دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ. يۈ-
زۈم ۋىللىدە ئوت بولۇپ يېنىپ، ئالقىنىم بىلەن
پېشانەمنى يۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. مەن
قانداقلارچە ماۋۇ توختىماي گەپ قىلىدىغان ئا-
دەم بىلەن قوشنا ئورۇندا ئولتۇرۇپ قالغاندى-
مەن؟ كىشىلەر ئالدىغا قارىشىپ بولغان بولسا
كېرەك، ھېلىقى ئاۋاز يەنە پەيدا بولدى:

-ما خەقنى، بىر كىم پۇشتەك چېلىپ چا-
قىرغاندەك، ھەممىسى قارايدىغۇ بىزگە؟! مەيلى،
ھېچقىسى يوق. شۇنداق قىلىپ ئويىنغىلى ماڭ-
دىم دەڭ...

-ئويىنغىلى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئېرىمنىڭ
يېنىغا بېرىپ يوقلاپ كېلەيمىكىن دەيمەن، - مەن
مۇنۇ كىشىنىڭ خام خىيالدا بولۇپ قالماسلىقى
ئۈچۈن، ئاخىر ئۆزۈمنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى قى-
لىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەسلىدە بايىلا گەپ قىل-
ماسمەن دېگەن ئىدىم.

-ھە، مۇنداق دەڭ، ئېرىم قېشىغا دەڭ... مەن
تېخى...

ھېلىقى زۇۋاندارنىڭ ئۈنى ئاخىر ئۆچتى.
بېشىنى قاشلاپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇردى. ھەتتا
مەن ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە خوشمۇ دېمىدى.
مەنغۇ ئۇنىڭ خوش دېيىشىنى ئارزۇ قىلىپمۇ
كەتمەيتتىم.

ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، ئەپچىلگىنە سەپەر
سومكامنى «يېتىلەپ»، ئۇدۇللا ئېرىمنىڭ ئو-
قۇۋاتقان مەكتىپىگە قاراپ ماڭدىم.

گويا بۇ شەھەر ماشىنا دۇنياسىغا ئايلىنىپ
قېلىۋاتقاندەك، توختىماي غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان
بۇ ماشىنىلار يولدا ئەمەس، قۇلاق پەردەمدە مې-
ڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇنداق قىلىپ پىيادە
مېڭىشقا باشلىدىم. نەگە ئالدىرايدىكىن تاڭ، نۇر
تېزلىكتە كېتىۋاتقان تاكسىلار توختايمۇ دېمە-
دى. قولۇمنى تولا پۇلاڭلىتىپ، بىلەكلىرىم تې-
لىپمۇ كەتتى. تاكسىلارنىڭ غۇيۇلدىغان چاقىدىن
پەيدا بولغان شاماللار بېشىمدىكى گاز ياغلىقمنى
ئۇچۇرۇپ، رىشاتكىلار بىلەن توسالغان گۈللۈك
ئىچىگە سولىۋەتتى. رىشاتكىدىن ئاتلاپ كىر-
سەم، مۇھىت قوغدىغۇچىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشى-
دىن ئەنسىرەپ، ياغلىقىمنى ئالمىدىم. «بوپتۇلا،
ھېلى ئېرىم بازارغا باشلاپ چىقسا ئېلىپ چى-
گەرمەن» دەپ ئويلىدىم.

شۇنداق قىلىپ تاكسى توسيالمىدىم. پىيادە
مېڭىپ بىر ۋاقلار بولغاندا كەينىدە كوزۇپى بار
كىچىك بىر ماشىنا ھەيدىۋالغان، كالتە چاچ،
بوغداي ئۆڭ، ئۇلىماقاش، يۈزى دۈپدۈگىلەك
كەلگەن بىر قىز يېنىمدىلا توختىدى:

-ھە، نەگە باراتتىڭىز؟

-مائارىپ ئىنىستىتۇتىغا بارىمەن.

ـهه، چىقىڭ ماشىنىغا.

مەن بەك ھېرىپ كەتكەچكە، نېمىلا بولمىسۇن، بىر ماشىنا چىققىنىغا خۇش بولۇپ، ماشىنىغا چىقتىم. شۇ تاپتا ماڭا سۇ چۈشىدىغان تۇرۇبا، سوغۇق بولسىمۇ بىر چىنە چاي لازىم بولۇۋاتاتتى. كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇپ، نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىدىم.

ـسىز مېنى ساراڭ قىلىپ قويىسىزغۇ ئاخىر. نېمە بولغاندىمەن؟ ھەر ۋاقىت يادىمدا سىز، ئاش يېسەممۇ سىزنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ يەيمەن. چاي ئىچسەممۇ سىزنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ ئىچىمەن. يېنىڭىزغا بارايمۇ؟

ئۇ بەزىدە شۇنداق دېسە، بەزىدە مەست بولۇپ قالغانلىرىدا تېلېفون ئۇرۇپ:

ـ جېنىم، باغچىغا، فونتاننىڭ يېنىدىكى ھېلىقى يوغان بىر تۈپ قارىغاي دەرىخى بارغۇ؟ شۇ يەرگە بىر چىقسىڭىزا! بىر قۇچاقلىۋالسام بولىدۇ. باشقا مەقسىتىم يوق. ئۆتۈنۈپ قالاي-دەيتتى. بۇنداق چاغدا ئاجايىب بىر شېرىنلىك ئىلكىدە ئاچچىقىم كېلەتتىيۇ، ئەمما تېلېفوننى قويۇۋەتكۈم كەلمەيتتى.

نېمە بولغاندىمەن؟ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاۋاتقىنىمغا توپتوغرا بىر يىل بولدى. بۇ ئاۋازنى چىرايلىق گەپ قىلىپمۇ، قوپاللا گەپ قىلىپمۇ ئۆچۈرەلمىدىم. نەسىھەت قىلىشلىرىممۇ، زەردە بىلەن ئاچچىقلاپ، ئۈنىنى ئۆچۈرۈشكە، ئىككىنچى تېلېفون ئۇرماس قىلىۋېتىشكە ئورۇنۇشلىرىممۇ بىكار بولدى. قەرەلسىز جىرىڭلايدىغان بۇ تېلېفون ئاۋازىدىن ئاجايىپ بىر شېرىنلىك، ئاجايىب بىر ئازاب ئىچىدە، شۇ قەدەر بىزار بولدۇمكى، ھەتتا تېلېفوننى ئىشلەتمىدىم. ئەھۋاللا تېخىمۇ چاتاق بولدى. ئۇ گويا سائىلدەك ئىشخانام ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. باشقىلارنى ئىزدىگەن بولۇپ دائىم ئىشخانامغا كىرەتتى. مەن كۆرمەس بولۇپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغدا ئۇ كۆزۈمگە جان ئالغۇچى ئەزرائىلدەك كۆرۈنۈپ كېتىپ، يۈرىكىم قورقۇنچتىن كۆكرەك قەپىسىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سېلىپ كېتەتتى. ئاخىر يەنە تېلېفون ئىشلەتتىم. بۇ نومۇرنىمۇ ئالماشتۇرىۋەتتىم، ئىشلەتمىسەم ئېرىم كايىدى. باللارنى كۆرگۈسى كېلىپ باللار بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ سۆزلەشكۈسى كېلىپ زورلاپ ئىشلەتكۈزدى. يەنە خىزمەتتە قولايسىزلىق بولدى.

ئۇ ھامان بىر كۈنى مېنىڭ بەختىمنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بىر كۈنلەردە مېنىڭ بەختىم چوقۇم ۋاقىتسىز توزىغان چېچەكتەك توزۇپ كېتىدۇ.

ـۋەي، ئايگۈلما؟ مەن يەنە مەن. ئىشخانىڭىز ئالدىغا سىزنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن باردىم. ئەمدى بارمايمەن، تېلېفون نومۇرىڭىزنى ئالماشتۇرىۋېتىپسىز. سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ تاپتىم. بۈگۈن توپتوغرا سەككىز قېتىم تېلېفون ئۇرۇپتىمەن، سەككىزىنچى قېتىم ئالدىڭىز. نېمشقا ئالمايسىز؟ مەن سىزگە دېدىمغۇ. مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق دەپ. پەقەت سىزگە بولغان سېغىنىش زەۋقىمنى بېسىش ئۈچۈنلا تېلېفون ئۇرىمەن. خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. تېلېفون ئۇرسام ئەمدى چوقۇم ئېلىڭ، بولامدۇ؟

ئۇ شۇنداق گەپكە ئۇستا ئىدى، تولىمۇ ئوبرازلىق گەپ قىلاتتى، بۇ ئاۋازلار گويا قارا يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى گۈلدۈرمامىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۇنىڭغا ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ، رەت قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى، پەقەت سۈكۈتلا ئەڭ ياخشى چارە بولىشى مۇمكىن.

تېلېفوننى ئېتىۋېتىپ ئۇھ دېدىم. ئاشۇ ئاۋازدىن يىراقلىماقچى، قۇتۇلماقچى بولۇپ ئېتىۋەتتىم. مانا، كۆز ئالدىمدا چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى...

ئۇ يەر-بۇ يەردە ئۈنۈپ قالغان يانتاقتىن بۆلەك ھېچنېمە يوق. بىر ياۋا توشقان چۆچىگىنىدـ

چە، ئۇ ياق-بۇ ياققا يۆگۆرمەكتە.

قېچىۋاتىمەن، توختىماي قېچىۋاتىمەن... ئاخىر ئۇپۇققا يېقىنلاشتىم. بۇ ئالغۇنلۇق چۆلدە يېگانە قاچماقتىمەن...

ئەجەبا راستىنلا قۇتۇلماقچى بولغاندىمەنمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. ھەدەپ قوللىرىم تېلېفوننى سىلايتتى، ئاچماقچى بولۇپ، شۇنداق ھەرىكەت قىلاتتىيۇ، يەنە توختاپ قالاتتى...

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم. كەلدىمۇ ئارقامغا يىقىلغىلى تاسلا قالدىم. ھېلىقى «سائىل» ئۆيۈمنىڭ نېرىسىدا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى ئۆيۈمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟! دەھشەتلىك قورقۇنچ، قاتتىق بىر ئاغرىق يۈرىكىمنى تىلىپ، يۈرىكىمدىن قانلار شورۇلداپ ئېقىشقا باشلىدى. ھېلىقى تىلىنغان جايغا تۇزلۇق يامغۇر تاراسلاپ چۈشۈپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى.

مەن خۇددى بىرى تۇتۇۋالىدىغاندەك، ئەندىكىپ تېز-تېز چامداپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. باللىرىم تېخى مەكتەپتىن كەلمىگەن ئىدى. تۇرۇپلا باللىرىمدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم، ھامان بىر قورقۇنچنىڭ گەۋدىسى ماڭا سايە تاشلىماقتا ئىدى. ئالاھەزەلا 15 مىنۇتلاردىن كېيىن قوشكېزەك باللىرىم كۈلۈشكىنىچە كىرىپ كېلىشتى، قولىدا دەستىلىك كەمپۈت تۇراتتى.

-ئانا، ئىشىك ئالدىدا بىر ئادەم بار ئىكەن، بىزگە كەمپۈت بەردى، قارا!

يۈرىكىم «قارت»لا قىلىپ قالدى-دە، جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، باللارنى ئۇرۇشقا باشلىدىم.

-ھۇ ئادەم بولمايدىغان ئاچكۆزلەر! مەن خەق بىر نەرسە بەرسە ئالماڭلار، دەپ نەچچە قېتىم دېدىم-ھە؟! قاچان ئادەم بولىسىلەن؟ تويە، مانا توي كەمپۈتكە، تويە خەق بەرگەن نەرسىگە!-مەن دەستىلىك كەمپۈتنى باللارنىڭ ئاغزىغا دەستىسى بىلەن قوشۇپ كەپلەشكە باشلىدىم. ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئىدىم، ئۆينىڭ ئىچى باللارنىڭ قىيا-چىيالىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

مەن باللارغا ئىچ ئاغرىتقىنىمچە ئۇلارنى بەزلىمەكچى بولۇپ، ھۇجرىسىغا كىردىم. ئەمما باللار ھۇجرىدا يوق ئىدى. شۇ چاغدا بىردىنلا باللارنى مومىسىنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغىنىم ئېسىمگە كەلدى. بايىقى قىيا-چىيالار ئەسلىدە خىيالىمكەن. ئەمدى بىردىنلا قايسىسىنىڭ خىيالىم، قايسىسىنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدىم.

كېچىلىرى پەقەت ئۇيقۇم كەلمەس بولۇپ قالدى. ئاجايىپ بىر قورقۇنچ، ئالاقزادىلىك ئىچىمگە كىرىۋالغاندى. چېچىلىپلا قالىمەن. ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن...

بىر كۈنى ئىشخانا مەسئۇلىمىز ماڭا تەنبىھ بەردى. خىزمەتتىكى بىنورماللىقىم ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغان بولسا كېرەك.

شۇ تەرىزدە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ھېلىقى خىزمەتدىشىم ھېچ كۆرۈنمەيتتى. نەچچە كۈندىن بۇيان بولمىسۇن ئىلاھىم دەپ غەزەپكە تۇشقان يۈرىكىم، قورقۇنچتىن كېرىلگەن كۆزلىرىم ئەمدى ئاشكارا ئىزدەپ قالغان ئىدى. ئازاب ئىچىدە ئىختىيارسىز ئىزدەپ قالغان ئىدى. بىنا ئالدىلىرىدا، يوقلىما ئورۇنلىرىدا ئۇچراپ قالارمۇ، دەپ كۆزۈمنى ئىزدەشكە ئەۋەتتىم. ئەمما تاپالماي قايتىپ كەلدى.

سىرتقا چىقتىم. گىمناستىكا مەيدانىدىن توپا پۇرقىراپ تۇراتتى. سۇترەڭ توپا يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى، چۆگىلەپ-چۆگىلەپ سىرىققا ئۆزگىرىپ، نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتمەكتە ئىدى.

بوران چىقمىسا بولاتتى، بوران چىقسىلا يۈرىكىم ئېغىپ كېتىدۇ، چەكسىز بىر غېرىبلىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالىدۇ.

توپا يېغىشقا ھازىرلىنىۋاتقان ھاۋانىڭ پەيلى يامان...

«نېمە بولغاندىمەن؟ ئەمدى تۇيۇقسىز ئۇنى سېـ
غىنىش زەۋقى زەررىچە شېرىنلىكنى ئاتا قىلىـۋا
تىدۇغۇ؟» يۈرىكىمدە بىر غەليان پەيدا بولـدى.
چارچىغان نېرۋىلىرىم بۇ غەليانىنـىڭ قانداق بىـر
تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايۋاتاتتى. ئۇنى سۆ
رۈشتۈرگۈم كېلىپ قالدى. ئەمـما نېمـشقا سۆ
رۈشتۈرىدىغانلىقىمـنىمۇ بىـلمەيـتتىم. كـۆڭلىرىـم
شۇنداق بەتـتام تۇيغـۇلارغا يەم بولـۇپ، ئەقلىـم
بىلەن ھېسسىياتىم ئوتتۇرىسىدا كۆرەش بولدى.

ـ ئانا، ما تاپشۇرۇقۇمغا ئىمزا قويۇپ بېرىڭە
ئوغلۇمنىڭ چۈچۈك تىللىرىدىن چىقىۋاتقان مۇ
نۇ جۈملىـنىڭ مەنـىسى تۇيـغۇمنى قـوچىلـدى.
بىخودلاشقىلى باشلىغان نېرۋامنى سەگىتكەندەك
بولدى. «ئىمزا؟ بىر ئادەمنىڭ ئىمزاسى نېمىدىن
دېرەك بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە مەسئۇلىيـەتتىن دېـرەك
بېرىدۇ...»

بۇنداق چاغدا مەسئۇلىيىتىمنىڭ نە قەدەر ئې
غىرلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلىمەن. ئەمـما نەدىمـۇ
شۇنداق بىرلا ئەقىل بىلەن تۇيغۇنى ئۆلتۈرگىلى
بولسۇن؟ بىراق مەندە شۇنداق بىر ئەقىل بولـد
دىكەن، ھامان بىر كۈنى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ
قالغان لەنىتى تۇيغۇم ئاستا_ئاستا يوقىلىدۇ. مەن
ئۆزۈمنى ئاشۇنداق تىزگىنلەيتتىم، بەزلەيتتىم.

«قورقۇنچلۇق سايىدىن قۇتۇلۇش كېرەك.»
ئەقلىم تۇيغۇمغا شۇنداق بۇيرۇق بېرەتتى.

مېڭەم چاراسلاپ، بېشىم تولا ئاغرىيدىغان بو
لۇپ قالدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئا
خىر سالامەتلىكىمنى تەكشۈرتكەچ، بىر مەزگىل
ئارام ئېلىپ كەلمەكچى، ئۆزۈمنىڭ قاپقارا سايـ
سىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ئون بەش كۈنلۈك
رۇخسەت سورىدىم. بالىلىرىمنىڭ بىـرسىنى قېـ
يىنئانام، بىرسىنى ئاچام ئېلىپ قالدى. شۇنـداق
قىلىپ ئېرىمنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن بىكەتكە
قاراپ يولغا ئالدىم.

ـ كەلدۇق، ئۇخلاپ قاپسىز_دە؟!
خىيالدىن سەگىدىم، مادارسىز پۇتلىـرىمنى
يۆتكەپ، ئىـنىستـىتۇت دەرۋازىسـىغا قاراپ ماڭـ
دىم. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەڭگارەڭ ئې
چىلغان گۈللەر رىشاتكىلار بىلەن قورشالغان بو
لۇپ، ماڭا قاراپ جىلمىيىۋاتقاندەك، ئاۋۇ تۆمـۈر
توساقلارنى ئېلىۋېتىپ، مەيىن شامـالدا ئەركىـن
نەپەس ئالغۇسى بارلىقىنى ئېيتىۋاتقاندەك، ئۆتۈ
نۈۋاتقانـدەك تۇيۇلدى. ئـۈرۈمچىنـىڭ نەمخـۇش
ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ، يېڭىچە كەيپىيات ئاتا
قىلدى.

ـھە، كەلدىڭىزمۇ؟ـدەپ ئاددىيلا كۈتۈۋالدى
ئېرىم.

ـھەئە، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ سالامەتلىكـ
ڭىز ياخشىدۇ؟ بالىلارنىڭ سىزنى بەك كۆرگـۈ
سى كەلدى، ئەمما مەكتەپكە بارىدىغان بولغاچقـا
ئەكىلەلمىدىم،ـدېدىم قىزغىنلىق بىلەن.

ـھە، شۇنداقمۇ؟ بىلىمەن،ـدېدى يەنە ئېرىم
سوۇسلا.

قانداقتۇر بىر خىل كەمتۈك كەيپىيات كۆڭـ
لۈمنى سەلا يېرىم قىلدى. ئەسلى مەن ئېرىمنـى
كۆرسەم يىغلاپ تاشلارمەنمىكىن، جىـمى پىغانـ
لىرىمنى ياشلىرىم بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋېتەرمەنـ
مىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم.

ـئەتە كېتەرسىز؟!ـدېـدى ئېرىم تـۇيۇقسـىز
چۈشىنىكسىز تەلەپپۇزدا. مەن چۆچۈپ ئۇنىڭغـا
قارىدىم.

ـنېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟ نېمشقا؟

ـ كاللىڭىزنى خېلى ئوبدان ئارام ئالـدۇرۇپ
بوپسىزغۇ ئەنە!!ـئېرىم ماڭا قاراپ ئىستىھزا بىد
لەن، غەلىتە بىر تەرىزدە كۈلدى.

ـنېمە دەۋاتىسىز؟ قانداق ئـارام ئالدۇرۇپتىـ
مەن؟

ـيولدا ئـوبدانلا ئارام ئـېلىـپ كـەپسـىزغۇ؟
چارچىغان نېرۋىلىرىڭىزمۇ ئوڭشىلـىپ قالغانـدۇ
ئەمدى؟ ئۇنىڭ ئۈسـتىگە يـۇرتتىمـۇ سىزنـىڭ
نېرۋىڭىزنى ئارام ئالـدۇرىدىغان پـەرۋانىلەر بـار
مىش. ئەتە كەچ يولغا سېلىپ قويای، يەنە يولدا

ئارام ئالدۇرغاچ ماڭارسىز،-ئۇ غادايغىنىچە ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بىر خىل زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى بىر ئۆتكۈر نەيزىگە ئايلىنىپ، يۈرىكىمگە «غاچچىدە» سانجىلىپ كەتتى. يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان قانلار كىسلاتاغا ئايلىنىپ، ئىچ باغرىمنى ئېچىشتۇرۇپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

-نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟-ئاچچىقىم بىلەن دېدىم ئۇنىڭغا.

-نېمە دەۋاتقىنىم ئۆزىڭىزگە ئېنىق، تولا مېنى كولدۇرلىتىمەن دېمەي، ئارامىڭىزنى ئېلىپ ئەتە كەچ يولىڭىزغا مېڭىڭ.

ئەمدى ئارتۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى، جىق گەپ قىلىپ كۆڭۈلا ئاغرىقى تاپقاننىڭ پايدىسى يوق.

مەن پەستە قالدىم، ئۇ سەپەر چامادانىمنى ئېلىپ ياتىقىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئۇ 60 كۋادرات مېتىرلىق كىچىك بىر بىنا ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان ئىكەن.

شاماللار مېنى ئەركىلەتمەس بولدى. مېنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق ئىسسىپ كەتتىم، بىردە تېنىم شۈركىنەتتى.

-ئۈرۈمچىلىكنى دوراپ ياغلىقنى تاشلىدىم دەڭ؟ ئۆزىڭىزچە مەدەنىيەتلىك بولغىنىڭىزكەن-دە؟

ئۇ يېقىمسىز كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا قار-شىۋىرغانلىق، بورانلىق ھاۋانى ئەسلەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ كەتتى. ئارتۇقچە چۈشەندۈرگۈممۇ كەلمىدى، پەقەت ئاغرىۋاتقان يۈرىكىمنى پات-پات سىلاپ قويغىنىمچە، ئۇنىڭ كەينىدىن كىچىك بىر ئاشخانىغا كىردىم. مېنىڭ ئەسلى بىر مۇنچىغا چۈشۈۋېلىپ، ئاندىن تاماق يېگۈم بار ئىدى، ئەمما بۇ گەپلەرنىمۇ دېيەلمىدىم.

ئۇ توختىماي تاماكا چېكىشكە باشلىدى، ئارىمىزدا گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى، بۇيرۇلغان ئۆگرىمۇ گېلىمدىن ئۆتمىدى، گېلىمدىن غورت-غورت قىلغان ئاۋاز چىقىپ كېتىپ، تېخىمۇ ئەپسىز بىر كەيپىياتنى پەيدا قىلىپ قويۇۋاتاتتى.

مەن ئون نەچچە يىلنى قەرز تۆلەش، بالا بېقىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم، ئەمدى ئۇ ئىشلاردىن خېلى سىلىكىپ، ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم كەلگەن ئىدى. ئاشۇ بالىلارنىڭ ئادەمنىڭ جېنىنى ئىككىلەيدىغان ئۇششاق جاپالىرى، قەرز ئىگىلىرىنىڭ بىئارام قىلىشلىرى، ھاقارەتلىرى ئۆتۈپ كېتىپ، ئەمدى ئۇھ دەي دەپ تۇراتتىم، ئەمما ئاجرىشىدىغان بولۇپ قالدىم. ئېرىمنىڭ ئەمدى مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا كۆڭلى كۆتۈرمەيدىكەن.

ئېرىم تەتىلگە كەلگەندە خېتىمنى بېرىۋېتىدىغانلىقىنى دېدى. ئەمدى مەن «خېتى يوق»لار قاتارىغا كىرىمەن. ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن جاپا-مۇشەققەتلىك، گۈلدەك ياشلىقىم ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. بالىلىرىم تىرىك يېتىملار كوچىسىدا تەمتىرەپ ماڭىدۇ. ھېچكىم ماڭا ھېسداشلىق قىلمايدۇ. بەلكى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدۇ.

ئېرىمنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدۇق.

بوران چىقمىسا بولاتتى، بوران چىقسىلا يۈرىكىم ئېغىپ كېتىدۇ.چەكسىز بىر غېرىبلىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالىدۇ. شۇ تاپتا بۇ بوران ئىچىمدىن چىقىۋاتاتتى.

ئەي،قەدىرلىك ئېرىم!سىز نېمىشقا يىلانغا پۈت سىزغاندەك ئارتۇقچە ئىش قىلىدىغانسىز؟ ئەگەر سىزگە ئاسىيلىق قىلىشنى ئويلىغان بولسام، ئالدىڭىزدا ئۆلۈپ بېرىمەن.

ئىچىمدە ئەشۇنداق چوقان كۆتۈرۈلەتتى.

تۇيۇقسىز كارۋات ئاستىدىكى ئايالچە ئاياقلارغا، كارۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە يېيىپ قويۇلغان ئۇزۇن پايپاققا كۆزۈم چۈشتى. ۋادەرىخا! ھەممە

ئش ئاياقتىكى ئاشتەك ئايان بولدى. بىردىنلا «باھانەڭ بارمۇ» دېگەن ئېلان خىيالىمغا كېچىپ قالدى.

ئاھ، مېنىڭ دەردىمگە دەۋا بارمىدۇ؟!

مانا، خىيالىمدا چەكسىز كەتكەن بۇدۇر-بۇدۇر قۇم بارخانلىرى...

ئۇ يەر-بۇ يەردە ئۈنۈپ قالغان ياتناقتىن بۆلەك ھېچنېمە يوق. بىر ياۋا توشقان چۆچىگىنىدچە ئۇياق-بۇياققا يۇگۇرمەكتە.

قېچىۋاتىمەن... توختىماي قېچىۋاتىمەن... ئاخىر ئۇپۇققا يېقىنلاشتىم. بۇ ئالۇۋۇنلۇق چۆلدە يېگانە قاچماقتىمەن... ئۆزۈمنىڭ قاپقارا سايسىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ توختىماي قاچماقتىمەن...

-ھەي، ھەي،خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، بىر خىل كېسەللا تارقىلىپتۇ. ئۇ ھالالا جۇپتىدىن باشقا ئەر-ئاياللارغا غەيرى نىيەتتە بولغان ئەرلەرگە، ئاياللارغا چىقىپ قالىدىغان بىر خىل ئۆسمە ئىكەن. ئۇ ئۆسمە ئۇ ئەر-ئاياللارنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياڭاق چوڭلۇقىدا ئۆسۈپ چىقارمىش. شۇڭا ئاياللار كومىتېتىمىز شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى، بارلىق ئاياللار ئاشۇنداق پېشانىسىدە ئۆسمىسى بار كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلىمكى لازىمدۇر...

بىر جاكارچى مىكرافوننى ئىككى قولىدا چىڭ قامالىغىنىچە شۇ گەپلەرنى تەكرارلاپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ئەتراپىمغا قارىدىم.كېلىدىغان چاغدا ئاپتوبۇستا يېنىمدىكى ئورۇندىلا ئولتۇرغان ئەرنىڭ پېشانىسىدە ئاشۇنداق ياڭاقچىلىق چوڭلۇقتا بىر مونەك بار ئىدى. مەن جىددىيلىشىپ تېز-تېز قاراشقا باشلىدىم. بەزىلەرنىڭ مونىكى ياڭاقچىلىك، بەزىلەرنىڭ گىلاسچىلىك، يەنە بەزىلەرنىڭ ئالمىچىلىك چوڭلۇقتا ئىدى. ئەتراپىمدا پېشانىسىدە مونىكى بار ئادەملەر مىغىلداپ يۇرۇشمەكتە ئىدى. يەنە ئۆزۈمنىڭ پېشانىسىنمۇ سىلىدىم. «سېنىڭكىدە پەيدا بولغىلى قىل قالغان. ئەمما پەيدا بولمىدى، بولدى سىلىما» دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا غايىب بىر ئاۋاز.

ئۇ كىشىلەر شۇنداق بەتبەشىرە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاپتوبۇستىكى ھېلىقى زۇۋاندارمۇ، مېنى قورقۇتۇپ قىيناۋاتقان ھېلىقى «پەرۋانە»مۇ، يەنە ئېرىمىنىڭ دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قويۇپ قايتالماي 4-قەۋەتتىن سەكرەپ، پۇتى سۇنۇپ كەتكەن (ئۆيلەنمىگەن) ياش يىگىتمۇ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىنى ئۆيىگە تولا باشلاپ، ئاخىر ئۇ بالىنى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلغۇزىۋەتكەن تولا ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك بەدبەشىرە بولۇپ قالغان ئىدى.

-خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار. ئاۋۇ مۇنىكى بار ئەر-ئاياللارغا يېقىن يولىماڭلار. ئۇلارنىڭ مۇنىكى يۇقىدۇ، ئۇلار يات ئارىدا سېسىپ كېتىدۇ. بىر توپ قاغا-قۇزغۇن يۆتكەپ كەلدۇق، سېسىپ جېنى چىققان ھامان قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىمىز، - ئاق خالات كىيگەن يەنە بىر جاكارچى ئۆتۈپ كەتتى. مەن مونىكى بار ئەر-ئاياللاردىن ھەدەپ قېچىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتىم.

-ساراڭ بولدىڭىزمۇ نېمە؟ نېمانداق كۇلۇۋېرىسىز؟-ئېرىمىنىڭ تۇرتۇپ ئويغىتىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. تەرلەپ كېتىپتىمەن. ئەمما كۆڭلۇم شۇنداق ئېچىلىپ قالغان ئىدى.

تۇيۇقسىز بىر نەرسە يادىمغا كېلىپ، ئېرىمنىڭ پېشانىسىگە شاققىدە قارىدىم. ئۇنىڭ پېشانىسىدە ياڭاقچىلىك چوڭلۇقتا بىر مونەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەمما بۇ مونەكنىڭ ئېرىمنىڭ پېشانىسىدە ياكى كۆز قارىچۇقۇمدا پەيدا بولغانلىقىنى ھېچ ئىلغا قىلالمايۋاتاتتىم.

**(ئاپتور چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە)**




كۈز شاملى چاچلىرىمنى ئۇچۇرۇپ، مەڭزىمگە ئاستا سۆيمەكتە. ھارغىن تەنلىرىم ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالماقتا. نېمە دېگەن ئالدىراشچىلىق ھە! كۈن ئەمەس، يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەس بولۇپ قالدىم. تۇۋا، رەيھانىنىڭ قىزىنىڭ غۇنچە تويىنىڭ بۇنچە تېز يېتىپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان. رەيھانىنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايمەن. مەن باللامنىڭ خەتنە تويىنى قىلغاندا ئۇ ھەقىقەتەن بەك ئەسقاتقان جۇمۇ. مەن شۇلارنى خىيالا قىلغاچ ئەمدىلا تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىزىمنى قوشنامنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، رەيھانىنىڭ تويىدا كىيىش ئۈچۈن ئاتايىن سېتىۋالغان يېشىل رەڭلىك كۆڭلىكىمنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتىم. مەن ئۆزۈمنى پەدەزلىشىم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا گۈزەللىكىمنى نامايان قىلىشىم كېرەك.

كۈز شاملى قىزارغان ياپراقلارنى شېخىدىن ئايرىپ زىمىنغا تون يېپىۋاتقان بۇ كۈز پەسلى توي-تۆكۈننىڭ ئاۋات مەزگىلى. مانا بۈگۈنمۇ گىرىمخانىلار تۇشۇپ كەتكەن ئىدى. شۇندىمۇ قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر بىر گىرىمخانىنى تاپتىم-دە، ئۇھ دېدىم. بوش ئورۇن بولمىسىمۇ ئالدىمدىكى ئاۋۇ ئىككى خانىمنىڭ چېچى ياسىلىپ بولسىلا ماڭا نۆۋەت كېلەتتى. تۇۋا، ئۆيدىن يېرىم كۈن بۇرۇن چىقىپمۇ قارىمامدىغان نەچچە سائەتكىچە گىرىم قىلالماي يۈرگىنىمنى. مەن گىرىم قىلىپ بولغۇچە سائەت قانچە بولۇپ كېتەر-ھە؟ ئوغلۇم مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ سىڭلىسىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ چىققانمىدۇ؟! باللارنىڭ دادىسى ئالدىنقى سەپتە بولغاچ ئۇنى نەچچە كۈندە ئاران بىر كۆرەلەيتتۇق. ئۇ بولغان بولسىمۇ خاتىرجەم توي ئويناپ كەلگەن بولار ئىدىم. ئەمما ماڭا ئۇنداق شارائىت يوق...

-ھەدە، سىزگە نۆۋەت كەلدى،- گىرىمچىك قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى. مەن قولىلا سومكامنى جايلاشتۇرۇپ، قىزچاق كۆر- سەتكەن ئورۇندۇققا جايلاشتىم.

-سىڭلىم، گىرىمنى تەبىئىي قىلىڭ، بەك قېنىق بولۇپ كەتمىسۇن!- دېدىم مەن.

- بولىدۇ ھەدە،-قىزچاق ئەپچىل قوللىرى بىلەن گىرىم قىلىشقا باشلىدى.

-سىز ياندىشمۇ؟-سورىدى قىزچاق قولىدى- كى ماينى يۈزۈمگە سۈرگەچ.

-شۇنداق،-جاۋاب بەردىم مەن ئېرىنىپىراق. ئۇ مېنىڭ ئۈستى- بېشىمغا بىر قۇر قاراپ قوي- دى.

-بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟-سورىدىم مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئەيمىنىپ.

-مۇنداقلا سوراپ قويدۇم. كۆڭلىكىڭىزغۇ بولىدىكەن، لېكىن ھازىر ياندىشلار مەخسۇس مۇراسىم كۆڭلىكى كىيىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟! شۇڭا سوراپ قويدۇم،-ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا قولا تېلېفونۇمنىڭ سايرىغان ئاۋازى سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. تېلېفون ئۆيدىن كەلگەن ئىدى.

-ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاپا، مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، سىڭلىمنى قايتۇرۇپ چىققان ئىدىم. نېمە بولىدىكىن تاڭ، بەك ياندۇرۇپ كې- تىۋاتىدۇ.

كىملەردۇر بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى شارقىرىتىپ قۇيغاندەك ئۆيگە يۈگۈردۇم.

-ھەدە، گىرىمىڭىز چالا ئىدى،- قىزچاق قولىدىكى مەن تۇتقۇزغان پۇلغا قارىغىنىچە قې- تىپ تۇرۇپ قالدى.

كۈز شاملى كۈچەيمەكتە. مەن ئاران دې- گەندە بىر تاكسىنى توسۇپ ئۆيگە ماڭدىم. بالد- نى باللا قانداق داۋالىيالىسۇن؟ ئۇمۇ تېخى 12 ياشقا توشمىغان تۇرسا. جېنىم بالىلىرىم، مەن كەلدىم.

ماشىنىدىن چۈشۈپ، پەلەمپەيدىن قانداق چىققىنىمنى ئەسلا بىلمەيتتىم. ئۆيگە كىرگىنىم- دە ئوغلۇم كىچىكلىكىگە باقماي يەردىكى قۇ- سۇقلارنى ئادالاۋاتاتتى. قىزىم جاھاندىن خە- ۋەرسىز ھالدا كارۋاتتا ياتاتتى. پېشانىسىگە قو- يۇلغان لۆڭگىدىن ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى. مەن قىزىمنى قۇ- چىقىمغا ئېلىپ پېشانىسىنى تۇتتۇم، ئۇ خېلىلا قىزىغان ئىدى. مەن ياللۇغ قايتتۇرۇش دورىسى- نى ئىچكۈزۈپ، قىزىمنى كۆتۈرۈپ، ئوغلۇمنى يېتىلەپ دوختۇرخانىغا ماڭدىم.

كۈز شاملى بورانغا ئايلانماقتا. قىزىل ياپراق، سېرىق ياپراق... بوراندا ئۇسسۇلا ئويناپ يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا. تاكسى توسۇش ئۈچۈن كوچىغا چىقتۇق، قىزىمنىڭ قىزىتمىسى بارغانچە ئۆرلەپ، ئېغىر نەپەسلىرىدىن چىققان قىزىق ھور يۈزۈمگە ئۇرۇلغانسېرى يۈرىكىم رېتىمسىز سوقماقتا ئىدى. ئوغلۇم بوراننىڭ ھۇجۇمىدىن خەۋەرسىزدەك يولا ياقىسىدا تاكسى توسۇش بى- لەن ئالدىراش ئىدى، خۇداغا شۈكرى، ئاخىر بىر تاكسى توختىدى.

كۈز شاملى ئاخىر قارا بورانغا ئايلاندى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ جىددى قۇتقۇزۇش بې- ناسىغا قاراپ يۈگۈردۇق. بوران بىزنى توسماقتا ئىدى، يۈزىمىزگە ئاللىنېمىلەر ئۇرۇلاتتى. قارا بوران ئاخىر بوينۇمدىكى شارپامنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قارىغۇدەك، قوغلىغۇدەك نەدە ھەپسىلەم؟! قىزىم قۇچىقىمدا، ئوغلۇم بولسا يې- نىمدا ماڭماقتا ئىدى.

تۇۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ؟ دوختۇرخانا ئادەم دې-

ڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. ئەجەبا بۈگۈنكى بوران ھەممە ئادەمنى بۇ جايغا جەم قىلغانمىدۇ يە؟! مەن قىسىلىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە قىزىمنى دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردىم.

ـ قىزىڭىزنىڭ ئۆپكىسى ياللۇغلىنىپتۇ، دەرھاللا بالنىستتا يېتىش رەسمىيىتى بېجىرىڭ، ــ دېدى دوختۇر قىزىمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ.

ـ بولىدۇ، ــ مەن قىزىمنى كۆتۈرۈپ، ئوغلۇمنى ئەگەشتۈرۈپ، بالنىست رەسمىيىتى بېجىرىشكە باشلىدىم.

قارا بوران تېخىمۇ كۈچەيمەكتە، مەن ئاخىرى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، قىزىمنى كارۋاتتا ياتقۇزۇپ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئورۇنلاشتىم. سېستىرا قىز سالغان ئاسما ئوكۇلا قىزىمنىڭ تومۇرىغا سىڭىشكە باشلىغان شۇ مەنۇتتىلا مەن ئۇھ دەپ ئورۇندۇققا ئورۇنلاشتىم. ئوغلۇمنى قىزىمنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇپ، سەگدەش ئۈچۈن يۈزۈمنى يۇيۇۋەتمەك بولۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىردىم. تامدىكى ئەينەككە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. ئەينەكتە يۈز-كۆزى بويالغان، چېچىنىڭ يېرىمى بۇدرە، يېرىمى تۈز، غەلىتىلا بىرى ماڭا قاراپ تۇراتتى. شۇندىلا بۈگۈن رەيھاننىڭ قىزىنىڭ غۇنچە تويى ئىكەنلىكىنى يادىمغا ئالدىم. ئەستا، مەن بارمىغاننى ئاز دېگەندەك پۇلا قوشۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم. سائەتكە قارىدىم، سائەت ئىسترېلكىسى توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. كىمگە تاپىلىسام بولار؟ مەن پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ئويلاندىم. راست، زىلالەگە تېلېفون ئۇراي، خۇداغا شۈكرى، ئۇ تېلېفوننى ئالدى، مەن ئۇنىڭغا پۇلا قوشۇپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىپ قويۇپ بىر ئاز يېنىكلىگەندەك بولۇپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزۈمنى يۇيۇشقا باشلىدىم.

كۆز شاملى گۈركىرەپ دوختۇرخانىنىڭ دېرىزىسىنى توختاۋسىز چەكمەكتە. سەگدىمەك بولۇپ دېرىزىنى قىيا ئاچتىم، ئاھ خۇدا، يۈزۈمگە نەشتەردەك سانجىلغان سوغۇق ھاۋادىن ئەندىكىپ دېرىزىنى دەرھاللا ياپتىم. كۆزۈمدە لىق ئۇيقۇ، ئەمما كۆز يۇمۇشقا نە چارە؟ قىزىمنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتىم، قىزىتمىسى يانغاندەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر بوتۇلكا ئوكۇلمۇ چۈشۈپ بولدى. قىزىمنىڭ قوللىرىنى ئاستا يوتقانغا يۆگەپ قويۇپ، بېشىمنى كارۋاتنىڭ قىرىغا قويۇپ ئۇخلاشقا تەمشەلدىم. ئەستا، ماۋۇ نىجىس تېلېفون يەنە سايراشقا باشلىدى. مەن يېنىمدىكى كارۋاتتىكىلەرنى ئويغىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، تېلېفوننى كۆتۈرگىنىمچە سىرتقا يۈگۈردۈم. ئېھتىماللا باللارنىڭ دادىسىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. مەن كارىدورغا چىقىپ خالىي جايدىن بىرنى تاپتىم-دە، بايام كەلگەن تېلېفون نومۇرىغا قارىدىم. بۇ تېلېفون بۈگۈنكى تويىنىڭ ئىگىسى بولغان دوستۇم رەيھاندىن كەلگەن ئىدى. ئۇ مەندىن ئەھۋالا سوراپ تېلېفون ئۇرغان بولسا كېرەك، دېگەن خىيالدا نومۇرنى قايتا باستىم. ئۇنىڭ شۇنچە ئالدىراشچىلىق ئىچىدىمۇ ماڭا تېلېفون ئۇرغانلىقىدىن مىننەتدار بولماقتا ئىدىم. لېرىك ناخشىلاردىن كېيىن تېلېفون ئاخىر ئۇلاندى.

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ــ مەن ئۇنىڭغا سالام يوللىدۇم.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـ ئۇنىڭ ئاۋازى بىنورمالا ئىدى، ئېھتىماللا ھاردۇق يەتكەندۇ.

ـ تويىنى ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈۋالدىڭمۇ ئاداش؟ ئەجەب سەت ئىش بولدى، قىزىم ئاغرىپ بارالماي قالدىم، ـ مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرگەچ ئۇنىڭدىن ئەھۋالا سورىماقچى بو-

لۇۋاتاتتىم.

-تويغۇ قىزىدى، لېكىن سەن يوق دېگىنە، كىمنىڭ بالىسى يوق دەيسەن،- ئۇنى ئۇنداق دەر دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، -سەن بالاڭنىڭ خەتنە توينى قىلغان چاغدىچۇ قارا، مېنىڭمۇ ئانام دوختۇرخانىدا ئىدى. مەنمۇ ئانامنى تاشلاپ قويۇپ، خەقلەر مۇراسىم كىيىمنى ئارىيەتكە ئېلىپ كىيسە، مەن نەچچە مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىپ كېيگەن، ئۇقتۇڭما؟! باشقىلار 60 يۈەنگە گىرىم قىلدۇرسا، مەنچۇ قارا، تازا 150 يۈەنگە گىرىم قىلغۇزۇپ خىزمىتىڭنى قىلغان.

ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى باياتىنقى كۆزنىڭ سوغۇق شامىلىدىنمۇ بەكراق سۆڭەك-سۆڭەكلىرىمدىن ئۆتمەكتە، شۇنداقتىمۇ مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشىم كېرەك ئىدى.

-قارا رەيھان، ئەگەر باللارنىڭ يېنىدا دادىسى بولغان بولسا چوقۇم بېرىۋەرگەن بولاتتىم، لېكىن سەنمۇ بىلسەن، غەيرەت تېخى ئىشتىن چۈشمىدى،-مەن يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم.

-كىم سېنى نېفىتچىغا تەگسۇن دەپتىكەن؟!- ئۇ بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتاتتى.

-دوستۇم، بۇ قېتىم شۇنداق بولۇپ قالدى، كېيىن يەنە باشقا ئىشلىرىڭ چىقىپ قالار،- مەن شۇ تاپتا نېمە دېسەم ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىم.

-قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ ئاۋۇ تويغا قوشقان پۇلغا، گىرىمنىڭ پۇلىنى قوشۇپ ئەكىلىپ بەر!

ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچە قوپال ئىدى. كىمدۇر بىرى بېشىمغا بولقا بىلەن ئۇرغاندەك، ياق، يۈرىكىمگە خەنجەر سانجىغاندەك پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ، تىلىم كالۋالىشىپ گەپكە كەلمەي قالدى. ئەجەبا زىلالە پۇلا قوشمىغانمىدۇ؟

-مەن تويىنىڭ پۇلىنى زىلالەگە تاپىلاپ قويغان،- دېدىم ئارانلا.

- ئۇنىڭغا سېنىڭ نېمە دېگىنىڭنى مەن بىلمىدىم، ئەمما تويغا پۇلا قوشمىغىنىڭ ئېنىق.

-مەن سۈرۈشتۈرۈپ ئەتىلا يەتكۈزۈپ بېرەي، خاپا بولمىغىن،-مەن يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدىم.

-بۇ كۈندە قۇرۇق گەپ قۇرۇق قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ قارا، ئەڭ ياخشىسى پۇلۇمنى بالدۇراق ئەكىلىپ بەر!

ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتمەستىنلا تېلېفوننى ئۈزىۋەتتى. يەر چۆگىلەۋاتامدۇ ياكى مەن چۆگىلەۋاتامدىم بىلمىدىم. بېشىم پىرقىراپ، يۈرەكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. نېمە دېگەن ھاقارەت بۇ، مەن تىترىگەن قوللىرىم بىلەن زىلالەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستىم.

- ۋاي ئاداش، تېچلىقمۇ؟ سەت ئىش بولدى، يەنە بىر توي بار ئىدى، شۇنىڭغا ئالدىراپ سېنىڭ پۇلۇڭنى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھازىر تېلېفون نومۇرىڭنى كۆرۈپ يادىمغا كەلدى. ئەتە مەن رەيھانغا چۈشەندۈرۈپ قوياي،-دېدى ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ.

-شۇنداقمۇ؟-مەن ئىختىيارسىز پاكىڭدە يىغلىۋەتتىم. تېلېفوندا زىلالە نېمىلەرنىدۇر سوراۋاتقاندەك قىلدى، ئەمما ئۇ گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۈستۈمدىن بېسىپ تۇرغان قاتمۇ-قات قەرزلەر مېنى گويا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك تىنىقلىرىم يېتىشمەي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدىم.....

كۆز شاملى، يەنە شۇ كۆز شاملى دەرەخلەرگە ئۇرۇلماقتا، كۆز يېپىشىم تۈن قوينىغا قويۇلماقتا.

(ئاپتور قاراماي رايونلۇق مەمۇرىي قانۇن ئىجرائىيە ئىدارىسىدا)



مۇھەررىردىن: بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، ئىزدىنىش روھىغا باي، تالانتلىق يازغۇچىمىز مۇھەممەت ئوسمان باغراش 2013-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى مۇھەممەت باغراش 1952-يىلى قارا شەھەر ناھىيەسىنىڭ بازار ئىچىدە قولا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قارا شەھەردە تاماملىغاندىن كېيىن، 1965-يىلدىن 1981-يىلغىچە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس، شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ تۆتىنچى شىركىتىدە شوپۇر، تەشۋىقات بۆلۈم كادىرى، 1982-يىلىدىن1987-يىلىغىچە «شىنجاڭ ئىشچىلىرى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1988-يىلى6-ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى ئىدى.

مۇھەممەت باغراشنىڭ بالىلىق دەۋرى قايدۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى گۈزەل بوستانلىقتا ئۆتكەن. ئۇ مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك دوستلىرى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ قوي باققان، مالچىلار، سالچىلار ۋە بېلىقچىلار بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ شادلىق بىلەن قايغۇ، قەيسەرلىك بىلەن جاپا-مۇشەققەت، ئوڭۇشلۇق بىلەن ئوڭۇشسىزلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئەمگەك تۇرمۇشىغا قىزىققان. ئۇلارنىڭ ئىپتىز-ئېرىق، دەريا بويلىرىنى چاڭ كەلتۈرىدىغان كۆلكە-چاقچاقلىرى، مۇڭلۇق ناخشا-كۈيلىرى ۋە قىزىقارلىق چۆچەك، لەتىپىلىرىگە مەپتۇن بولغان. مانا بۇلار مۇھەممەت باغراشنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان.

مۇھەممەت باغراش1980-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا «سەپداش» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان بولۇپ، بۇ ھېكايە ئېلان قىلىنىپلا كىتابخانلار ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا كۈچلۈك ئىلھام بولغان. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇ«ساۋاب»، «رىزقى»، «ئالىمچى»، «ئادەملەر»، «ئېگىز بىناغا يانداشقان بوتكا»، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «ئاقساق بۇغا» قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست، نەسر ۋە ئوچېرك ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ سەگەك قەلب، ئۆتكۈر كۆزلۈك تىرىشچان يازغۇچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. 1983-يىلى «ساۋاب»، 1987-يىلى «يادىكار» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرى «سوۋغات»، «سەھەر»، «يېشىل ۋادا» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى 1981-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «ساۋاب» ناملىق ھېكايىسى 1982-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا؛ «ئادەملەر» ناملىق ھېكايىسى1986-يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «گۈزەل ۋادا» ناملىق ھېكايىسى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ «شەندەن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. «ئاقساق بۇغا» ناملىق پوۋېستى «يېڭى دەۋر ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللارغا بېسىلغان ھەمدە ھاياتى، ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. بەزى ئەسەرلىرى ھەققىدە خەنزۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى تەرىپىدىن بىر نەچچە پارچە باھا، ئوبزورلار ئېلان قىلىنغان. «ئادەملەر»، «رىزقى» قاتارلىق ھېكايىلەر ياپون، ھىندى، تايلاند، رومىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللىك كىتابخانلىرىنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغان.

مۇھەممەت باغراش ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى يېڭى، ئاكتۇئال

بولۇپ، ئۇلاردا دەۋر روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مۇھەممەت باغراش كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەش ئۈچۈن، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بېيىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا كۆرۈنەرلىك يېڭىلىق ياراتقان يازغۇچىمىز ئىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. تۆۋەندە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيەرلەردىن بىر نەچچىنى بەردۇق:

## باغراشنى ئەسلەپ

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

باغراشنىڭ بويىدا باقتىم باغراشقا،
ئويۇم شارقىراتمىدەك بوغۇلۇپ كەتتى.
ئاق قۇلار پەر تۆكۈشتى بىر قىرقىراشتا
ئەينەكنى پەپىلگەن كۆلا پىرقىراشتا
قومۇشلار سانجاق-سانجاق تۇغۇلۇپ كەتتى.
باياۋان شورىغاندەك يىراقتا تۇرۇپ
قىرغاق ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەپ قۇرۇپ
باغراشنىڭ سۈيى سوغۇلۇپ كەتتى.
باغلارنى باغ ئەيلىگەن تاغدەك بىر قەلەم
سۇندى بۈگۈن تاڭدا ياغقاندا ئەلەم
شېغىلدەك دانە-دانە ئۇگۇلۇپ كەتتى...

باغراشنىڭ سۈرىتىگە چۆكتى كۆزلىرىم،
كۆزۈمدىن تېشىپ-تېشىپ تۆكۈلدى باغراش.
باغراشقا ئايلاندى مەن دەسسىگەن يەر،
كۆز يېشىم قەلىمىنى ئەتكەندە باغاش...

ھايات فورمۇلاسى باغراشتا تۇرۇپ
ئىشلەپ چىقتى يەنە بىزگە تەجرىبە.
قاراپ باغراشقا بىر، ئۆزۈمگە لەكمىڭ
چۆكتۈم فورمۇلانىڭ ئەڭ-ئەڭ ئىچىگە...

**2013**-يىل **12**-ئاينىڭ **4**-كۈنى

## ئەلۋىدا ، ئەي سۆيگۈ دۇنياسى

مۇھەممەتجان سەيدۇللا

يېقىنلىرىم ئۆلۈپ كەتمىگەچ،
مۇسىبەتنى بىلمەس ئىكەنمەن.
بورانلاردا ئۇچارمەن گويا،
تاشقا سۈرگەن بىر تاللا تىكەنمەن.

سەيلىگە باپ كۈز پەسلى يەنە،
سىردىشارمىز دېسەم ئاتۇشتا؛
سالامدىن سوڭ يەتتى شۇم خەۋەر،
باھار كەلمەي تۇرۇپ سوغ قىشتا.

ئەلۋىدا، ئەي سۆيگۈ دۇنياسى،
ئاھ، ئەتىگە تەلپۈنگەن يۈرەك.
قەلەم نېمە؟ بىلگەن جان بىلەن،
ۋەتەن نېمە بىلگەن ئۇندىن بەك!

ئىرادىڭىز چىڭ بولغان بىلەن،
ئاجىز كەلدى ئەمما جېنىڭىز.
ئاتمىش ياشتىن بىر ياش ئۆتۈپلا،
پۈتكەنمىدۇ يۈرەك قېنىڭىز؟

ياق ، ياق، سىزنى خوراتتى سۆيگۈ،
خوراتتى ئاھ «سەبداش» ⑥تىكى غەم.
«ئاقساق بۇغا» ⑥، «ئاھ، شوپۇر! ئاھ، قىز»⑥،
«ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» ⑥ھەم .
⑥⑥⑥⑥-مەرھۇمنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى
(ئاپتورئاتۇش شەھەرلىك دۆلەتلىك باج ئىدارىسىدا)

## كۆتۈرەلمەس دۇنيا مەندەك ھەسرەتنى

ئابلەت ئەخمەت

قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالدى تېڭىرقاش،
شىددەت بىلەن سانچىلغاندا بىر پىچاق.
«يۈرەكتاغ»دىن كوتۇرۇلدى مۇڭ-پىغان،
«كەلكۈن» بېسىپ شاۋقۇنلىدى شۇم چاخچاق.

ئېچىنىشتا قاراپ قالدى ھاياتقا،
«ئاقساق بۇغا» كۆزلىرىدە لىپىلىق ياش.
«جەزىرە»گە ئۇلانماقتا ۋۇجۇدۇم،
ئۆچتى قايدۇ بويلىرىدىن نۇر-قۇياش.

خىياللىرىم كۆلرەڭ رەسىم ئىچىدە،
كۆتۈرەلمەس دۇنيا مەندەك ھەسرەتنى.
ئەقىدىلىك ئىنسان بولۇپ ياشىدىڭ،
ئويۇپ كەتتىڭ ھەر بىر دىلغا غەم-دەردنى.

ئىزلىرىڭدىن جۇلالىنىپ ئەتىرگۈلا،
يېتىلەيدۇ بىزنى قىزغىن تۇرمۇشقا.
مۇھەببەتنى سەندەك بىلگەن ساناقلىق،
پۇرسەت كىرەك ئۆز-ئۆزىنى تونۇشقا.

«تۆت قۇلاق»نىڭ لىۋىدىكى تۈنلەردە،
ئاھ، بىر لەھزە چاقماق بولۇپ چېقىلدىڭ.
دىكابىردا ئېچىلدۇرۇپ ئاپپاق گۈلا،
ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنىغا يىقىلدىڭ.

(ئاپتور گۇما ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدا)




ئەدەبىيات-ئاڭ فورماتسىيەسىگە مەنسۇپ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئالغان سۇبيېكتىپ تەسىراتلىرىنىڭ بەدىئىي، پەلسەپىۋى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادە قىلىنىشىدۇر.

ئەدەبىي ئەسەر-بەدىئىي ئوبرازنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشتەك يۈكسەك ئىدىيەنى نىشان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا گۈزەللىك ئۇرۇقىنى چېچىش ۋە مەنىۋى ئوزۇق بېرىش مەقسىتىدە ئىجات قىلىنىدۇ، شۇنداقلا مۇشۇ مەۋقەنى يادرو قىلىپ تەرەققىي قىلىدۇ.

گۈللەپ ياشناۋاتقان مولا ۋە رەڭدار ئەدەبىيات زېمىنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىزدىنىشكە ۋە بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان بوشلۇقنى بايقايمىز. بىر يازغۇچى قەلەمگە ئالغان نۇقتىلارنى قايتىلاپ ئەكس ئەتتۈرۈش، باشقىلار تۇۋلىغان مۇقامغا ئەگىشىپ تۇۋلاش، خۇددى دوراۋاتقاندەك بىر خىل خاھىشتىكى ئەسەرلەرنى يەنە ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نوقتىنى مەركەز قىلىپ چەمبەر ئەتراپىدا ئايلىنىۋېرىشتەك تەكرار ئىجادىيەت ئەندىزىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە كىرىزىس پەيدا قىلىشى تۇرغانلا گەپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاڭدىكى ھېسسىي پائالىيەت جەريانىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئوبرازغا تايىنىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى، جەلبكارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى ئامىل.

ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس. يازغۇچى رېئاللا تۇرمۇشتىن ماھىيەتلىك نوقتىلارنى تاللاپ بەدىئىي تەپەككۇر ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئەسلى تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان بەدىئىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى يارىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىرەر ئىجتىمائىي مەسىلە يورۇتۇپ بېرىلسىمۇ، ئەگەر كىتابخانلارغا زوق بېرەلمىسە، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا ئەدەبىي ئەسەر بەدىئىي ۋاستىلارغا ئىشارەت قىلىنمىسا ۋەز-نەسىھەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا يورۇتۇلۇۋاتقان بەدىئىي ئوبرازنىڭ كونكرېت، جانلىق، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش-بولماسلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆزى تەۋە بولغان خەلق ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى بىر قەدەر تولۇق تونۇش، نازۇك نۇقتىلىرىغىچە چۈشىنىش، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش مۇپەسسەلا، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ ھالقىسىدۇر.

ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان ماكان ۋە
زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلە-
شى، شۇنداقلا شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنى رەڭگارەڭ
سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغان مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ
ئىپادىلىنىش شەكلى. شۇڭا شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھا-
ياتىي پائالىيىتىدىكى ئوخشىمىغان ياشاش ئەندىزىسى،
ئوخشىمىغان كۆز قاراش رەڭ تۈسلىرى ۋە بۇ
قاراشلارنىڭ ئوخشىمىغان جۇلاسى شۇ مىللەت ئەدەبى-
ياتىدا ئەكس ئېتىدۇ، مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي ئالا-
ھىدىلىك ياخشى ئىپادىلەنگەندە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ
جەلپ قىلىش كۈچى ئاشىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئورتاق
مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىدىغان ئامىللار شۇ
مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كې-
چىكى، تۇرار جايى، مىللەت توپى باشقۇرغان يېزا ئې-
گىلىكى، سانائىتى، قاتناش ترانسپورتى، ھۈنەر-سەنئ-
ئىتى قاتارلىق ماددىي مەدەنىيەتكە تەۋە ئامىللارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، شۇ جايدىكى مىللىي
توپ كىشىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى، تىلى، دىنى ئېتىقا-
دى، گۈزەللىك تۇيغۇسى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى،
ھاكىمىيەت ئىشلىرى، تەشكىلات قۇرۇلمىسى، ئائىلە
ۋە مەھەللىۋىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق مەنىۋىي
مەدەنىيەتكە ئائىت ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەدەنىيەت ئامىللىرى شۇ
مىللەت ئەزالىرىغا ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغان ئىماگلار
ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولسا، شۇ ئەسەرنىڭ جەلپ
قىلىش كۈچى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئىماگ دېگەن زادى نېمە؟

بىرەر شەيئىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنى ئىپادىلەي-
دىغان ئەسلى مەنىدىن تاشقىرى مەنالار: يەنى، شۇ
شەيئى ۋە ھادىسىلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىد-
غان كۆچمە مەنا، مەزكۇر شەيئى ۋە ھادىسىلەر تەس-
ۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان كېڭەيتمە مەنا، شۇ
شەيئى ۋە ھادىسىلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىد-
غان يوشۇرۇپ مەنالارنىڭ ھەممىۋاسى ئىماگ بولىدۇ.

ئەدەبىيات نەزىرىيەلىرىدە بەزىدە ئوبراز بىلەن
ئىماگ يانداشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدۇ. ئىماگ ھېسسىياتنى
ئىپادىلەشتىكى بىر خىل يارقىن ۋاستە. بىر مىللەتنىڭ
مەدەنىيەت ئامىلى ئىماگ ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر-
دە ئەكس ئېتىشى ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈ-
نۈشىنى ناھايىتى جانلىق ۋە تەسىرلىك، كۆركەم ۋە
بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. مىللىي روھنى، ئاۋامنىڭ
مەنىۋىي دۇنياسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاپتور-
نىڭ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىماگدىن پايدىلىنىش خېلى
بۇرۇندىنلا بار ھادىسە ۋە خېلى زامانلاردىن بېرى
تەسىرى كەڭ، قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بولغان ئىپادى-
لەش ئالاھىدىلىكى بولۇپ شەكىللەنگەن .

مەسىلەن: مەرھۇم مۇھەممەت باغراش ھېكايىلىرى-
دە بۇنداق ئىماگلارنى گۈزەل ۋە يارقىن پەللىگە كۆ-
تۈرگەن. «تۆت قۇلاق» ھېكايىسىدە جۇۋاننىڭ بىر
كىچىك ھويلا ئىچىدىكى ئاددىي ھايات سەرگۈزەشتى-
لىرى، روھىي كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى ئىخچام ھالدا
بايان قىلىنىپ، جۇۋاننىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر
قاتلىمىدا ئەكس ئەتكەن ناھايىتىمۇ نازۇك ئىچكىي
ھېسسىياتلار ئارقىلىق چىن ئىنسانىي خىسلەتكە ئاپىرىن
ۋە تەھسىن ئوقۇغان. ئاياللارنىڭ ياتلىق بولىشى، ئەر-
لەرنىڭ ئۆيلىنىشى، ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ قانۇنىيىتى،
لېكىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانى ئوخ-
شاش بولمايدۇ، بەزىلەر ئاۋۋال توي قىلىپ ئاندىن
مۇھەببەت باغلىسا، يەنە بەزىلەر ئاۋۋال مۇھەببەتلى-
شىپ ئاندىن توي قىلىدۇ، ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە
خۇددى «تۆت قۇلاق» ھېكايىسىدىكى مەكونا بىلەن
جۇۋانغا ئوخشاش ئەر-ئايالا بىر ئۆيدە دائىم بىللە
ياشىسىمۇ، مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدۇ. ھېكايىدىكى
مەكۇنا بىلەن جۇۋان تامامەن بىر-بىرىگە ئوخشىماي-
دىغان غايە ۋە ئىنتىلىشكە ئىگە شەخسلەر بولۇپ، مە-
كۇنا ئېشەكتەك ئىشلەش، كالىدەك يەپ-ئىچىش، ئۆ-
لۈكتەك ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، نە ئائىلە
ئىللىقلىقىنى، نە ئايالىنىڭ ئارمانلىرىنى چۈشەنمەيدىغان
ھايۋان سۈپەت مەخلۇق. ئۇ ئۆيلەنگەندىن كېيىن تاڭ
سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، تا تۈن نىسپىگىچە دۇن-
ياخور قېيىن ئاتىسىنىڭ يېرىگە ئىشلەيدۇ. ئايالىنىڭ قەل-
بىدىكى تالجىقىش، چاڭقاش ۋە ئىنتىلىشلىرىنى خىيالىغا
كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ يات نەرسە. جۇۋان
يۈرەك مۇجۇلدىغان ئەنە شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق
ئىچىدە قويچى تازنىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولىدۇ.
جۇۋاننىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىش شەھۋانىي ئىنتى-
لىش بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي، چىن ئىنسانىي تۇر-
مۇشقا ئىنتىلىش، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.
جۇۋاننىڭ خاراكتېرىدىكى ئىچكى ئۆزگىرىشلەر، نازۇك
تۇيغۇلار ئۇنىڭ ئاشۇ روھىي پائالىيەت جەريانى ئارقى-
لىق ئاشكارىلىنىدۇ. جۇۋاننىڭ قەلبىدىكى ھېسسىياتنىڭ
چوڭقۇرلىششى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا ئاجايىپ ساھىبقىران، كېلىشكەن يىگىت ئوبرا-

زى پەيدا بولىدۇ. ئاپتور ئۇنى تاز ئوبرازىغا قارىغاندا
ناھايىتمۇ ئېنىق ۋە يۇكسەكلىككە كۆتىرىدۇ. ئىنسان
بالىسى تەڭ كېلەلمەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ سىماھە-
دىكى بۇ يىگىت ئاشۇ ئاددىي سەھرا قىزىنى ئۆز باغ-
رىغا چىللايدۇ. ئەسەردە بۇ خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى
ۋە جۇۋاندىكى گۈزەللا ھېسسىيات داۋالغۇشلىرى ئو-
چاق بېشىغا ھەر كۈنى چىرايلىق ئۈنۈپ تۇرىدىغان
تۆت قۇلاقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

مەرھۇم مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا»
پوۋېستىدىكى باش پېرسوناژ ئىشقىيار باتۇر، جەڭ-
گىۋار، شۇنداقلا ئاق كۆڭۈللا، پەزىلەتلىك ئەسكەر بو-
لۇپ، ئۆزى بېقىۋالغان بۇغا بالىسىنى ئىنتايىن ياخشى
كۆرىدۇ. بۇغا بالىسى ئالدىدا ئىنساننىڭ ئىززەت-
ھۆرمىتى دۇنيادىكى ئورنى ۋە قىممىتى گەۋدىلەندۈ-
رىلىدۇ. ئىشقىيار بۇغا بالىسى ئۈچۈن بارلىق ئىمتى-
يازلاردىن ۋاز كېچىدۇ. ئاپتور ئىشقىياردىكى بۇ خىل
مەنىۋى گۈزەللىك تۇسنى يورۇتقاندا ئىشقىيارنىڭ
ئاق كۆڭۈللا، پاراسەتلىك، ئۆز قەۋمىگە نىسبەتەن ئىپ-
تىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بوۋىسىنى يانداشتۇرۇپ
تەسۋىرلەيدۇ، بۇ پېرسوناژلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئە-
نىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئىچىگە قويۇپ گەۋدىلەن-
دۈرىدۇ. ئەسەردە ئاپتور خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ئىت-
قاتچىلىقىغا بولغان گۈزەللا كۆز قاراشلىرىنى تارىخ ۋە
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە بولغان پەلسەپىۋى ئويلىنىش-
لىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ خىل ئويلىنىش
تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى
بولۇپ كېلىۋاتقان بۆرە مۇھەممەت باغراشنىڭ قەلىمى
ئاستىدا سەممىي، ئەقىللىق، كۈچ-قۇدرەتنىڭ بەلگىسى
سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بوۋاي ئىشقىيارغا سۆزلەپ
بەرگەن رىۋايەتتە دۇنيانى تەرك ئەتكەن ئۈچ نەپەر
گۈزەللا قىز بولۇپ، ھېچكىم ئۇلار بىلەن توي قىلىشقا
پېتىنالمايدۇ. ئۇلار تاغ ئۈستىدە ياسالغان ئىلاھىدە
سارايغا ئەكىلىپ قويۇلىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى
ئىلاھىي بىشارەتنى قوبۇللا قىلىپ بۆرىگە جۆرە بول-
دۇ-دە، بەش ئوغۇللا تۇغىدۇ. ئۇلارنىڭ كەنجىسى ئو-
غۇزخان بولۇپ چىقىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئادەتلىرىدە
بۆرىگە چوقۇنۇش، بۆرىنى تۇتېم قىلىش ئادەتلىرى
ھېلىھەم مەۋجۇت. بۆرە ھوشقىنى ئەتىۋارلاش، بۆرە
تۈكلىرىنى ياخشىلىق، قارا باسماسلىق ئۈچۈن ساقلاش
ئادەتلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. بۇ ئەسەردە تەسۋىر-
لەنگەن بۆرە ناھايىتى سۆيۈملۈك بولۇپ، كىشىگە ئا-
جايىپ گۈزەللا ئىلھاملارنى بېرىدۇ. مۇھەممەت باغراش

خەلقىمىز قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۆرە ئوبرا-
زىدىن پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئى-
يىتى دەۋرىدىكى ئىنتىلىشلىرى ۋە تۇتېم ئېتىقادچىلىق
كۆز قاراشلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەر-
گەن.

يەنە مەرھۇم مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاپپاق ئېچىل-
غان سۆگەت گۈلى» ھېكايىسىدىمۇ ئىماگلاردىن ناھا-
يىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. ئەسەردىكى ئاتىللا
ناھايىتى جىمغۇر، لېكىن ئەقىللىق بالا بولۇپ، پېشانى-
سىدىن بەخت-سائادەت نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئا-
تىللانىڭ دادىسى چۈنچە باي ئىنتايىن پۇلخۇمار، دۇن-
ياپەرەس كىشى بولۇپ، ئاتىللانىڭ ئانىسى مايىسخانمۇ
ئېرىگە ماسلىشىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن. كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى سۆگەت گۈلى ئاق ئېچىل-
دۇ. خەلقىمىزدە سۆگەتگۈللا ئاق ئېچىلسا شۇملۇقتىن
بېشارەت بېرىدۇ، دەيدىغان كۆزقاراش بار. شۇڭا
مايىسخان قورقۇپ كېتىدۇ، ئوغلىغا يوللا چاۋىرى تې-
رىپ ئىسرىق سالىدۇ. ئاتىللانىڭ دادىسى چۈنچە باي
گەرچە كاۋاپچىلىقتىن كىرىم قىلىپ تۇرمۇشنى قامدىسى-
مۇ، ئۆزىنىڭ پۇللا تېپىش قورالى ھېسابلىنىدىغان بۇ
كاۋاپچىلىق ھۈنىرىنى قەدىرلىمەيدۇ، ئەكسىچە
كاۋاپلارنىڭ تۇغرامچىسىنى كۈنسايىن ئۇششاق تۇغرى-
غاچقا، خېرىدارلار ئۇنىڭ كاۋاپلىرىغا قارىماس بولىۋا-
لىدۇ. چۈشكىچە تۈزۈك سودىمۇ قىلالمايدۇ، زىقلارغا
ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپلارنى چۈۋىن بېسىپ، كاۋاپدانغا
قويۇلغان كاۋاپلارنى يەلپۈپ، بولىشىچە خېرىدار چا-
قىرىپ، تەرەپ-تەرەپكە بويۇن سوزۇپ، كاۋاپ ئال-
دىغان ئادەملەرگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان چۈچە باي
ھېرىقىپ تۇرغاندا ئوغلى ئاتىللا كېلىپ قالىدۇ. چۈنچە
باي ئاتىللاغا بىردەم كاۋاپلارغا قاراپ قويۇشنى تا-
پىلاپ جۈمە نامىزىغا كىرىپ كېتىدۇ. كارامەت دەللا
شۇ پەيتتە يۈز بېرىدۇ. ئاتىللا كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا كې-
لىشى بىلەن كاۋاپلار ئارقا-ئارقىدىن سېتىلىپ، باس--
باس قاينام بازار شەكىللىنىپ، كاۋاپلارنىڭ ھەممىسى
تۈگەيدۇ. ھايالا ئۆتمەي قايتىپ كەلگەن چۈنچە باي
بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھەيران بولىدۇ.

ئىلگىرى نەچچە قېتىملاپ خېرىدار چاقىرىپ بار
ئاۋازى بىلەن بازاغا سالسىمۇ سېتىلماي قالغان ئىشەكنى
ئاتىللا مىنىپ بازارغا كىرگەندە ئىشەكنىڭ خېرىدارلىرى
ئاۋۇپ يۇقىرى باھادا ساتقانلىقنى ئويلاپ بالىسىدىكى
خىسلەتتىن سۆيۈنگەن پۇلخۇمار دادا چۈنچە باي، شۇ
كۈندىن باشلاپ ئوغلى ئاتىللانى مەكتەپكە بارغۇزماي

كاۋاپچىلىق قىلىشقا قىستايدۇ ۋە ئوغلىنىڭ سىرلىق،
ئەقىل بىلەن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان خاسىيەتكە
ئىگە بولۇشىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ ئۆز ئوقتىنى كې-
ڭەيتمەكچى بولىدۇ. بىلىمگە ھېرىسمەن، دۇنيا ھەققى-
دە ئاجايىپ سىرلىق خىياللارنى قىلىدىغان ئاتىللا ئو-
قۇشنى تاشلاپ كاۋاپچىلىق قىلىدۇ. ئاتىللانىڭ بازىرى-
نىڭ ناھايىتمۇ ئىتتىكلىكىدىن چۈنچە باي تولىمۇ خۇ-
شاللا بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاتىللا ئۇزۇنغا بارمايلا تو-
يۇقسىز ئاشۇ كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان بازارنىڭ نەق
ئۆزىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇھەممەت باغراش سۆگەت
گۈلنىڭ ئاپپاق ئېچىلىشى بىلەن ئاتىللانىڭ ئۆلۈم پاجى-
ئەسىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە
ئىگە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادەت قاراشلىرىنىڭ
سىھرى كۈچىنى نامايان قىلغان.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق
پوۋېستىدىمۇ بۇ خىل گۈزەللا ۋە تارتىملىق ئىستىتىك
كۈچ نامايان قىلىنغان. ھەۋزىخاننىڭ دەسلەپكى ئېرى
شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەخلاق-پەزىلەت-
كە ئەھمىيەت بېرىدىغان، دىيانەتلىك، تەقۋادار زات
ئىدى. بۇ كىشى شەرىئەتنى دەستەك قىلىپ، ئىنچىل
ھالدا شەرىئەتتىكى بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش
مىزانىغا ئېسىلىۋېلىپ، يات جىنسلارغا بولغان ئىنتىلى-
شى ۋە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بىراق
بۇ تەقۋادار دىيانەت ئىگىسى ھەۋزىخاننى كۆرۈش بى-
لەن بۇ ئالەمدە قىلغان بارلىق ئىبادەتلىرىدىن ۋاز
كېچىپ شەھۋانىي نەپسىگە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئامباللا قا-
نۇننىڭ ئەۋرىشىم كۈچىدىن پايدىلىنىپ بۇ ساھىبجامال-
نىڭ ۋەسلىگە يېتىشكە ئۇرىنىدۇ. ئەسەردە ئۆز ئەرلىرى
بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان ئاياللارنى
تىللاۋاتقانلار ئۆز ئەرلىرىنى ئەيىبلىمەيدۇ. بەلكى
ھەمراخاننى ئەپسانىۋىي تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدۇ.
ئەينى چاغدىكى جەمئىيەت كەيپىياتى بويىچە بولغاندا،
ھەۋزىخان تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئاغزىدىن دىيانەت،
ئار-نومۇس، ئەخلاقنى چۈشۈرمەيدىغان، ئەمەلىيەتتە
ئۇچىغا چىققان زىناخور ئېرى بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە
ئۆتكەن بولسا، ئەڭ ۋاپادار ۋە ئەخلاقلىق ئايالا سا-
نالغان بولاتتى. بىراق ھەۋزىخان ئابدۇللانى كۆرۈپ،
ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدۇ. شۇ چاغدىكى
ئەخلاق ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، ھەۋزىخاننىڭ ئاب-
دۇللانى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى تۈگۈلا ئۇنىڭ باشقا
ئەرلەرگە كۆرۈنۈشى ۋە باشقا ئەرلەرنى كۆرۈشىمۇ
گۇناھ سانىلاتتى. بىراق ھەۋزىخان ئۆزىنىڭ گۇناھكار

بولۇش-بولماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماستىن، ئابدۇللا-
نىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئارمانلىرىدا پۇچۇلىنىدۇ. ھەۋ-
زىخاننىڭ زىناخور ئېرى بولسۇن ياكى ئابدۇللا بول-
سۇن ھەمراخان ياكى ھەۋزىخان بولسۇن، ئۆز مەق-
سىدىگە يېتىش ئۈچۈن ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا بىر ئۆ-
مۈر قىلغان تائەت-ئىبادىتىنى تەرك ئېتىپ، ۋاپادار
خوتۇنغا ۋە ئۆمۈرلۈك دوستىغا خىيانەت قىلىش يولىغا
ماڭىدۇ. كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ئەرلەرنى ئۆزىگە
قارىتىپ كۆنۈپ قالغان ھەمراخان ئابدۇللانىمۇ ئىلتى-
پاتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمايدۇ. ھەۋزىخاننىڭ ئۆز دۇن-
ياسىنى، بارلىقىنى، ئېرىنى ۋە دوستىنى بۇ ئاتالمىش
مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىشى كېرەك بولىدۇ.
ئابدۇللا باشتىلا ھاياتىنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم قالغانلى-
قىنى ئويلاپ، ھەۋزىخان بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتىدىن
پۇشايمان قىلىدۇ، ھەۋزىخاننىڭ مۇھەببىتىگە شەك كەل-
تۈرىدۇ. ھەۋزىخاننىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىدۇ، ھەت-
تا ئۇنى رەت قىلىدۇ. ھەمراخان ۋە ئابدۇللا مۇھەببەت
كوچىسىدا ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى تاما-
مەن ئۇنتۇيدۇ. ھەۋزىخاننىڭ تۈرلۈك بىشارەتلىرىگە
پەرۋا قىلماي، سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەۋزىخان
پۇخادىن چىققۇدەك ئۆچ ئېلىش توغرىسىدا ئېنىق بىر
قارارغا كەلمەي تۇرۇپلا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە
ھەمراخاننىڭ قاتىلىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر
نەچچە مىنۇت ئالدىدىكى كۈچلۈك نەپرەت بىردىنلا
قورقۇنچقا ئورۇن بېرىدۇ.

ھەۋزىخان ھاياتى بەدىلىگە گۇناھىنى يۇيۇش نىي-
تىگە كەلگەندە، دادىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ قۇتقۇزىۋېلىش
توغرىسىدىكى تەلەپ ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئام-
بالنىڭ ئۇنى توقاللىققا ئېلىشى شەرتى بىلەن ئۆلۈمدىن
قۇتقۇزۇش قارارى ھەۋزىخاننىڭ ئۆلۈم ئارقىلىق گۇ-
ناھىنى يۇيۇش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. بىراق ئاب-
دۇللانىڭ تۈرمىدە پەيدا بولۇشى ئۇنىڭدىكى ئىنسانىي
تۇيغۇنى قايتا ئويغىتىپ، مۆجىزە يۈز بەرگەندەك،
ھەۋزىخاننىڭ ئاللىبۇرۇن مۇزلىغان ۋۇجۇدىغا ھارارەت
بېغىشلايدۇ. ھەۋزىخان خۇددى تويغا كېتىۋاتقان قىز-
دەك ياسىنىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆلۈم يولىنى
تاللايدۇ.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئوربىتا» ناملىق پوۋېستى
ھېس-تۇيغۇغا بايلىقى، مەزمۇنىنىڭ كۆپ قاتلاملىقى
بىلەن كىتابخانلارغا ناھايىتى تونۇشلۇق. ئەسەردە ئا-
سىيەنىڭ سەممىي مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ
شۇ قەدەر گۈزەللا ئەخلاقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى-

نىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئابلىكىمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرى-
شەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھالق
بارغانسېرى يوغىناپ كېتىدۇ. ئاسىيە ئۆز ئانىسىغا
ئوخشاشلا ئائىلىسىدە تىرەجەپ تۇرغىدەك مۇھەببەت
ئاساسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئوماق، سۆيۈملۈك پەرزەنت-
لىرى ئۈچۈن ئۆزىنى سانسىز ئازابقا دۇچار قىلىۋاتقان
ئاشۇ دوزاختا ياشاشنى لايىق كۆرىدۇ. ئۇ پەرزەنتلىرى-
نى جاپا چەكتۈرمەي، راھەت-پاراغەت ئىچىدە ئۆسۈپ
يېتىلىش ۋە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن
ئۇلۇغ ئانىلىق مۇھەببەت بىلەن پىداكارلىق كۆرسەت-
دۇ. ئانىلىق تىلەكنىڭ رېئاللىق ئالدىدىكى غايەت زور
قۇدرىتى ئۇنى ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىشكە، ئاخىرى
چىقمايدىغان ساناقسىز قۇربانلىقلارنى بېرىشكە تەي-
يارلاندۇردۇ.

ئاسىيە مۇرەككەپ ئىجتىمائى رېئاللىقنىڭ ئادالەت-
سىزلىكلىرى ئالدىدا ئۆز ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىش
ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلىدۇ. بۇ خىل مە-
نىۋى روھنى بۇ ئەسەردە ئاسىيەنىڭ دېرىزىسىگە قو-
يۇلغان قۇرۇپ قالغان بىر تەشتەك گۈلگە ھەر كۈنى
زېرىكمەي-تېرىكمەي ئارقا-ئارقىدىن سۇ قۇيۇشنى
داۋاملاشتۇرۇشتەك تەپسىلات تەسۋىرى ئارقىلىق پېر-
سوناژلارنىڭ روھى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ھېس
تۇيغۇلارنى، ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئاسىيەنىڭ
تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت قاينىمىدىكى نەتىجىسىز تىرى-
كىشىشلىرىنى ئىشارە قىلغان.

ئەسەردىكى بۇ كۆرۈنۈشلەردە قويۇق ھېسسىيات ئا-
مىللىرى چىن تۇرمۇش كارتىنىلىرى بىلەن زىچ گىرە-
لىشىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنتۇلماس تۇيغۇ ۋە تە-
سىراتلارنى بېغىشلايدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ ۋە تەسىراتلار
بىپايان قۇملۇق ساھىللىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىرلى-
يانت ۋە ياقۇتلاردەك يالتىرايدۇ.

يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «كۆزەينەكلىك
يىلان» ناملىق ھېكايىسىدە شەھەردىن خىزمەت تەك-
شۈرگىلى كەلگەن باشلىق يىلان گۆشىنىڭ بەدەننى
قۇۋۋەتلەپ ئەرلىكنى كۈچەيتىدىغانلىقىغا بەك ئىشىنى-
دۇ. ئىلگىرى يىلانلارنىڭ كۆپلىكىدىن كىشى ھەيران
قالىدىغان بۇ جاي كېيىنچە يىلان ئىزدەيدىغانلارنىڭ
يىلان گۆشىنى يەپ كۈچىيىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشى بى-
لەن تىز سۈرئەتتە ئازلاپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھتەن
باھانە-سەۋەب بىلەن بۇ يېزىغا كېلىپ يىلان گۆشىگە
ئېغىز تەگمەكچى بولغان باشلىقنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشى
ئانچە ئوڭايغا توختىمايدۇ. كىشىلەر يۇرت بويىچە

ئورتاق ھەرىكەتكە كېلىپ، يىلان تېپىش چاقىرىقىغا
ئاۋاز قوشىدۇ. سۇنىڭ قىسلىقىغا قارىماي يىلان ئۇۋۇ-
لىرىنى كولاپ، سۇ قۇيۇپ ئاختۇرۇش ئۈچۈن
گوداڭ-دۆڭلەرگە سۇ باشلايدۇ. نەتىجىدە بۇ مەھەللە
سۇ ئاپىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ئاقىۋەتتە بىر كۆز
ئەينەكلىك يىلان بۇ باشلىقنىڭ ماشىنىسىدا پەيدا بو-
لۇپ، ئۇنى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئالدىدا قايتا ئويلان-
دۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «تاز قوچقار»، «چۇۋۇق
چىتلاق» قاتارلىق باشقا ھېكايىلىرىدىمۇ بۇ خىل ئى-
ماگلار ناھايىتى جايىدا ۋە ئۇستىلىق بىلەن قوللىنى-
لىپ، ئەسەرنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى كېڭەيتىپ، مىللىي
تۈسنى قويۇقلاشتۇرۇپ، رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان.

ئىماگنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە يۇقىرى ئىستىتىك
قىممەت يارىتىشتا رولى ناھايىتى زور. ئىماگدىن
مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۆزى ياراتقان مەنىۋى دۇنيا
بىلەن زىچ بىرلىككە ئىگە قىلىش، يازغۇچىدىن يۈكسەك
دەرىجىدە بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىش ئەدەبىيات-
سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىستىتىك قىممەتكە ئىگە قىلىش-
تىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، مەيلى تۇرمۇشتىكى گۈزەل-
لىككەرنى مەدھىيەلىگەن ئەسەر بولسۇن ياكى تۇرمۇش-
تىكى خۇنۈكلۈكلەر قامچىلانغان ئەسەرلەر بولسۇن ۋە
ياكى ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان ئە-
سەرلەر بولسۇن، كونكرېت، ئىخچام، ماھىيەتلىك ئى-
ماگلار ئارقىلىق ئىپادىلەنسە تولىمۇ تەسىرچانلىققا ئىگە
بولىدۇ .

ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسىرلىك ھېسسىي
ئوبرازلاردىن ئايرىلغان ھەر قانداق گۈزەللا غايە،
ساغلام ھېسسىيات، ياخشى ئوي-پىكىرلىرىنىڭ ئىستې-
تىك قىممىتى ئۇنچە زور بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي گۈزەللىك ماھىيەت-
تىن ئېيتقاندا، ئاپتور تاللىۋالغان تۇرمۇش پۈرىقى
كۈچلۈك ئىماگلار ۋە ئوبرازلار زىچ گىرەلەشكەن بىر
پۈتۈن سېستىمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئىبارەت. ئە-
دەبىي ئەسەرنىڭ ئىستىتىك قىممىتى ئەسەر قۇرۇلمىسى-
نىڭ مۇكەممەللىكىدىن ھاسىل بولغان گۈزەللىك بو-
لۇپ، ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكى، ئەسەر سيۇژېتى،
پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى كۆپ خىللىق قاتارلىقلار
ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

(ئاپتور يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)




شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2011-يىلى 12- ئايدا شائىر بۇغدا ئابدۇللانىڭ «تارىم قەدىمىيەتلىرى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. يازغۇچىنىڭ بۇ كىتابى تارىم ۋە تەكلىماكان مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ تارىم ۋە تەكلىماكان توغرىسىدىكى بىۋاسىتە تەسىراتلىرى ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ئەلا-يۇرت، تارىخ - مەدەنىيەت، مۇھىت - ئېكولوگىيەلىك كۈلتۈر ئېڭىنى گۈزەل، يېقىملىق، يېنىك تىل ۋاسىتىسىدا «ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى بايان ئۇسۇلى» ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى» ئومۇمىي ژانىر نۇقتىسىدىن ئالغاندا نەسرىي ئەسەر، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە خاتىرە ئەدەبىياتىغا تەۋە مەدەنىيەت نەسرلىرىدىن ئىبارەت. مەزكۇر كىتاب ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى تەكلىماكان، تارىم سەپەرلىرىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدىكى ئىنچىكە ئىزچىللىققا ئىگە پارچە خاتىرىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇسلۇب جەھەتتە مەلۇم قېلىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، ئاپتورنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسەۋۋۇرى، كۈلتۈر ئېڭى ۋە شۇنداقلا يۈكسەك مەنىۋى سوبيېكتىنىڭ خاتىرىسىگە ئايلانغان. بۇ نۇقتىدىن يازغۇچىنى تارىم ۋە تەكلىماكان مەدەنىيىتى ھەققىدىكى كەسپىي تەتقىقاتىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بىر خىل ئۆزلۈكنى ئىپادىلەشتەك بايان ئۇسلۇبىنى ياراتقان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى» ئەركىن، ساددا، سەممىي ئۇسلۇبى، مول، رەڭدار مەزمۇنى، چوڭقۇر ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەسرچىلىكىدە ئۆزىگە خاس يېڭى يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئەنئەنىۋى نەسرچىلىك ئۇسۇلىمىزدا دەۋر ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھادىسىدىن ماھىيەتنى، ئاددىيلىق ئىچىدە ئۇلۇغلۇق ياكى مەلۇم ھەقىقەتنى شەرھىلەپ، تېماتىك ئىدىيەدە بىردەكلىكنى ئىپادىلەسە، بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن شېئىرىي كەيپىيات يارىتىشقا كۆچەيتتى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەسرچىلىكىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، مۇھىمى نەسردىن ئىبارەت بۇ ژانىرنىڭ ئورنى بېكىتىلدى، ئەڭ ئالدى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر نەسرچىلىكى (ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن) تېمىسىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، يېڭى دەۋر نەسرچىلىرى ئۆز نەسرلىرىدە تېما قاتلاملىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ نۇقتىلاردىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى قەلەمگە ئالدى. گەرچە يېڭى دەۋر نەسرچىلىكىمىزنىڭ تېما يۈزلىنىشىدىن قارىغىنىمىزدا كېڭىيىش خاھىشى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بارا- بارا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىللەت ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق ئويلار ئىپادىلەنگەن نەسرلەر كىتابخانلىق بولدى ۋە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەپ بەردى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بىر تۈركۈم نەسرچىلەر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش ئارقىلىق ئۆز نەسرلىرىدە پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ئىدىيەلەرنى ئىپادىلەش، مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىنىش، ئىنسان روھىي ۋە پسىخىكىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتەك يېڭى تېما ئالاھىدىلىكلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. يېڭى ئەسىردىن بۇيانقى نەسرچىلىكىمىزدە بولسا، بۇ خىل تېمىلاردىكى مەلۇم خاھىشلارنىڭ يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، لېكىن نەسرىي ئەسەرلەردە يازغۇچىلارنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ قېنىقلىشىپ، ئۆزلۈكنى ئىپادىلەشنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ئەدەبىياتىمىزدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ژانىرغا ئايلاندى، گېزىت-ژۇرناللارمۇ نەسرىي ئەسەرلەرگە ئالاھىدە سەھىپىلەر بەردى، ئەڭ مۇھىمى كىتابخانلار نەسرگە ئېتىۋار بىلەن قارايدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن نەسر ئىجادىيىتى كۆلەم ۋە سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خەلقنىڭ نەسر ئېڭىدا يۈكسەك دەرىجىدە يېڭىلىنىش شەكىللەندى.

يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى ئوبيېكتىپ

تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر يۈزلىنىشى نەسرىي ئەسەرلەر-
نىڭ ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كېڭىيىپ، چوڭ ھە-
جىمدىكى مەدەنىيەت تېپىدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ
مەيدانغا كېلىشى بولدى، بۇنىڭغا ئەسەت سۇلايماننىڭ
«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، ئادىل تۇنىيازنىڭ «پەيغەمبەر
دىيارىدىكى كېچىلەر»، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆ-
زىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، ئۆمەرجان ئىمىننىڭ
«تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ۋە بۇغدا ئابدۇللانىڭ
«تارىم قەدىمىيەتلىرى» ناملىق كىتابلىرى مىسال
بولالايدۇ. بۇ خىل يىرىك ھەجىمدىكى ئەسەرلەردە
يازغۇچىلار مەلۇم تېمىلارغا ئەگىشىپ، ئىزچىللىققا رىئا-
يە قىلغان ئاساستا ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدىكى
ئەمەلىي، نەزەرىيىۋىي تەپەككۇرلىرىنى خاراكتېر ئىن-
دىۋىدۇئاللىقى ئاساسىدا ئىلمىي مۇھاكىمىلىق بايان
ئۇسۇلىدا ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ خىل
يىرىك ھەجىمدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم
ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مەدەنىيەت رولىنىڭ كۈچلۈك بول-
غانلىقىدا، شۇڭا بۇ خىل نەسرلەرنى مەدەنىيەت نە-
سرلىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. لېكىن ئىجادىيەت سۇب-
يېكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت نەسرلىرىنىڭ
تېما، مەزمۇن، ئىپادىلەش ۋە بايان ئۇسۇللىرىدا ئۆ-
زىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بار، بۇلارنى ئايرىم، كونك-
رېت تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر نەسرىي ئەدە-
بىياتى تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى مۇ-
ھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى» ئۇيغۇر مەدەنىيەت نەسر-
چىلىكىدىكى يېڭى بىر تېما، ئۇ ھەم مەدەنىيەت نە-
سرچىلىكىمىزنىڭ يېڭى بىر بەدىئىي يۈزلىنىشىنى كۆر-
سىتىپ بەردى. بۇ ئەسەر گەرچە تېما نۇقتىسىدىن ئۆ-
مەرجان ئىمىننىڭ «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» نام-
لىق كىتابىغا ئوخشاشلا تارىم ئېكولوگىيەسى ۋە تارىم-
لىقلارنىڭ ھاياتلىق مەسىلىلىرى، فولكلور، ئېتنوگرافىيە
قاتارلىق مەزمۇنلارغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ئىككى
ئەسەرنىڭ مۇئەييەن پەرقى بارلىقىنى كۆرۈش كېرەك.

«تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» كېرىيە دەرياسىنىڭ
تۆۋەن ئېقىمىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى بولۇپ،
ئاپتور ۋە بىر قىسىم ياش تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىل
قىلىنغان «قۇملۇق ئەركىسى» ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى-
نىڭ 2002 ـ يىلى 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا كېرىيە دەر-
ياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى تەبىئىي بوستانلىق دەريا
بويى يېزىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قەدىمىي
سىرلىق ۋادىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى، دەر-
يا بويى كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى،
فولكلور-ئېتنوگرافىيىسى، تىل-شېۋە ئالاھىدىلىكى ۋە
شۇنداقلا تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسلىرى ھەققى-
دىكى جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ئىبارەت. مەز-
كۇر كىتابتا يەنە كېرىيە قۇملۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمى-
دىكى يۇمىلاققۇم، قارا دۆڭ، مارجانلىق قاتارلىق قە-
دىمىي شەھەر خارابىلىرى ھەققىدە نەق مەيداندا تەك-
شۈرۈش-تەتقىقاتلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تارىم
ۋادىسىنىڭ تارىخ-ئارخېئولوگىيەسىگە، جۈملىدىن دەر-
يا بويى خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك
مۇھىم ئۇچۇرلار بار. بۇ ئەسەرنى بىز چوڭ جەھەتتىن
مەدەنىيەت نەسرلىرى دەپ قارىساقمۇ، لېكىن ئەسەر-
نىڭ يېزىلىش نۇقتىسى ئىلمىي، نەزەرىيىۋىي، ئابس-
تىراكتنى تەپەككۇرنى ئاساس قىلغان، ئۆمەرجان ئىمىن
بۇ كىتابىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى
ئۈستىدىن توختىماستىن ئىجتىمائىي تەنقىد ۋە پىكىر
يۈرگۈزىدۇ، ئەسەردىكى بۇ خىل ئىلمىي پاكىتلار ئا-
ساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ھېسسىي ۋە ئىدراكى
مۇلاھىزىلەر بۇ كىتابنى مەدەنىيەت نەسرلىرىگە يې-
قىنلاشتۇرىدۇ.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى»نىڭ تېما ئوبيېكتى ئوخ-
شاشلا تارىم ۋە تەكلىماكان ۋادىسى، يازغۇچىنىڭ بۇ
تېمىغا قىزىقىشى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن
باشلانغان ۋە قەرەلسىز ھالدا ۋاشىشەھرى، مىرەن،
كروران، كېرىيە، نىيە، ئاتچان ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى-
دىكى ئايرىم مەنزىللەرگە قەدەر بىۋاستە بېرىپ ئىز-
دەنگەن بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تەييارلىق باسقۇچىنى
ئۆتكۈزگەن دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر يېقىندا
نەشىردىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى تې-
ما ۋە مەزمۇنلارنىڭ يازغۇچى قەلبىدە جۇغلىنىپ، ئۇ-
نىڭ مەنىۋىي سۈپىتى بىلەن بىرىكىپ ئىجادىيەت ئىس-
تىكىگە ئايلانغىنىغىمۇ خېلى ۋاقىت بولغان. شۇڭا ياز-
غۇچى بايانىدا مەلۇم مەنزىلگە كىتابخاننى باشلاپ ماڭ-
سىمۇ، لېكىن سەپەرنىڭ ۋاقىت چېكى ئېنىقسىز، بۇ بىر
تەرەپتىن بۇ ئەسەرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى دائىرىسى-
دىن ھالقىپ كېتىشىنى بەلگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تە-
رەپتىن بايان ئوبيېكتلىرىنىڭ پىرىسلانغان مەدەنىيەت
بىلىملىرىگە ئايلىنىپ تەبىئىي ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشىغا
ئاساس بولغان.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى» تورسىمان قۇرۇلما شەكلى-
لەندۈرگەن، قۇرۇلما مەركىزىدە تارىم، تەكلىماكان

مەدەنىيىتى تۇرىدۇ، يازغۇچى بايانىدىكى ھەر بىر
جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارنى ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تۇتاش-
تۇرۇپ بىر-بىرىگە باغلايدىغان تۈگۈنلەرگە ئايلان-
دۇرغان. بۇ تۈگۈنلەر ئوخشىمىغان مەدەنىيەت-كۇلتۇر
بەلگىلىرى ئارقىلىق قۇرۇلما مەركىزىگە قاراپ يېيىل-
دۇ. شۇڭا ئەسەرنى ئوقىغىنىمىزدا ئىچىدىكى مەزمۇن
سىغىمىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز،
لېكىن پىكىرنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.
ئەسەرنى چۈشىنىشتە يازغۇچى بىر-بىرىگە باغلىغان بۇ
جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن
قاتلىمىنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم. بۇلار تەبىئەت-
جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ھاۋا رايى، ئىقلىم،
ئادەملەر، جانلىقلار، تاغ-تۈزلەڭلەر، يۇرت-مەھەلل-
لەر، ئۆستەڭلەر ۋە كارۋان يوللىرى، ئۆتەڭلەر ۋە
مەنزىللەر؛ فولكلور نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە قەدىمكى
مۇراسىم، ئۆرپ-ئادەتلەر، ئەپسانە-رىۋايەتلەر، قو-
شاقلار، دىنى ئېتىقاد، تۇتىم، تۇرمۇش ئادەت ۋە شە-
كىللىرىنى؛ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى نۇقتىسىدىن تەك-
شۈرگەندە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق،
كانچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئېلىپ، تارىم، تەكلىماكان مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىل ۋە
رەڭگارەڭ مەدەنىيەت، كۇلتۇر ئالاھىدىلىكىنى نامايان
قىلىدۇ.

ئاپتور ئەسەر بايانىدا تېز تەسۋىر، تېز خاتىرە ئۇ-
سۇلىنى قوللانغان بولۇپ، خاراكتېرىنى تېز سىزما رە-
سىمگە ئوخشىتىش مۇمكىن، تىلى ئاددى-ساددا،
راۋان، تەبىئى، ئۇسلۇب جەھەتتە ئۇنچىلىك بەك باش
قاتۇرۇپ پەردازلاپ كەتمىگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، لې-
كىن بايان ئوبيېكتلىرى ئۇزۇن مەزگىللىك تەكشۈ-
رۈش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئۆتكەن بولغاچ-
قا، يازغۇچىنىڭ مۇھەببىتى بايان ئوبيېكتلىرىغا سىڭ-
گەن ۋە چىنلىقى، جانلىقلىقى بىلەن يەنىلا ئۆزگىچە بە-
دىئى زوق بېغىشلايدۇ. ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن قارى-
غاندا، ئاپتور بايان، تەسۋىر، لىرىكا، مۇھاكىمىدىن ئى-
بارەت كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پوئېزىيە،
پروزا، دراما ئارقىلىق ئىپادىلەش تەس بولغان تې-
مىلارنى يېزىپ چىقالىغان.

بۇ خىل بايان ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇغدا
ئابدۇللانىڭ ئىلمىي شەخسىيىتى بىلەن زور دەرىجىدە
مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئالدى بىلەن بوگۈنكى دەۋر ئۇي-
غۇر شېئىرىيىتىنىڭ پېشىۋا شائىرلىرىدىن بىرى، يەنە
بىر نۇقتىدىن ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ پروفېسورى. باش-
قىچە نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇغدا ئابدۇللانىڭ نەسرىدىن
ئىبارەت بۇ ژانىرغا كىرىشى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ
تېماتىك سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، نەسرچىلىكىمىز-
نىڭ بىلىم ئۇچۇرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنى كېڭەيت-
تى. يازغۇچى بۇ ئەسەردە پەقەت ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل-
لىق ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشلىرى نۇقتىسىدىلا توختاپ
قالماستىن، ئۆزىنىڭ زىيالىيلىق سالاھىيىتى ۋە ئېڭىنى
چىقىش قىلىپ، تارىم ۋە تەكلىماكان مەدەنىيىتىنىڭ
ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە نەزەر تاشلىدى؛ ئانا مەدەنى-
يەتنىڭ ئېتنىك، كۇلتۇر مەنبەسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش
بىلەن بىرگە ئۇنىڭ شان-شەۋكىتىدىن پەخىرلىنىپ،
ئۇنىڭ گۈزەللىكى، قەيسەرلىكى، شۇنداقلا ئىپتىدائىي
ھاياتىي كۈچىنى ئۇلۇغلىدى. تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي
ھاياتنىڭ قىممىتى، غورۇرىنىڭ ئىپتىدائىي، ئەركىن،
ئېگىلمەس-سۇنماس، جاراڭلىق مېلودىيەسىنى ياڭرات-
تى.

ئەسەرنى بىر پۈتۈن ئوقۇپ تۈگەتكەندە ئاپتور-
نىڭ شائىرلىق كىملىكىنىڭ بايانغا ئىنچىل سىڭىپ
كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. شائىر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ
**1980**- يىللىرىدىن باشلاپلا ئىجادىيىتىدە ئىجتىمائىي
تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەپسانىۋى
رىۋايەت، چۈش تىپىدىكى تىمساللارنى شېئىرىيەتكە
ئېلىپ كىرگەن بولسا، **1990**- يىللارغا كەلگەندە ئېت-
نىك جۇغراپىيىۋى ۋە مەدەنىيەت تېمىلىرىغا مۇراجىئەت
قىلىپ نەتىجە قازانغان. مەسىلەن، شائىرنىڭ
**1990**-يىللاردىكى شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن «مىرەن»،
« چەرچەن يولى»، «ئەسكىشەھەر»، «سۇلتان سەئىد
قىلىچ مازارى» قاتارلىق قىسقا شېئىرلىرى ۋە «سالغا
تېشى» قاتارلىق لىرىك داستانىدىكى خۇرۇچلار ھەم
ئوخشاشلا «تارىم قەدىمىيەتلىرى» كىتابىدىكى ماتېرى-
ياللارنى تەشكىل قىلغان. بۇ تىمساللار بۇغدا ئاب-
دۇللانىڭ ئىككى خىل ژانىردىكى ئىجادىيىتىدە تېما
جەھەتتە ئىنچىللىقتا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بايان
جەھەتتىمۇ مەلۇم ئوخشاشلىقلارنى مەيدانغا چىقارغان.
ئادەتتە شېئىرىي بايان بىلەن نەسرىي بايانىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا مۇئەييەن چەك بولىدۇ، لېكىن «تارىم قەدىمى-
يەتلىرى»دىكى بايانمۇ ئوبرازلىق، سوبيېكتىپ بو-
لۇپ، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى يەنىلا
مەدەنىيەت-كۇلتۇر تېمىسىدىكى شېئىرلىرىغا ئوخشاش
ئوبيېكتىپ، كونكرېت، تاشقى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى
ئىچىدە ئىمكان قەدەر يېپىق ھالەتتە، ئەقلىلىق كىتاب-
خانلارنىڭ تەپەككۇرىغا تاشلاپ بېرىدۇ.

بۇ خىل بايان ئۇسۇلى شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىستى-
لىدىن كېلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلنى «تارىم قەدىمىيەتلە-
رى»نىڭ ئارتۇقچىلىقى دېيىشكىمۇ، كەمچىلىكى دېيىش-
كىمۇ بولىدۇ. ئارتۇقچىلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىز-
دە، بىر تەرەپتىن، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش،
ۋە بەدىئىي ھەزىمگە ناھايىتى چوڭ بەدىئىي بوشلۇق
قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار يازغۇچىنىڭ ھېسسىيات تەل-
قىنلىرىگە ئەگىشىپ، ئۆزىگە خاس چىنلىق، ياخشىلىق،
گۈزەللىك مۇھىتىنى بەرپا قىلالايدۇ. يەنە بىر ئارتۇق-
چىلىق مەدەنىيەت نەسىرلىرىنىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى
تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن، ئادەتتە بۇ خىل نەسىرلەرنى
يازغۇچىلار زىيالىيلار بولغاچقا ئۆز بايانلىرىدا مەدەنى-
يەت، كۈلتۈر ۋە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى تەتقى-
قات نەتىجىلىرى ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى زور دە-
رىجىدە سىغدۇرۇپ كىرگۈزىۋېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل
ئەھۋال مەدەنىيەت نەسىرلىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتىگە
تەسىر يەتكۈزىدۇ.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى»دىكى ئوبرازلىق، سوبيېكتىپ
بايانىنىڭ ئەسەرگە يەتكۈزگەن سەلبىي تەسىرى شۇ
يەردىكى، بۇ ئابدۇللا ئىجادىيەت جەريانىدا باش-
تىن-ئاخىر ئۆز ئىجادىيەت سوبيېكتىنىڭ شائىرلىق ياكى
زىيالىيلىق كىملىكىدە بولۇشىنى بەلگىلەپ بولالمىغان. ئې-
نىقكى ئېتىقادا، ئۇ يەنىلا بىر شائىرنىڭ تەپەككۇرى
ۋە ئىلھامىدا بۇ ئەسەرنى يېزىپ پۈتكۈزگەن. ئەدەبىي
ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئايرىم-ئايرىم ھالدا
ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئابستراكتىنى تەپەككۇر ئۇسۇ-
لىدىن پايدىلىنىپ، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋە ئىدراكنى
تەبىئىي تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئىجادى-
يەتتە ئىككىسىنىڭ چەك-چېگراسىنى ئېنىق ئايرىۋېتىش
مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئۈ-
چۈن بولسۇن خەتەرلىك. مەدەنىيەت نەسىرچىلىكى
ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ ئارىلىقىدا ۋەزىپىسىنى ئادا
قىلىدۇ. «تارىم قەدىمىيەتلىرى»دە يازغۇچى بۇ نۇقتىغا
ناھايىتى دىققەت قىلغان. لوگىكىلىق، ئابستراكتىنى تە-
پەككۇر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بايان ئوبيېكتلىرىنى
رەتلەش ۋە تەشكىللەش، ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق، چۈ-
شىنىشلىك يەتكۈزۈشكە تىرىشقان، شۇنداقتىمۇ ئوبراز-
لىق تەپەككۇر كۈچى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغاچ-
قا، بايانىدا سەكرەتمىلىكنىڭ كۆپ بولۇشى، بەزى با-
يانلاردا ماتېرىياللارنىڭ زور دەرىجىدە سىغدۇرۇلۇپ قې-
لىنىشى ۋە شۇنداقلا بايان ۋە لىرىكىنىڭ كۆپ، مۇھاك-
مىنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

«تارىم قەدىمىيەتلىرى» ئىككى تەبىئىي بۆلەكتىن
تۈزۈلگەن. بىرىنچى بۆلەك تەكلىماكان ۋە تارىمنى
مەركەز قىلغان مەدەنىيەت نەسىرلىرىدىن تۈزۈلگەن.
يەنە بىر بۆلەكتە بولسا تۇرپان قەدىمىي توي-مۇرا-
سىم تېكىستلىرىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى ۋە ئۇيغۇر
كونا يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسى بېرىلگەن. مەز-
كۇر قوليازما پېتېربورگ شەھىرىدە روسىيە پەنلەر ئا-
كادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ فوندىدا
ساقلانغان بولۇپ، قولیازمىنى ئالىم، ئاكادېمىك سېر-
گېي ئولدېنبورگ مۇشۇ شەھەرنىڭ ئاسىيا موزېيىغا
20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاپشۇرغانىكەن. بۇ قولياز-
مىلارنى قازاقىستانلىق ئەدەبىياتشۇناس، فىلولوگىيە
پەنلىرىنىڭ كاندىداتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى مەرھۇم ساۋۇتجان
موللاۋۇدوۋ ئاپتورنىڭ نەشرگە تەييارلىشىنى ھاۋالە
قىلغان.

بۇ قوليازمىلار ئۇيغۇر خەلق بېيىت-قوشاقلىرىنىڭ
بىر ئەسىر ئىلگىرىكى مۇكەممەل ھالىتىدە ساقلانغان
بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شە-
كىللىنىش جەريانلىرى ۋە تىل تەرەققىيات تارىخىمىزنى
ئۆگىنىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى، بې-
يىت-قوشاقچىلىق ۋە مۇقاملارنى تەتقىق قىلىشىمىز
ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. گەرچە
مەزمۇن نۇقتىسىدىن قارىغاندا «تۇرپان قەدىمىي توي
مۇراسىم تېكىستلىرى» بىلەن مەدەنىيەت تېپىدىكى
نەسىرلەرنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشى يوقتەك كۆرۈنسى-
مۇ، لېكىن شائىرنىڭ بۇ تېكىستلەرنى ئۆز نەسىرلىرى-
دە ئۇلۇغلىغان تارىم بويلىرى ۋە تەكلىماكان ئېتەكلى-
رىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماددىي
فولكلورلۇق دەلىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىنى
چۈشىنىشكە بولىدۇ. تېكىستلەر ئۇيغۇر كىتابخانلارنىڭ
چۈشىنىشىنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇيغۇر كونا يې-
زىقى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. بۇ يەردە بەل-
كىم كىتابنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش كۆزدە
تۇتۇلغان بولسا كېرەك. ئەگەر دە خەلقارالىق ئۆلچەم
ئاساسىدا، لاتىن يېزىقى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىن-
غان ۋە نەشرگە تەييارلاشتىكى مېتود، ئۇسۇللار ھەق-
قىدە چۈشەنچە بېرىلىپ، ئايرىم يەرلىك شېۋە، دىئالې-
كىت سۆزلىرى، ئارخائىك سۆزلەر ھەققىدە ئىزاھاتلار
تەييارلانغىنىدا، «تارىم قەدىمىيەتلىرى»نىڭ ئىلمىي
قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)





# ئايتماتوفنىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا

**مۇھەممەتجان ھەسەن**

چىڭگىز ئايتماتوف ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ناھايىتى
تونۇش بولغان دۇنياۋىي تەسىرگە ئىگە قىرغىز يازغۇ-
چىسى. ئۇ 1928ـيىلى 12ـدېكابىر ھازىرقى قىرغى-
زىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالاس ۋادىسىنىڭ شېكەر ئا-
ۋۇلىدا دۇنياغا كەلگەن. تاغلىق رايوننىڭ ئۆزگىچە
مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مومىسى ۋە ھەدىسىنىڭ تۈگ-
مەس ھېكايە-چۆچەكلىرى، يىلقىچى بوۋايلارنىڭ مۇڭ-
لۇق قوشاقلىرى، ئېيتىشىشلىرى ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىگە
ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقىنى چاچقان. ئۇنىڭ ئە-
دەبىي ئىجادىيىتى 1952ـيىلى باشلانغان بولۇپ،
تۇنجى ئەسىرى «كىچىك تەرگەۋچى جۈيدا» ئۇ ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان. ئەنە
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئارقا-ئارقىدىن «ھا-
شىم»(1953ـيىل)، «ئاق يامغۇر»(1954ـيىل)
«رەقىبلەر»(1956ـيىل)... قاتارلىق ئەسەرلەرنى يې-
زىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە دەسلەپكى قەدەمدە تونۇ-
لۇشقا باشلىغان.

ئۇنىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە ئاساسەن ئىج-
تىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاددىي ۋەقەلەر، كىشىلىك مۇنا-
سىۋەت قاتارلىق تېمىلار سالماق ئورۇندا تۇرغان بو-
لۇپ، تۇرمۇشقا نىسبەتەن يازغۇچى قىزىققان، روماـ
نتىك پوزىتسىيە تۇتقان، ئەسەرلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر سۇس بولۇپ، سۇبيېكت-
نىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان،
شۇنداقلا ئىجتىمائىي، سىياسىي ئېقىمغا ئەگىشىش كۈچ-
لۈك بولغان. ئايتماتوف بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق
دەيدۇ:«ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىم 1950ـيىللارنىڭ
باشلىرىدا يېزىلغانىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل
تەقلىد بولۇپ، رېئال تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدىن يىراق
ئىدى. تۇنجى ھېكايەمدىكى ۋەقە ياپونىيەدە يۈز بەر-
گەن. ئىككىنچى پارچە ھېكايەمدىكى ۋەقەلىك ۋولگا
دەرياسى بويىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، چوڭ تىپ-
تىكى قېزىش ماشىنىسى يېزىلغانىدى، ئەينى ۋاقىتلاردا
گېزىتلەردە بۇ خەۋەرلەر بېرىلەتتى.» قىسقا مۇددەت
مەشق جەرياندىن كېيىن ئايتماتوف ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنى، بولۇپمۇ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان تۇرمۇش
مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغان. 1956ـيى-
لى ئېلان قىلىنغان «بەيدەمتالا بويلىرىدا» ناملىق
ھېكايىسى ۋە 1957ـيىلى ئېلان قىلىنغان «يۈزمۇ-
يۈز» پوۋېستى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يېڭى يۈكسىلىش
سۈپىتىدە ئۇنى ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر كىشىلىك
ئورۇنغا ئېلىپ چىققان. ئۇ بۇ ۋاقىتلاردا موسكۋا ئالىي

ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان بولۇپ، كىچىكىدىن يېزا ئىگىلىك، مالا دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇغان ئەدەبىيات ھەۋەسكارىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر قېتىملىق ياخشى ئۆگىنىش پۇرستى بولغان. ئۇ بۇ ھەقتە ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1956-يىلى مەن موسكۋا ئالىي ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردىم. ئىككى يىللىق ئوقۇش ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. مەيلى ئىجتىمائىي پەن ۋە نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆستۈرۈش، مەيلى ئەمەلىي خىزمەت تەرەپتىن بولسۇن، بىزنىڭ سېمىنارىيەمىز ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت مەشقى بولغانىدى، مەن ئۆزۈممۇ موسكۋانىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بارلىق مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى، ئەدەبىياتنى، تىياتىرنى تىرىشىپ تەتقىق قىلدىم.» دېگەندەك ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، سيۇژىتىنىڭ مۇكەممەلا، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن ئالدىنقى ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا مانا شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىلھامىدىن يازغۇچى كېيىنكى يىللاردىكى نادىر ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ پۇۋېستى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پۇۋېست ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت يولۇمنى تاللىغانلىغا ئوخشاش، مەن بۇنىڭدىن ئىشەنچكە ئېرىشتىم، شۇنداقلا بۇنىڭ ئىلھامىدا ‹جەمىلە›نى يېزىپ چىقتىم.»

تۇرمۇشقا بولغان مەسئۇلىيەت، ئانا يۇرتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت بۇ ئەسەرلەردە ئىپادە قىلىنغان بولۇپ، يازغۇچى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، ئىگىلەپ، ئەتراپىدىكى ئىشلارنى يېزىشقا تىرىشقان. « ‹يۈزمۇ-يۈز› نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن مەن ئانا تۇپراقنىڭ، ئانا يۇرتنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇپ يەتتىم، مەن ئەمدى قىدىرىش ئىشچەسىدەك باشقىلار قازمىغان يەرلەرنى قېزىپ چىققۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغانىدىم.» ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە ئايتماتوف ئۆز ئانا يۇرتىنى ئىجادىيەت بازىسى قىلىپ تاللاپ، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان. خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك: «ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا شېكەر ئاۋۇلا مېنىڭ ئاساسلىق كاپىتالىم بولۇپ قالدى.» 1958-يىلى ئايتماتوفنىڭ «جەمىلە» پۇۋېستى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يازغۇچىنىڭ شۆھرىتىنى مەملىكەت ئىچىگىلا ئەمەس، دۇنياغا تونۇتقان. «جەمىلە» پۇۋېستىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئايتماتوفنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇئەييەن سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قارايدىغان بولساق، بۇ پۇۋېست ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن ياكى تېما جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى ئۇتۇقلۇق چىققان، شۇنداقلا لىرىك بايان ئىچىدە پېرسوناژنىڭ روھى دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتقان. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۈزۈكسىز تۈردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم» (1961-يىل)، «بوتا كۆز» (1962-يىل) «بىرىنچى مۇئەللىم» (1962- يىل)، «يەر ئانا» (1963-يىل) «قىزىل ئالما» (1964-يىل)، «ئەلۋىدا گۈلسارى» (1966-يىل) «ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىش» (1969-يىل)، «ئاق پاراخوت»(1970-يىل) «بالدۇر كەلگەن تۇرنىلار» (1975-يىل) « ئۇنىڭ دادىسى» (1977-يىل)، «ئالا ئىت قىياسى» (1977-يىل)، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» (1980-يىل)، « قىيامەت» (1986-يىل)، «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» (1990-يىل)، «كاسانددرانىكا تامغىسى» (1995-يىل)، «تاغلار غۇلىغاندا» (2003- يىل) قاتارلىق بەدىئىيلىكى يۇقىرى ھېكايە، پۇۋېست، رومانلارنى يېزىپ، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان داڭلىق يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان.

ئايتماتوفنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تېما جەھەتتىن كېڭىيىپ، شەخسنىڭ تۇرمۇشىنى، روھى دۇنياسىنى ئىپادىلەش، ئەكس ئەتتۈرۈشتىن مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ روھى دۇنياسىنى قېزىشقا؛ دۆلەت ئەھۋالىغا قايغۇرۇشتىن، تەبىئەت دۇنياسىغا مەسئۇلا بولۇشقا، دۇنياغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراشقىچە بولغان مۇرەككەپ، پەلسەپىۋي تېمىلارغا كۆچكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئايتماتوفنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ، 1952-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە بولۇپ، بۇ باسقۇچ ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا كىرىش، دەس-

لەپكى قەدەمدە تونۇلۇش باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچتىكى
ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق يازغۇچى تۇرمۇشنى دەسلەپكى
قەدەمدە كۆزىتىش، تونۇش، چۈشىنىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن رومانتىك
تۇيغۇدا تۇرۇپ باھا بېرىپ، ئۆزى ئەتراپىدىكى كىشى-
لەرنىڭ روھى دۇنياسىنى، ئوي-خىياللىرىنى، ئارزۇ-
ئارمانلىرىنى ئىپادىلەشكە كۈچ چىقارغان. شۇڭلاشقا
ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىدە ياشلارنىڭ تۇر-
مۇشنى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى تاللىشىنى،
كىشىلىك ھاياتقا بولغان قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ئاساسى
ئورۇننى ئىگىلەپ، بىر تۈركۈم يېڭى دەۋر قىرغىز
ياشلىرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. مەسىلەن: دەسلەپكى
ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە بىزگە تونۇشلۇق بولغان «ئاق
يامغۇر» دېگەن ئەسىرىدە، قاسىمجان بىلەن سائادەت-
تىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك
جەريانىدىكى قىزغىن پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببە-
تى، شۇنداقلا سائادەتنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ ياشلارغا نىس-
بەتەن باشقىچە قاراشلىرى بايان قىلىنىش ئارقىلىق،
ئۇرۇشتىن كېيىن جەمئىيەتتىكى كونىلىق بىلەن يېڭىلىق
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يورۇتۇپ بېرىلگەن،
شۇنداقلا يېڭى دەۋر ياشلىرىنىڭ جۇشقۇن قىياپىتى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «رەقىبلەر» ھېكايىسىدىمۇ، كى-
شىلىك تۇرمۇشتىكى ئاددىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان
بولۇپ، ئىككى دوستنىڭ مىرابلىق خىزمىتىنى ئىشلەش
جەريانىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ساداقەت،
دوستلۇققا مەدھىيە ئوقۇلغان. «بەيدەمتاللا بويلىرىدا»
ھېكايىسىدە بولسا، ئالدىنقى ھېكايىلەرگە قارىغاندا بىر
قەدەر مۇرەككەپ تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئارقىلىق پېر-
سوناژلارنىڭ روھى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ يېڭى
بىر پەللىسى يارىتىلغان. ئەسەردە ئاگرونوم نۇربېك
بىر قېتىملىق يەر ئاغدۇرۇشتا ئۆز پىكرىنىڭ توغرىلى-
قىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، چوڭ بىر ئىش چىقىرىپ قو-
يىدۇ. يەنى يەر ئاغدۇرۇش ماشىنىسىنى بىر چاتقاللىققا
تاشلاپ قويۇپ، باشقا بىر رايونغا، يەنى بەيدەمتاللا
بويىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە تىرىشچان، ئىشچان قىز ئا-
سىيەگە يولۇقىدۇ. ئاسىيەنىڭ ئىش ئىزلىرى ئۇنىڭدا
ئۆز ئىشىدىن پۇشايمان تۇيغۇسى شەكىللەندۈرىدۇ.
شۇڭا ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەن ئۇ يەردىن جىمجىتلا ئاي-
رىلىپ، ئۆز تۇپىغا كېتىدۇ. ھېكايىدە نۇربېكنىڭ روھى
دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە داۋالغۇشلار ناھايىتى
ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن بولۇپ، كىچىك دېتاللار ئارقى-
لىق نۇربېك بىلەن ئاسىيەنىڭ قەلب دۇنياسىغا نەزەر
تاشلىنىپ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىدىن خەۋەر بېرى-
لىدۇ.

يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، ھەم-
مىسىدە يازغۇچىنىڭ دۆلەتنىڭ قايتا قۇرۇش مەزگىلى-
دىكى كوللېكتىپ تۇرمۇشنىڭ يېڭى مەنزىرىسىدىن ئال-
غان تەسراتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تۇر-
مۇشنىڭ مۇرەككەپ ئەگرى-توقاي مۇساپىسىگە قارى-
غاندا، پېرسوناژنىڭ جۇشقۇن روھى كەيپىياتىنى ئەكس
ئەتتۈرۈش ئاساسى سالماقنى ئىگىلىگەن. شۇڭا بۇ ئە-
سەرلەردە زىددىيەت توقۇنۇشقا قارىغاندا ياراشتۇرۇش
ئاساسى نىشان بولۇپ قالغان.

«يۈزمۇ-يۈز» پوۋېستى يازغۇچى ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ئەسەر بولۇپ،
يازغۇچى ئەسەردە ئەگرى-توقاي تۇرمۇش ۋەقەلى-
رى، پېرسوناژنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ئارقى-
لىق ئەسەر تېمىسىنى كەڭلىككە ئىگە قىلغان. بۇ ئە-
سەردە يازغۇچى تۇنجى بولۇپ، ئۇرۇش ئارقا سېپى-
دىكى كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىپ،
ئاشۇ جاپالىق دەملەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى،
ئۇلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى قەيسەرانە ئىرادى-
سىنى، شۇنداقلا ئۇرۇش تۈپەيلى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق
تەمىنى تېتىشقا مەجبۇر بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ
ئوبرازىنى ياراتقان. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق قايغۇسى
بەدىلىگە شاد كۈلگەن بىر تۈركۈم قاچقۇنلارنىڭ
ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ھاياتلىقتا ھەممە تەرەپ-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋەر بېرىپ، بىر قىرغىز ئايال-
نىڭ ئەخلاق قارىشىغا باھا بېرىدۇ. «يۈزمۇ-يۈز»
ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر
قوزغايدۇ، بەزى قىرغىز ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا «ئە-
سەردە قىرغىز خەلقى كەمسىتىلگەن» دېگەن قاراشلار
ئوتتۇرىغا چىققان. ئايتماتوف بۇ ھەقتە مۇنداق دەي-
دۇ: « ‹يۈزمۇ-يۈز› پوۋېستىم ئېلان قىلىنغاندا بەزى
تەنقىدچىلەر ئەسەرنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلاندى. ئۇلار-
نىڭ قارىشىچە، ئەسەردە قىرغىز مىللىتى كەمسىتىل-
گەن، چۈنكى ئەسەردە ۋەتەن خائىنى، ئۇرۇش قاچ-
قۇنى يېزىلغان، ھەمدە بۇ خىل پېرسوناژلار ئەدەبىيات

فورمۇلىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى جاپالىق تەرەپلىرى مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن، ئەگەردە ھەقىقەتەن تاغلىق رايوندىكى ئاشۇ كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئاچ-يالىڭاچلىقنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان بولسا، بىز فاشىستلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالامدۇق؟ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتا ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسى بار.» قىسقىسى ئەسەر ئايتماتوفنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە كۆزىتىش نۇقتىسىنى، يېتىلگەن قەلەم قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

«جەمىلە» ئايتماتوفنىڭ شۆھرىتىنى كەڭ خەلققە تونۇتقان، ئۇنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان ئەسەر بولۇپ، **1958** -يىلى يېزىلغان. ئەسەردە ئۇرۇش يىللىرىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، جاپالىق ئارقا سەپ تۇرمۇشى جەريانىدىكى يېڭى دەۋر ياشلىرىنىڭ روھى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن. ئەسەردە لىرىك كەيپىيات ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژنىڭ روھى دۇنياسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، خۇددى فرانسىيە يازغۇچىسى ئاراگون ئېيتقانداك:«دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئاشىق-مەشۇقلار قىسسىسى»نى يارىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى «سەۋرى قامەتلىك دىلبىرىم»، «بىرىنچى مۇئەللىم»، «بوتا كۆز»... قاتارلىق ئەسەرلەردە يازغۇچى ئەنە شۇ يۈنىلىشتە مېڭىپ، ساغلام كىشىلىك تۇرمۇش مەسىلىلىرى، مۇھەببەت مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەسەرلىرىنى كەڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان. «جەمىلە»، «سەۋرى قامەتلىك دىلبىرىم»، «بوتا كۆز»، «بىرىنچى مۇئەللىم» قاتارلىق تۆت پارچە ئەسەر «تاغ ۋە يايلاق ھېكايىلىرى» دېگەن توپلام بىلەن **1963**-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ مۇكاپات «لېنىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىش يالغۇز ئايتماتوف ھاياتىدىكى چوڭ ئىش بولۇپ قالماستىن، خۇددى قازاق شائىرى شاخانوف، ئايتماتوف بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۇ توغرىلىق دېگەن: «چىڭغىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ‹لېنىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى›نى ئېلىشى پەقەت قىرغىز ئېلى ئۈچۈنلا ئەمەس، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان ئەللىرى ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىنارلىق ئىش» بولۇپ قالدۇ.

بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان سيۇژېتى نىسبەتەن ئاددىي، باياناچىلىقتا تۈز لىنىيەلىك بايان ئاساس سالماقنى ئىگەلىگەن. مەسىلەن:«يۈز-مۇ-يۈز» پوۋېستى گەرچە ئۇنىڭ ئالدىنقى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ياخشى يېزىلغان ئەسەر بولسىمۇ، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن. ئەسەردە پېرسوناژنىڭ زىددىيەتلىك ئىچكى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوينىدا تۇرۇپ تەسۋىرلەشكە سەل قارىغان. بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنىڭ گۆلا تاجىسى بولغان «جەمىلە» مۇ ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا يېزىلغان بولۇپ، لىرىك قەھرىمانىنىڭ روھى دۇنياسى تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق مۇھەببەت ناخشىسىنى ياراتقان بولسىمۇ، سيۇژېتتىكى ئاددىيلىقتىن خالىي بولالمىغان. «بىرىنچى مۇئەللىم» دە بولسا ئۆز ھاياتىنى كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن بېغىشلىغان كوممۇنىست دۈيشەن مۇئەللىمنىڭ ئاجايىپ گۈزەل روھى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلىپ، بىر قەدەر مۇرەككەپ تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئىچىدە ئەسەر تېمىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى ئەسەرلەرگە قارىغاندا تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مەسئۇلىيىتى ۋە كۆزىتىشىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئايتماتوفنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدىكى كەڭلىكنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق ئېيتىلدى. باشقا يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنە ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەردۇر. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەردە لىرىك پۇراق كۈچلۈك بولۇپ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا نىسبەتەن قايناق ھېسسىياتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. رومانتىك تۈيغۇنى ئىپادىلەش، ياشلاردىكى يېڭىچە قاراشلارنى مەدھىيەلەش بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ھەر بىر ئەسەردە دېگۈدەك بىر-ئىككى لە-

رىك قەھرىمانغا مەدھىيە ئوقۇلدۇ. مەسلەن: سەئىدە
«يۈزمۇ-يۈز»، جەملە بىلەن دانىيار «جەملە»، ئا-
سىل «سەۋرى قامەتلىك دىلبىرىم»، دۈيشەن «بىرىنچى
مۇئەللىم»... قاتارلىق پېرسوناژلار ئەنە شۇلارنىڭ
جۈملىسىدىندۇر.

قىسقىسى بۇ باسقۇچ ئايتماتوفنىڭ دەسلەپكى قە-
دەمدە ئىجادىيەتكە كىرىشىش، تونۇلۇشى بولۇپ،
ئاددىي ھالدىكى تەقلىدچىدىن بارا-بارا ئۆزىنىڭ يول-
نى تېپىپ، يېتىشكەن سەنئەتكارغا ئايلىنىش جەريانى
ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ، 1963-يىلدىن 1970-يىلغى-
چە بولغان جەريان بولۇپ، بۇ ئايتماتوفنىڭ ئوتتۇرا
باسقۇچتىكى ئىجادىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى
ۋەكىللىك ئەسەرلەردىن «يەر ئانا» (1963-يىل)،
«قىزىل ئالما»(1964-يىل)، «ئەلۋىدا گۈلسارى»
(1966-يىل)، «ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىش»
(1969-يىل) قاتارلىقلار بولۇپ، ئەڭ ۋەكىللىك ئە-
سىرى «يەر ئانا» بىلەن «ئەلۋىدا گۈلسارى» پوۋې-
ستىدۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەسەر-
لەردىن پەرقى شۇكى، ئالدىنقى ئەسەرلەردە يازغۇچى
شەخسنىڭ ھېسسىياتىنى، ئەركىنلىكىنى، ئۇنىڭ مولا
ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئادەم قەلبىنىڭ
ئاجايىپ گۈزەللا قاتلاملىرىنى ئېچىشقا قاراتقان،
شەخسنىڭ ئارزۇسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. لىرىك
كەيپىيات بىلەن رومانتىكا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەسەرنى
قويۇق شېئىريي پۇراققا ئىگە قىلغان. بۇ باسقۇچتىكى
ئەسەرلەر بولسا شەخسكە قارىغاندا كوللېكتىپنىڭ ھېس-
سىياتىنى، ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئەمەس، كوللېكتىپنىڭ
تەقدىرىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ئە-
مەس، بەلكى بىر قەدەر چوڭراق بولغان سىياسىي مە-
سىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەرنىڭ سيۇژېتى نىس-
بەتەن مۇرەككەپ، قۇرۇلمىسى كۆپ قاتلاملىق بو-
لۇپ، تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك. شۇڭلاشقا
بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەردە لىرىك كەيپىيات بىلەن
بىرگە يەنە مۇڭ-ھەسرەت، تراگېدىيە پۇرىقى پۇراپ
تۇرىدۇ. تراگېدىيەلىك تۈسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بۇ
باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنى ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەسەر-
لەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئايت-
ماتوفنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى خېلى كۆپ ئەسەرلىرد-
ە ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولسىمۇ، ياز-
غۇچى ئۇرۇشنى تەسۋىرلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويما-
غان، پەقەت شۇ خىل مۇھىت ئىچىدە لىرىك قەھرىمان-
نىڭ ئوبرازىنى ياراتقان، بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەردە
بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوبرازلار شۇ دەۋر رېئاللىقىنى
ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بولۇپمۇ
ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى شۇنداق. «يەر ئانا»
ئايتماتوفنىڭ ئورۇش تېمىسىدا يازغان مۇھىم ئەسەر-
لىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇر-
مۇشى، ھاياتى پائالىيىتى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ئەكس
ئەتكەن ئەسەر. يازغۇچى ئورۇش ئارقا سېپىدە تۇرۇپ
جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان نامسىز قەھرىمانلارنىڭ
ئوبرازى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ روھى دۇنياس-
نى قېزىپ چىقىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا
بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىغا بولغان بىر قېتىملىق
ئەسلەش بولۇپ، ئەسەرنىڭ بېشىدا مۇنداق دەپ يا-
زىدۇ: «دادا، مەن سېنىڭ قەبرەڭنىڭ قەيەردە ئىكەن-
لىكىنىمۇ بىلمەيمەن، مۇشۇ ئەسىرىمنى، دادا، تۆرەقۇل
ئايتماتوۋ، ساڭا بېغىشلايمەن.» «ئانا، سەن بىز تۆت-
مىزنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتۇڭ، سېنىڭ ئۇزاق
ئۆمۈر كۆرۈشىڭنى تىلەپ، مۇشۇ ئەسىرىمنى، ئانا، نا-
غىيمە ئايتماتوۋا، ساڭا بېغىشلايمەن.»

مەلۇمكى، ئايتماتوفنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۇرۇش
يىللىرىدا ئۆتكەن، شۇنداقلا دادىسىدىن كىچىك يېتىم
قالغان، بۇنىڭغا ئۇنىڭ مۇنۇ ئەسلىمىسىنى مىسالا ئې-
لىشقا بولىدۇ: «1937-يىلى مېنىڭ ئاتام تازىلاش ئوب-
يېكتى قىلىنىپ باستۇرۇلدى، ئائىلىمىز ئانا يۇرتقا قاي-
تىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ھەقىقىي، مۇ-
رەككەپ تۇرمۇش سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈردۈم.»
دېگەندەك كىچىك تۇرۇپ ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى،
شۇنداقلا خەلقنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئۆس-
مۈر بالا نۇرغۇن ئىشلانى باشتىن كەچۈرىدۇ، ئۇ بىر
تەرەپتىن ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرسە، يەنە
بىر تەرەپتىن يۇرتىدا كاتىپلىق، بوغالتىرلىق... قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ تۇرمۇشنى
تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە، خەلق ئەھۋالىدىن خە-
ۋەردار بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. خۇددى ئۇ ئېيتقاند-
ەك:«ئەگەردە مەن تۇرمۇشنى بالىلىق دەۋرىمدە
تاتلىق خىياللار ئىلكىدە تۇرۇپ گۈزەللىك جەھەتتىن

تونۇغان دېسەم، مانا ئەمدىلىكتە تۇرمۇش مېنىڭ كۆز
ئالدىمدا ئۆزىنىڭ ناھايىتى جىددىي، قىلچە پەردازسىز،
ئازابلىق ھەمدە قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇر-
غان قىياپىتى بىلەن نامايان ئىدى. مەن خەلقىمىنىڭ
ئالاھىدە بىر خىل ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ
ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە، خەلقىنىڭ زېھنى ۋە جىسمانىي
قۇۋۋىتىنىڭ ناھايىتى جىددىي ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى
كۆرگەنىدىم، مەن بۇ ھالەتنى مەجبۇرى كۆرۈۋاتاتتىم،
ئاما بۇلارنى كۆرۈش مېنىڭ بۇرچۇم ئىدى. مەن ئا-
ۋۇلدىكى ھەر بىر ئائىلىنى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئەزاسى-
نى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئىقتىسادى ئەھۋا-
لىنى بىلەتتىم ، مەن تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلەردىن چۈ-
شەنگەنىدىم.»

«يەر ئانا» پوۋېستىدا ئەنە شۇ مۇھىتتىكى تۇرمۇش
دېتاللىرى ناھايىتى جانلىق پۇرۇتۇپ بېرىلگەن، ئە-
سەردىكى سۇۋانقۇلا ئائىلىسىنىڭ ئورۇشتىن ئىلگىرىكى
ۋە كېيىنكى تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە
ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى شۇ دەۋر
ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئورتاق تەقدىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، يازغۇچى
تۇرمۇشنى تېخىمۇ كەڭ جەھەتتىن كۆزىتىپ، كوللېكتىپ-
قا، خەلققە ئورتاق بولغان تېما ئارقىلىق بىر دەۋر كى-
شىلىرىنىڭ روھى دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. يەنە
بىر جەھەتتىن، ئەسەر قۇرۇلما جەھەتتە يەر ئانا بىلەن
تولغانئاي ئانىنىڭ دىئالوگى، ئەسلىمىسى ئارقىلىق بايان
قىلىنىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ گارمونىك بىرلىكى
ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. تولغانئاينىڭ تەقدى-
رى، ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگىنى ئەمەلىيەتتە يەرنىڭ،
تەبىئەتنىڭ تەقدىرى، تەبىئەتنىڭ كەچۈرمىشلىرىدۇر.
ئەسەردە ئادەم بىلەن تەبىئەت قانداشلىق مۇناسىۋەتتە
تۇرۇپ تەسۋىرلىنىپ، ئاجايىپ تەسىرلىك مەنزىرىنى
پەيدا قىلغان.

«ئەلۋىدا گۈلسارى» ئايتماتوفنىڭ **1960**-يىللار-
دىكى ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ نادىر ئەسەر، شۇنداقلا
ئايتماتوف بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇ-
رىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە كۆزىتىش
نۇقتىسى ، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى، تېمىسى كىشىنى
ئويغا سالىدۇ. يازغۇچى بۇ ئەسەردە ھەقىقىي قىرغىز
چارۋىچىنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى ناھايىتى جانلىق يو-
رۇتۇپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سابىق سوۋېت
جەمئىيىتىنىڭ **1960**-يىللاردىكى جەمئىيەت تۈزۈلمى-
سىدىكى ئاجىزلىقلار، ناھەقچىلىقلارنى سەنئەت يۈك-
سەكلىكىدە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى
نازۇك تېمىلارغا دىققەت نەزىرىنى سالىدۇ. بۇ پوۋېست
ئايتماتوف ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان
ئەسەر بولۇپ، يازغۇچى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «
‹ئەلۋىدا گۈلسارى›ماڭا يېزىقچىلىق جەھەتتە ناھايىتى
چوڭ خۇشاللىق ۋە ئازاب ئېلىپ كەلدى. مەن بۇ ئە-
سىرىمدە ئالدىنقى ئەسەرلىرىمدە ئىپادىلەنمىگەن بەزى
يېڭى نەرسىلەرنى يېزىشقا تىرىشتىم، ئاخبارات ساھە-
سى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئو-
قۇرمەنلەرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇلارنىڭ خېتى
مېنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزىتى-
شىمگە ۋە ئەدەبىياتتا تاللىغان يولۇم توغرىسىدا چوڭ-
قۇرراق ئويلىنىشىمغا تۈرتكە بولدى. بۇ ئەسەرنىڭ
ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، مەن بۇ ئەسەردە ھا-
زىرقى مىللەت تۇرمۇشىنىڭ سۈرىتىنى مۇۋەپپەقىيەت-
لىك ھالدا سىزىپ چىقالىدىم، مەن تەسۋىرلىگىنىم مىل-
لەتنىڭ ‹ياسالما قىياپىتى› ئەمەس، بەلكى مىللەت
تۇرمۇشىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلىك
ئۆتكۈر مەسىلىلەردۇر.» دېگەنىدەك ئەسەردە ناھايىتى
جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق، دەۋر رې-
ئاللىقى ئېچىپ بېرىلگەن. ئەسەر تەنەباينىڭ ئۆلۈش
ئالدىدىكى ئېتى، گۈلسارى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى
ئارقىلىق راۋاجلانغان بولۇپ، ئەسلەتمە بايان ئارقى-
لىق ئات بىلەن ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىدىن
خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. ئاتنىڭ شادلىقى تەنە باينىڭ شاد-
لىقى، ئاتنىڭ ئازابى تەنەباينىڭ ئازابى سۈپىتىدە تەس-
ۋىرلىنىپ، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى مۇرەككەپ مە-
سىلىلەر ئېچىپ بېرىلىدۇ. تەنەباي كوللېكتىپ ئۈچۈن
بارلىقىنى بېغىشلىغان ماھىر چوپان، ئۇ تۆمۈرچى، يىل-
قىچى، چوپان، دېھقان... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ
خەلق ئۈچۈن تەر ئاققۇزىدۇ. گۈلسارىمۇ شۇنداق،
ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئادەم تەقدىرىدەك مۇرەككەپ ،
ئەگرى-توقاي، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارغا گۇۋاھ بولىدۇ.
شادلىقىدىن قايغۇسى كۆپ بولىدۇ. بۇ ئىككى ھەمراھ-
نىڭ تەقدىرى ئەلۋەتتە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئورتاق
تەقدىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەردىكى ئەڭ مۇھىم

تەرەپىنىڭ بىرى شۇكى، ئەسەردە قەدىمىي قىرغىز ناخشىسى، «ئانا تۆگىنىڭ بوزلىشى» ۋە «ئۇۋچىنىڭ ھەسرىتى»دىن ئىبارەت سىيۇژىتنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك تۈسىنى كۈچەيتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئايتماتوفنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئەكىرىشىدىكى سىناق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇرۇلۇش بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى باسقۇچ، **1970**-ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلىرى «ئاق پاراخوت» (**1970**-يىل)، «بالدۇر كەلگەن تۇرنىلار»(**1975**-يىل)، «ئۇنىڭ دادىسى» (**1977**-يىل)، «ئالا ئىت قىياسى»(**1977**-يىل)، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» (**1980**-يىل)، «قىيامەت» (**1986**-يىل)، «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» (**1990**-يىل)، «كاساندىرانىڭ تامغىسى» (**1995**-يىل) قاتارلىقلاردۇر. بۇ باسقۇچتا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى مولا مېۋە بېرىپ دۇنياغا تونۇلغان.

ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەسەرلەرگە قارىغاندا بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلەرنىڭ تېما جەھەتتىكى كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى پىششىقلىقى، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمىلىكى كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ئەسەرلىرى دۇنياۋىيلىققا يۈزلەنگەن. يازغۇچىنىڭ شەخسىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بارا-بارا دۇنياۋىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ھازىرنى ئەمەس، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلما ۋە مۇرەككەپ سىيۇژىتلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغان بولسا، ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ئەسەرگە ئەكىرىپ، يېڭى بىر بەدىئىي دۇنيانى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا نامايان قىلغان. شۇڭا بۇ باسقۇچتىكى ئەسەرلىرى يالغۇز مىللىيلىك بىلەنلا خاراكتېرلەنمەستىن، دۇنياۋىي تېمىلارغا يۈزلەنگەنلىكى بىلەن دۇنياۋىيلىققا ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

«ئاق پاراخوت» يازغۇچىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى تۇنجى ئەسىرى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئەسەر ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر بۇ ئەسەرنى ئايتماتوفچە ئۇسلۇبتىكى ئەسەر ئەمەس دەپ قارىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى يۆنىلىشنى بويلاپ ئەسەر يېزىشىنى ئۈمىد قىلىشقان. يازغۇچى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن ئىشلار مېنى ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى، ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت يولى ھەققىدە ئويغا سالىدۇ. ئۆزۈم توغرىلىق سۆزلىگەنكەنمەن، بۇ يەردە ‹ئاق پاراخوت› ھەققىدىكى ئوي-خىياللىرىمنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ ئەسەر كىتابخانلار ئارىسىدا بەس-مۇنازىرە قوزغىدى. بەس-مۇنازىرە نورمال ھادىسە، ئەدەبىياتتا بەس-مۇنازىرە بولۇشى كېرەك، مانا شۇ ئەھۋالدا مېنى ئەڭ ھوشيارلاندۇرۇپ قويغان نەرسە قانچىلىك غەلىتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىك بىلەن بېرىلگەن تەنقىدلەر ئېلىپ كەلگەن خەتەر بولدى. بەزى كىتابخانلار ‹جەمىلە›، ‹بىرىنچى مۇئەللىم›، ‹يەر-ئانا› ۋە باشقا ئەسەرلىرىمنى ياقتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستېتىك تونۇشىنى ئاساس قىلىپ، مېنىڭ ئاشۇنداق ئۇسۇلدىكى ئەسەرلەرنى داۋاملىق يېزىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كەچمەكچىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ‹ئەلۋىدا گۈلسارى›، ‹ئاق پاراخوت›تىن ئىلگىرى يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ ئالاھىدە مەنىسىنىمۇ ئىنكار قىلماقچىمۇ ئەمەس. ئەمما مەن ئاللىقاچان يەتكەن سەۋىيەدە توختاپ قېلىشنىمۇ خالىمايمەن.» ئېيتىلغاندەك بۇ ئەسەر يازغۇچىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك پەللىنى بويلاپ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەسەردە سىنتاش جىلغىسىدىكى ئورمان مۇھاپىزەت ئورنىدا تۇرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى يىپ ئۇچى قىلىنغان بولۇپ، مۆمىن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى، بوۋاينىڭ قىزى، كۈيئوغلى قاتارلىق بىر قانچە كىشىنىڭ ۋەقەلىرى ناھايىتى ئىنچىكە، جانلىق تەسۋىرلىنىپ، كىتابخانغا ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان بەدىئىي دۇنيانى سۇنىدۇ. مۆمىن بوۋاي جىسمىدا ئەجداد ئەنئەنىسىنى ساقلىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەنئەنە بىلەن تولغان ئېسىل بوۋاي. ئۇنىڭ كۈيئوغلى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھازىرقى زاماندىكى ھەممە ياۋۇزلۇقلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئوبراز. يازغۇچى مانا شۇ نۇقتىدا تۇرۇپ، ئەجداد ئەنئەنىسى بىلەن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قى-

لىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ياخشى
يورۇتۇپ بەرگەن.

«ئاللا ئىت قىياسى» يازغۇچىنىڭ يەنە بىر نادىر
ئەسىرى، بۇ ئۇنىڭ يات مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى تۈنجى
بولۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسىرى بولۇپ، «ئاق پارا-
خوت»قا ئوخشاشلا ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرلىكى
ئاساسىدا ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈ-
لۈك مۇناسىۋەت ھەم قارشىلىق ھەم بىرلىك ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى
شۇكى، زامان ئۇقۇمى ئېنىق بولمىغان، چەكلىك ماكان
ئىچىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە يېڭى بىر سوئالنى
تاشلايدۇ، يەنى «ھەممىمىز بىر كېمىدىكى ئادەملەر،
كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى بىزمۇ ئەنە شۇنداق ھالغا
چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن.» مانا بۇ «ئاللا ئىت قىيا-
سى»دىكى كىچىك كېمىدىن چىققان پەلسەپىۋى مەنە.
ئەسەردىكى ئورگان بوۋاي ۋە قىرىسق روھىيىتىدىكى
بىر- بىرىگە ئۆتتۈشۈش ھاياتىنىڭ ئۈزۈلمىسىز داۋاملى-
شىشى بولۇپ، يەر شارى ئادەملىرى بىر-بىرىگە مەس-
ئۇلا بولۇشى كېرەك، دېگەن ئۇقۇم ئايتماتوفنىڭ بۇ
ئەسىرىدە يۇقىرى بەدىئىي تۈستە ئىپادىلەنگەن.

«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانى يازغۇچى-
نىڭ بۇ باسقۇچتىكى نادىر ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ
تۈنجى رومانى بولۇپ، ئەسەر ئېلان قىلىنىپ، جەمئى-
يەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغايدۇ، ئەسەرنىڭ ئۆزى
**1983**ـيىلى دۆلەتلىك ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.
ئەسەردە يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى تېخىمۇ كېڭە-
يىپ، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى توغرىسىدا مۇھاكىمە
يۈرگۈزۈلۈپ، قوش ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئەسەر بىر
تەرەپتىن بەدىئىيلىك جەھەتتىن ناھايىتى نادىر ئەسەر
ھېسابلانسا، تېما جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ئاگاھلاندۇ-
رۇش رولىنى ئوينىغان. يەنى ئەسەردە رىۋايەت، ھا-
زىرقى زامان ۋەقەلىرى، فانتازىيەلىك خىيالا بىرلەشتۈ-
رۈلۈپ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ
كەتكەن.

بۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئەسەر بو-
لۇپ، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان
بالايى-ئاپەتتىن يازغۇچى بۇرۇنراق بىزنى ئاگاھلاندۇ-
رغان.

«قىيامەت» **1986**ـيىلى يېزىلغان ئەسەر بولۇپ،
ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتا يازغان نادىر ئەسىرى. ئەسەر رې-
ئاللىق قاتلىمى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدى-
لىكى بىلەن كىتابخانلارنى «قاتتىق چۆچۈتكەن»، ھا-
ياجانغا سالغان. شۇنداقلا بىر مەيدان بەس-مۇنازى-
رىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان، ئوخشىمىغان
كىشىلەر بۇ ئەسەرگە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان.
شۇنداقتىمۇ ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلىرى توغرىسىدىكى
قاراشلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قارايدىغان بول-
ساق، ئەسەردە تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان زىيادە رە-
ھىمسىزلىك، ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بۇزۇلۇش،
چاكىنىلىق، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەر،
بۇزۇقچىلىق قاتارلىق زور ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسى-
لىلەر ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن پاش قىلىنىپ، ئىنسا-
نىيەت ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولاۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت
ھەقىقەت ئېچىپ بېرىلگەن. «تاغلار غۇلىغاندا»
**2006**ـيىلى نەشردىن چىققان ئەسەر بولۇپ، ئۇيغۇر-
چىسى **2012**ـ-يىلى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز
كۆرۈشتى. ئەسەردە يازغۇچى يەنە پىشقان بەدىئىي
قۇۋۋىتى ۋە ماھىر كۆزىتىش نۇقتىسى بىلەن ئىنسان
بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەدىئىي
يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەسەردە ئۇنىڭ ئال-
دىنقى ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا، ئەنئەنە بىلەن ياتلى-
شىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى كەسكىن
زىددىيەت توقۇنۇش ئىچىدە قانات يايغان بولۇپ،
ئىنساننىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇشى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چى-
قىدىغان ئاقىۋەتنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ئىكەنلىكىنى ئى-
شارە قىلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئايتماتوف دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن توختىماستىن ئىزدىنىپ، تىرىشىپ
ئۈزۈلكسىز تۈردە ئالغا قاراپ ماڭغان. گەرچە ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن بەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ-
نىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي دۇنيا، شۇنداقلا ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىنىڭ دۇنياۋىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى ناھايىتى
مولا ھوسۇللۇق يازغۇچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەپسۇس-
كى، **2008**ـيىلى **6**ـئاينىڭ **10**ـكۈنى بۇ ئۇلۇغ ياز-
غۇچى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. شۇنداقتىمۇ
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يەنە نەچچە ئەۋلاد ئوقۇرمەنلەرگە
مەنىۋىي ئوزۇق بەرگۈسى.

(ئاپتور مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)




ئاپتوردىن: بۇ شېئىر بۇندىن 47 يىل بۇرۇن يېزىلغان. شېئىر يېزىلىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، ئون يىلغا سوزۇلغان مالىمانچىلىق باشلىنىپ كەتكەندى. ئارىلىقتا شېئىر ئورىگىنالىنى تاپالماي «يوقاپ كېتىپتۇ» دەپ يۈرگەندىم. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا توپلاپ قويغان ماتېرىياللارنى رەتلەۋاتقىنىمدا، بۇ شېئىر شۇ نەرسىلەر ئارىسىدىن چىقىپ قالدى. شۇ يىللاردا كىلاسسىك شائىر گۇمنامنىڭ «مۇھەببەتنامە-مېھنەتكامە» داستانىنى بېرىلىپ ئوقۇپ يۈرگەن ئىدىم . شېئىرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، داستانىنىڭ ئىستېتىك تەسىرىدە يېزىلغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ. داستان 11 بوغۇم، ئىككىلىك شەكلىدە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. شېئىرمۇ 11 بوغۇم، ئىككىلىك شەكلىدە بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان. شېئىرغا قارىسام مىسرا ۋەزنى بەلەن قاپىيەگىلا كۆچىنىپ، تۇراق ۋەزىنلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىكەن، شېئىر ئۆز ۋاقتىدا قانداق يېزىلغان بولسا، ھېچنېمىسىنى ئۆزگەرتمەي ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە ئەينى پېتى سۇندۇم .

## قىزىلگۈللا

مەنمۇ ھەم شېئىرىيەت گۈلزارىدىن،
گۈللا قىسىپ قۇتۇلاي كۆڭۈللا زارىدىن.
كۆيەتتىم كى بىر گۈللا ئىشقىدا، بىراق،
تەرىپ-شەرىپىدىن ئىدىم كۆپ يىراق.

بولسامۇ سۆيگۈمگە قانچە ۋاپادار،
تەرىپكە يوق ئەمما مەندە ئىقتىدار.
مەيلى ئىشق جامىدا ئىچىپ شاراب-مەي،
ئات سالدىم سەپەرگە تاغ، داۋان دېمەي.
كىم يەتكەن جېنىدىن كەچمەي جانانغا،
كىم چىققان جاپا چەكمەي تاغ، داۋانغا.
مېۋىلەر ھەم ئەجىرسىز شېخىن ئەگمەس،
قولا سوزۇلماي تائامغا ئېغىز تەگمەس.
ئېقىن سۇ ئاز بولسىمۇ ئەلا ئالار نەپ،
ئاقمىسا كېتەر نەپسىز، ئىزسىز تۈگەپ.
توختام سۇدەك قەدىرسىز، ئىزسىز ئۆتكەندىن،
يالقۇنجىماي دۈتلىنىپ بوخسۇپ كۆيگەندىن؛
بىر قەترە بولسىمۇ ئاقاي دېدىم-دە،
يالقۇنجاپ كۆيەي، ئۇچقۇن چاچاي دېدىم-دە؛
باھاردا گۈلزارغا قويۇپ مەن قەدەم،
ئاق چىمەن ئۈستىدە يۈرگۈزدۈم قەلەم.

* * *

جاھاندا رەڭ دېسە، گۈللا دېسە تولا،
سانىنى، تۈرىنى ئېيتماي بولدىلا.
ئالدىمغا قىلىپ جەم بارچە بوياقنى،
دېسە گەر تاللىۋالا ئۆزۈڭ ئامراقنى؛

تاللايمەن ھامانكى مەن قىزىل رەڭنى،
كۆرمىدىم قىزىلدىن ئېسىل بىر رەڭنى.
چۈنكى بار ئۇنىڭدا شەپەق زىلۋاسى،
شەپەققە رەڭداش گۈللا ھۆسنى-زىباسى.
كىم سۆيمەس، خالماس گۈلنى چىمەننى،
قايسى گۈللا ئۆزىگە تارتماس كۆڭۈلنى.
ھەر گۈلنىڭ ئۆزگىچە باھا-نەرقى بار،
رەڭ، ھۆسن، پۇراقتا تولا پەرقى بار.
ھەر گۈلنىڭ بارلايىق ئۆز خېرىدارى،
قىز-يىگىتتىن، ياش-قېرىدىن ئاشنا-يارى.
ئۇ گۈللا رەڭدە قىلسا گەر بۇنى مايىل،
بۇ گۈللا قىلار پۇراقتا ئۇنى قايىل.
گۈللەرنىڭمۇ گۈلى بار، ياخشىسى بار،
ھەر كۆڭۈلنىڭ ياقتۇرغان ناخشىسى بار.
ئېچىلسىلا ئىلغىماي گۈللا دەۋرەمە،
گۈلغۇ دەپ كۆرگەننىلا پۇراۋەرمە.
كۆپ گۈلنىڭ تولا-تولا نوقسانى بار،
قارىساڭ گۈللا ھەتتا زەھەر، زىيانى بار.

بىر گۈللا بار ئىسمى ئۇنىڭ قىزىلگۈلدۇر،
گۈللەرنىڭ گۈلى، تاجى ئېسىل گۈلدۇر.
ياپرىقى بىر گۈلچىمەن، يېشىل بەرقۇت،
غۇلى زىلۋا ۋە يۇمران، لېكىن مەزمۇت.
ئېچىلدۇ قىپقىزىل قان رەڭگىدە،
ملڭ يۇرەكنىڭ ئوتى بار ھەر بەرگىدە.
تىكنى بار ئاسرارغا يامانلاردىن،
گۈللا قەدرىنى بىلمەيدىغان نادانلاردىن.
زېمىستان كېتىپ كۆكلەم-باھار كەلسە،
باغ، ۋادىلار يېشىللىققا پۇركەلسە؛
گۈلشەندە گۈللا-غۇنچىلار ئېچىلدۇ،
باھارنىڭ خۇشبۇيى ھەدى چېچىلدۇ.
ھېچ يەردە تېخى ھېچ بىرگۈللا ئېچىلماي،
باھار ھەدى، گۈللەر ھەدى چېچىلماي،
قالمىشلار تەقۋادارغا يولا بەرگەندەك،
ھۆرمەتلەپ ئاڭا ھەممە قولا بەرگەندەك ؛
ئېچىلار دەسلىپىدە شۇ ئېسىل گۈللا،
بەرگى بەرقۇت، تاجى زەر شۇ قىزىل گۈللا.
پەرۋانە چىدالماي ئىشقى-پىراققا،
ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئوتقا، چىراغقا؛

قىزىلگۈللا ئېچىلغان شۇ دەمدە شەيدا
بۇلۇپ بولبۇللا بولىدۇ باغقا پەيدا.
سايرايدۇ گۈللا ئىشقىدا تاڭ ئاتقۇچە،
تۈننى كۈندۈزگە ئۇلاپ كۈن پاتقۇچە.
بۇلبۇللا ئەمەس ئاشىق قىزىلگۈلگە،
ئىشقى ئۇنىڭ چۈشكەندۇر ھەر كۆڭۈلگە.
پەسلى باھار كېلىپ ئاچسا قىزىلگۈللا،
ئېچىلىپ كېتەر گۈلدەك دىل-كۆڭۈللا.
گۈللا قىسىپ چىقسا باغدىن ئانلار،
چورقۇرۇشۇپ تالىشىدۇ باللار.
ئالدىرايدۇ قىزلار ئالدىن ئۈزۈشكە،
دوست-يارىغا گۈلدەستىلەر تۈزۈشكە.
گۈزەللىكتىن قىلىپ ھەتتا تەمانىا،
دېگەنلەرمۇ «مەندىكى يوق، مەن تەنھا»
قىزىلگۈلنى قىسماغۇنچە كۆڭلى قانماس،
قىسقانلارنى كۆرسە گۈلدىن كۆزىنى ئالماس.
قىزلار قىسسا گۈللا ئۈستىگە گۈللا بولۇپ،
ۋاھ، خۇشدۇركى، ھەمما ياققا گۈللا تولۇپ.
زەر ئۈزۈككە ياقۇتتىن كۆز قويغاندەك،
گۈللا ئۈستىگە ئۈز گۈللا، كەشتە ئويغاندەك.

كەلدى ئىللىق خۇشخۇي چىراي باھار قىز،
پەسىللەرنىڭ جىلۋىگەرى ناھار قىز.
باھار كەلدى گۈللا ئېچىلدى باغلاردا،
دەريا بويى-ۋادىلاردا، تاغلاردا.
كەڭ زېمىننى گۈللا قاپلىدى شۇ قەدەر،
گۈللا-چېچەكتىن تون يېپىندى ئانا يەر.
گۈللا لىباسقا بولۇپ كۆركەم زەر نەقش،
مۇھتقا ھەم ئېتىپ خۇشبۇي ھىد بەخش؛
چوغدەك چاقناپ قىزىلگۈللەر ئېچىلدى،
دىماقلارغا ئىپار ئەنبەر چېچىلدى.
قىزىلگۈللا، سەن گۈللەرنىڭ تاجى- شاھى،
گۈللا يۇلتۇزلۇق چىمەن كۆكنىڭ ئايى-ماھى.
ھېچبىر كىشى كۆڭلىدىكى يارىغا،
گۈزەللىكتە ئۇن بەش كۈنلۈك ئايغا؛
ھېچ كىشنى، ھېچ گۈزەلنى خوپ كۆرمەس.
شۇ گۈزەلا يەنە سېنى قىسىپ كېلەر،
يارىغا ئاتاپ دەستە تىزىپ كېلەر.
«كىشىنىڭ قىزىلگۈلدەك يارى بولسا»*،
زىلۋا بويى، غۇنچە لەۋ دىلدارى بولسا،
ھەر كەلسە قىزىلگۈلگە تولۇپ كەلسە،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈپ كەلسە.

يارنى كۆرۈپ قىزىلگۈلنى كۆرگەندەك،
قىزىلگۈلنى يۇراپ يارنى سۆيگەندەك.
بولسا، ۋاھ، ئارمانىغا يەتسە كىشى،
ئارزۇلۇق جانانىغا يەتسە كىشى.
مەيتۇن بىز سىنىڭ بەرقۇت بەرگىڭگە،
قىزىل شەلپەر، چوغدەك چاقناق رەڭگىڭگە.
مەيتۇن بىز ئىپسىل خۇشبۇي پۇراقىڭغا،
مەيتۇن بىز دىلغا ئاتەش پىراقىڭغا.
ئاشىقلارنىڭ مەشۇقى سەن قىزىلگۈلا،
مەشۇقلارنىڭ ئاشىقى سەن قىزىلگۈلا.

*           *           *

باھاردا گۈلزارغا قويۇپ مەن قەدەم،
ئاق چىمەن ئۈستىدە يۈرگۈزۈپ قەلەم؛
مەنمۇ ھەم بوستىنىم گۈلزارىدىن
گۈلا قىسىپ قۇتۇلدۇم كۆڭۈلا زارىدىن.

1966-يىل 4-ئاي

*بۇ مىسرا گۇمنامنىڭ

# ئاچچىق ئەسلىمە

ئاپتوردىن: بۇ شېئىر ئوبلاستلىق 1- ئوتتۇرا مەك-تەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ساۋاقداش مەرھۇم ئابدۇ-رەھىم مامۇت 60 ياشقا تولۇش ھارپىسدا كورلىدىكى ساۋاقداشلارنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ جەم قىلغان داستىخان سورۇنىدا ئوقۇلغان.

بىز مەرىپەت قۇچىقىدىن چىققان دەم،⑥
بارتى تېخى يۈزىمىزدە سىرىق تۈك.
چېھرىمىزدىن كەتمىسىمۇ باللىق،
يەلكىمىزگە ئارتقان ئىدۇق ئېغىر يۈك.

ساددا، ئەمما ئەجەب روھلۇق جۇشقۇنتۇق،
گۈزەللا ئىدى پۈككەن ئارزۇ، غايىمىز.
شۇندىن مانا قىرىق تۆت يىل ئۆتۈپتۇ،
ھالقىپ قاپتۇق ئاتمىشلاردىن ئالدىمىز.

بولمىدى ھېچ كۆڭلىرىمىز راۋان تۈز،
ئۇرۇپ تۇردى ھەر رەڭ دوقاللا-سوقماقلار.
بەزىمىزنى قىلدى مەجرۇھ -مېيىپناق،
ئۈست-ئۈستلەپ تەككەن تاياق - توقماقلار.

«ئۆزگەرتىش»⑥تە سۈرگۈن بولدى دەشتلەرگە،
ۋە بەزىلەر پادا باقتى باغراشتا.⑥
«گۇناھى» شۇ: ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن،
ھەقنى دادىل سۆزلەپ قويغان سايراشتا.⑥

شاماللا كېتىپ بوران كەلدى ئاپەتلىك،
ئون يىل داۋام قىلدى زەربە، چەكلەشلەر.
«ۋۇچى گەنشياۋ»⑥ئىمىش «لوگەي»⑥لاگىرى،
سۇندى غولغا تەگكەن نەچچە ئەپكەشلەر.

ھەتتا ھايات شامى ئۆچتى بەزىنىڭ،
قالدى ئېسىل ئارزۇلىرى شۇ پېتى.
پۈتمەك بولغان گۈزەللا داستان ئۆمرىدىن،
قالدى، ئەپسۇس، يېزىلمايلا بىر بېتى.

خەيرىيەتكى، بىز ئىكەنمىز تەلەيلىك،
ئاپەتلەردىن ئامان قالدى جېنىمىز.
ئويلىساق شۇ كۆرگەن كۈننى، يىللارنى،
جېنىمىز چىڭ، پولات ئىكەن تېنىمىز.

دېمەك، بۇ جان بىزگە قالغان بىر نېمەت،
دىدارلىشىپ ئولتۇرماقمۇ غەنىمەت.
توققۇز ئوغۇلا، توققۇز قىزنى جەم قىلغان،
ئابدۇرەھىم، خەنساگۈلگە مىڭ رەھمەت!

1996- يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈنى

ئىزاھلار:
⑥1952-يىلنى كۆرستىدۇ.
⑥ئۆزگەرتىش-ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش.
⑥باغراش-باغراش كۆلى.
⑥سايراش-1957-يىلدىكى چوڭ ئېچىلىپ سايراش ھەرىكىتى.
⑥ۋۇچى گەنشياۋ خەنزۇچە «7-ماي كادىرلار مەكتىپى»
⑥لوگەي-خەنزۇچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

(ئاپتور «كروران» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)




## قەشقەرلىك ئاۋاز

تاقىتىم تاق بولدى
ھېچنېمىدە نېسىۋەم يوق
كىرىش-چىقىش ئېغىزىدىن تەڭلا تۆكۈلەر
ماتېماتىكىدىكى بىر فورمىلا

بىر ئامالىلا قىلىپ قەشقەرگە بارسام بولاتتى
قەشقەرنى سۆيەتتىم...
ئۆيىمىزدە قەشقەرلىق قوي بار ئىدى
قەشقەرلىك قوشنىمىزنىڭ ئارقىسىدىن
قاراپ قوياتتىم
قەشقەرنىڭ ھاۋا رايى مەلۇماتىغا
ئالاھىدە دىققەت قىلاتتىم

ئۇ كۈنى قەشقەردە قار ياغقان ئىدى
قەشقەر بەزىدە تەرلەپ كېتىدۇ
قەشقەر بەك قىزىق شەھەر
مەن شۇنداق ئويلايمەن
قورۇلۇش زاۋۇتلىرىدا
قەشقەرلىك تۆمۈرلەرنى تاۋلايدۇ
قەشقەرلىك يولدا
قەشقەرلىك بىر ئايالا كېتىۋاتىدۇ...
بىر ھاياجان توپلانماقتا قەشقەرگە
قەشقەرلىك ھېسسىيات
قەشقەرلىك سۇ
قەشقەرلىك كۆلا
تېشىمدىن يىراق، ئىچىمگە يېقىن
قەشقەرلىك شېئىر

## چۈشىقىقا مىنگەشكەن يوپۇر-ماق خىيالى

قەدىمي كېچىنى چەككەندە بارماق،
يېقىملىق ئەسنىدى كىلاسسىك سەزگۈم.
ئاسمان ئېتىكىنى چىشلىدى يۇلتۇز،
سېنىڭسىز ھېچكىمنى كەلمەيدۇ سۆيگۈم.

ئۆزۈمگە يالۋۇرۇپ كەتمەك بولىمەن،
ئاۋازىڭ ئوت قويغان ئورمان ئىچىدىن.
سېزىمەن ساڭىلا بەرمەيدۇ ئىمكان،
كۆزۈڭمۇ چېقىلدى يامغۇردەك بىردىن.

قۇشلارنى نەلەرگە ئۇچۇردۇڭ جېنىم،
شۇ كۈنى ساڭىلا قايرىسام پەردە.
ئىسمىڭنى ئېيتىپ بەر دېمەيتتىم زىنھار،
ئېسىلسام بوينۇڭغا شامالدەك ئەركە.

تاغلاردىن ھالقىيدۇ سۇلكىتىڭ چوقۇم،
مەن بۇنى ئەزەلدىن بىلەتتىم ئەينەن.
سىغدۇرۇپ كېتەرمەن دەريادەك دەردىنى،
سەن ماڭا بولغاندا سۆيۈملۈك دۈشمەن.

ياقتۇرۇپ قالسەن كەپسىزلىكىمنى،
لەۋلىرىڭ قىچىشسا سىلىسام ئاستا.
ئېزىقىپ قالىمەن ئېھتىمالا شۇنداق...
مۆڭگىلىنىپ ئارالدەك قارىساڭ قايتا.

## قوڭغۇراق گۈلى

ۋارقىرىغۇم كەلدى شۇنداق بىمالالا،
ئۇزايمەن ئۆزۈمدىن مېھرىڭ ئۇچۇنلا.
تىڭشايمەن ئىشكتە گۈپۈلدەر يۈرەك،
ئارقامغا يانىمەن نۇردەك ئۇچۇپلا.

سېۋەتكە سالغىنىم پىنھان بىر ئازاب،
ئورمانغا ئورالدى كاككۇك نالىسى.
كېچىنىڭ چېچىكى تۆكۈلۈپ يەرگە،
پىژژىدە ئېچىشتى كۆڭۈلا يارىسى.

ئىسسىق بىر تۇيغۇدا كۆكلەيمەن رەت-رەت،
پىيالە كۆيىدۇ ئوتتەك لەۋلەردە.
خوزازنى قىچقارتىپ يانسا ئەتىرگۈلا،
بۇلۇتنى دەزماللاپ يۈرەي نەلەردە.

قىياغا چاپلاشقان ئاينىڭ شولىسى،
چىگىپ قويدى مېنى مەجنۇن شېخىغا.
ئەڭ مەخپىي پىچىرلاش ئاشكارىلاندى،
ئۇلارمۇ تىۋشسىز مىندى ئېتىغا.

## كۈنلۈك ئاستىدىكى يامغۇر

يېنىك-يېنىك دەسسەپ ماڭىمەن،
سەن قالدۇرغان ئازاب دەشتىنى.
كەچمىشلەردە مۆگدەپ قالسا ئاي،
كۆيدۈرىمەن سەرخۇش ئەتىنى.

مەن قارسام ئارقاڭدىن شۇنچە،
كەلكۈن كەلدى شۇ قەدەر غەمكىن.
مەجنۇنتالغا ھەسەت قىلغانچە،
چاچلىرىمنى يۇلمەن بەلكىم.

باغرىمدىلا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇش،
يۈرىكىمنى ئالماقتا چوقۇپ.
كىپىنەككە ئايلىنىپ كەچ كۈز،
ئۇلا زامانغا قايتقۇم بار ئۇچۇپ.

## سۆيگۈمگە كۈتۈشلا بىردىن-بىر ئامالا

بىر ئىغىز سۆزۈڭدە چۈرگۈلدى پەلەك،
لامپۇچكا قىلىنى ئۇلىدىم تەكرار.
تاڭ ئاتتى ھەر كۈنى ئاۋۇالقىدەكلا،
جىنىمنى تەشمەكتە تۇتۇلغان ئاۋاز.

يىقلىدىم تۇۋىگە ئۆڭگەن يۈرەكنىڭ،
سىلا كەلدى ئۆيۈمگە ئاقتىم كۆز-ياشنا.
ئىككى تام ئايرىلىقى سىلجىشتى بىردىن،
چىچىمدىن ئەگىدى تارغىقىم ئاستا.

كۆمۈردەك قار بولدۇم كىچەڭنى تۇتۇپ،
شامالدا يىرىلغان يۈزلىرىم قاقشالا.
بوينۇمدا مارجىنىم ئۈزۈلەي دەيدۇ،
سۆيگۈمگە كۈتۈشلا بىردىنبىر ئامالا.
(ئاپتور قاراشەھەر ناھىيە يوڭنىڭ يېزىلىق شىپاخانىدا)

## جۇدالىق ھېكايىسى

### قەيسەر تۇرسۇن

دەردىڭنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدىم،
ئادەمنى ئازابلا قىلار مېھرىبان.
مۇھەببەت، خىيالا ۋە تۇرمۇش بىر شەكىل،
ئايرىلىش ئۇچۇنلا ياشايمىز ھامان.

ئايرىلىش ياشاشقا ئەڭ ياخشى سەۋەب،
جۇدالىق بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلماس، شۇڭا
كەتتىم مەن دەردىڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ھېكايە ئىپتىشتىن قورقۇپ بىر ھازا.

ئايرىلىپ قالماي دەپ ئاخىرقى گۈلدىن،
تاشلىدىم گۈللەرنىڭ ھەممىنى بوغۇپ.
دېڭىزدەك يالىڭاچ خىياللىرىمنى
دەرەخلەر پىچىرلاپ تۇرۇپتۇ ئوقۇپ.

دۇنيادا ئەزەلدىن يوقتۇر ھېكايە،
ھاياجان پاتمايدۇ قەبرىگە پەقەت.
جۇدالىق ئادەمگە يېقىن ئولتۇرۇپ،
ھېكايە ئاڭلىغان بىردىنبىر جەسەت.

ئەڭ يېڭى قىسمەتلەر يىپقا تىزىلدى،
رىۋايەت ئالدىرار ئۆلۈۋېلىشقا.
بۇ دۇنيا لىق تولغان مۇھەببەت بىلەن،
ۋەسلىگە يەتمەيدۇ ھېچ ئادەم شۇڭا.

## زىددىيەت

چىقماق بولدۇم سەپەرگە ئاخىر،
ئولتۇرغىلى ئۆيدە خاتىرجەم.
قوللىرىمنى قويۇپ بەرمىدى،
ئايرىلىشنى سېغىنغان سەنەم.

سۆيۈش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۈنى،
سۆيەمسىلككە بەردىم كاپالەت.
مېنى چەكسىز تاشلاپ كەتكىلى،
ئورنىۋالدى قات-قات مۇھەببەت.

ئۈنى بۇسۇپ چىقىپ كېتەي دەپ،
تورۇۋالدىم جايىمدا قېتىپ.
كۆلۈش ئۈچۈن يىغلىدىم ئۇزاق،
ۋارقىرىدىم ئاغزىمنى ئېتىپ.

ئايرىلماسلىق ئۈچۈن خوش دېدىم،
ئوقۇلماسقا ئېچىلدى كىتاب.
كېتىش ئۈچۈن مەندىن يىراققا،
كىرىۋالدى ئىچىمگە ئازاب.

ئازاب دېگەن ئەڭ كونا دورا،
يەيدۇ ئۈنى ساقايماس بىمار.
قىلمىغىن دەپ سۆيگۈمنى قوبۇلا،
توختىماستىن قىلمەن ئىزھار.

ئۇخلاش ئۈچۈن قىنىپ ۋە قىنىپ،
كىچە كىرپىك قاقمىدىم پەقەت.
مېنى يەنە داغدا قويغىلى،
قوللىرىمغا سۆيدى مۇھەببەت.

سۆيۈشتىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە يوق،
سۆيگۈ بىزنى سۆيمەيدۇ شۇڭا.
پېتىش ئۈچۈن چىقماقتا قۇياش،
تارايغلى كېڭەيدى دۇنيا.

— مەن بىلمەن دۇنيا شۇنچە تار
بولغاچقىلا چېكى يوق ھامان.
ئۇخلاش ئۈچۈن ئويغاندىم دىلدار،
باغرىڭ ماڭا ئاخىرقى زىندان.

## كۆز

چۈللەرنىڭ كۆزى بار
كۆللەرنىڭ كۆزى بار
سازلىقنىڭمۇ كۆزى بار
بۇلاقنىڭمۇ كۆزى بار
مەن توققۇز كۆز بۇلاقتىن
توققۇز چۇمۇچ سۇ ئېلىپ
كۆزلىرىمگە سۇرتتۇم توققۇز قېتىم
ماڭا قاراپ ۋارقىراۋاتقان
سۆزلەرنى كۆرەي دەپ.

ئاسماننىڭ كۆزى بار،
يەرنىڭمۇ كۆزى بار.
ئۇلار مېنى كۆرۈش ئۈچۈن
ئاستى-ئۈستۈمدىن بېسىپ تۇرار.

ئاينىڭمۇ كۆزى بار،
يۇلتۇزنىڭمۇ كۆزى بار.
ئۇلار ئاسمانغا يۈگىنىپ،
يەرگە پېتىپ
مېنى يوشۇرۇن كۆزىتىدۇ
قوشاق قېتىپ.

مەن قوشاق يۇراۋاتقان ئېتىزغا قاراپ
ئېتىزلارنىڭ كۆزىنى سىلاپ
يۈرىكىمنى چىقتىم ۋاراقلاپ.

چۈشلەرنىڭمۇ كۆزى بار،
خىيالنىڭمۇ كۆزى بار.
ئۇلارنىڭكى سايىسى
مېنى قىيامەتكىچە كۆرۈپ تۇرار...

لېكىن مېنىڭ كۆزۈم
يۈرىكىمگە قاراپ باقىدۇ
ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ
ھېچ نەرسىنى كۆردۇم دېمەيدۇ
چۈنكى ئۇ
مېنى باشقۇرالمايدۇ،
ماڭا بويسۇنمايدۇ...

## زېرىكىشلىك ۋاقىت

بۇلاقنىڭ كۆزىدەك بۇلاندى مېھرىم،
چۈللەرنى شىلدىرلاپ سۆيدى ھاياجان.
چىراغلار يۇلتۇزدەك تۇرسىمۇ يېنىپ،
قاپقارا كۆرۈنەر پۈتكۈلا يەر-جاھان.

يۇمۇلاق شىرەلەر تۇرار ئايلىنىپ،
بىر چەتتە گۈلا بولۇپ ئېچىلار ئاسمان.
ئوغرىلاپ يىيمەكتە خىياللىرىمنى،
قويۇق ئىس-تۈتەككە تولغان رېستۇران.

بىر ئۇسسۇلا يېنىمدىن ئۆتتى يالىڭاچ،
شەرەتلەپ دېڭىزدەك قوللىرى جىمجىت.
بىر رومكا ئاۋازنى كۆتۈرۈپ كېلىپ،
توختىماي ئىچمەكتە قىنىمنى ۋاقىت.

تاماكا چېكىشكە رايىم يوق، بىراق
ئىسلاندى بۇ ئۆپكەم ۋايىغا يېتىپ.
كىمنىڭدۇر قولىنى سىقتىم بىر ھازا،
مەستلەرگە قاراپلا مەست بولۇپ كېتىپ.

ئۇنۇتتۇم سائەتكە قاراشنى ئاخىر،
سىرتتا ساقلاپ ھەم ھېرىپ قالدى قار.
ئىچىمدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ،
بىر تامچە كۆز ياشقا كۆمۈلدى باھار.

(ئاپتور «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆ-لۈمىدە)

## بەشىنچى پەسىل

ئەنۋەرجان خوجا ئەرتېكىن

تۇغۇپ قويدى قۇياش كۆزۈمگە،
قۇم چۆشىدەك يېشىل رىۋايەت.
كەچمىشىمدىن تىكلەندى شۇ ئان،
بارخانلارغا ئېسىل ئىمارەت.

گۈلا-چېچەككە مەپتۇنكار كۆڭلۈم،
ئىزدەپ كەتتى ئۈمىد ۋەسلىنى.
يامغۇر كەبى چاڭقىغاق لېۋىم،
سېغىنغاندا سيلاپ ئەسلىنى.

ئىرىپ كەتتى بىر كېچىدىلا،
چاك-چېكىدىن بۆسۈلگەن مۇزلۇق.
يۈلغۇنلارغا يېقىپ باغرىمنى،
بىر پىيالە چاي ئىچتىم تۇزلۇق...

## چېكەتكە قىسىلسام بىر تالا گۈلا بولۇپ

ئۈزۈمنى بىر دەستە گۈلا قىلىپ تىزدىم،
جازىبىلەر سولتايدى قىلىشىپ رەشىك.
سۇغاردىم قېنىمدىن تامچىتىپ قەترە،
شۇ لەھزە روھىمدىن ئېچىلدى ئىشىك.

بىر مىسرا شېئىر بولۇپ كىردىم قېتىغا،
غۇنچىلاپ تۆكۈلدى ئۈرۈپ بىر بەرق.
ئاھ، نېتەي، گۈلا يۈزىن سۆيگەندە شەبنەم،
چېچەكلەر دۇنياسىغا كۆمۈلدۈم غەرق.

تېرىلدىم باھاردا قايتىدىن يەنە،
گۈلدەستە بولمىدىم ئەمما بىر قېتىم.
چىلاندىم لوڭقىدەك سوغوق قەبرىگە،
قۇچمىدى تېنىمنى ئىللىق بىر ئىقىم.

ياشلىرىم ئايلاندى قىپقىزىل چوغقا،
ئۆچمىدى گۈرۈلدەپ ياكى كۈلا بولۇپ.
بىلمىدىم، يەنىلا بولارمۇ گۇناھ،
چېكەتكە قىسىلسام بىر تالا گۈلا بولۇپ.

## چۈشلىرىمدىن چىقىپ كەت

ھەر كېچە چۈشىمدىن سېنى ئەي نىگار،
كىرىسەن نېمىشقا مەندىن بىسوراق.
تاقىدىم دەپ يۈرسەم ئىشكنى مەھكەم،
بىلمىدىم، بىلمەيمەن، كىردىڭكىن قانداق؟

كۆنتۈشتىن زارىقتىم كۆتتۈم بەك ئۇزاق،
كەلمىدىڭ ئاخىرى قالدىم يامانلاپ.
بۇ شۇنداق جاھانكەن، ماڭا نە چارە؟
كۆڭلۈمنى باشقىسى ئالدى قامالاپ.

تۇرماقتا ھەر كۈنى ملىڭ لەشكەر يالاپ،
نېمە ئۇ مۇھەببەت؟ يوقىدى ئەركىم.
قەلبىمنىڭ تەكتىدە قان تېمىپ تۇرغان،
ئاخىرقى بىر تالا گۈلا توزىدى بەلكىم.

كۆتىدۇ ھەر نېمە ھاياتتىن ھەر كىم،
ۋە لېكىن يۈرمەيمەن ئارزۇغا تولۇپ.
چىقىپ كەت چۈشۈمدىن، بولدىلا ئەمدى،
كۆرگۈم يوق بىكارلا ئاۋارە بولۇپ.

(ئاپتور ئونسۇ ناھىيەلىك پارتىيە مەكتىپتە)

## ھايات دوقمۇشى

ئابدۇۋەلى تۇرسۇن

يوللارغا ئىزىمنى قويۇپ ئامانەت،
ئىنتىلدىم سۆيگۈنىڭ ساھىللىرىغا.
ئىستىكىم يەنىلا تۈردى ياشلىنىپ،
باغلىنىپ ھامانە قەترە غولىغا.

يېنىمدىن ئادەملەر ئۆتتۈشەر ئەمما،
غەلىتە سېزىملار قوزغىتىپ مەندە.
ئۇلارنىڭ ھېسلىرى ھەر خىل شۇ قەدەر،
ۋە لېكىن بىرىمۇ قالماس ھېچ ئەستە.

ھايات دوقۇمشىغا يۈرگۈنىمدە نە
ياندىشار جىسمىمغا جانسىز سايىلەر.
ياپراقلار سىرغىشىپ چايقىشىدۇ باش،
يېنىشلاپ ۋاراقلاپ تۇرۇپ دەققىلەر.

### مەن...

سەھەر ئويغىنىپ قۇشلار بىلەن تەڭ،
كۆرۈمەن ئۆزۈمنى شاخ ئايۋانىدا.
بوزارغان شەپەقنى سۆيسە ھېسلىرىم،
تۇنەيمەن سۆيگۈنىڭ پىشايۋانىدا.

بەرگىلەر ھىدى بوپ بەزىدە ھەتتا،
ئۇيۇلۇپ - قورۇنۇپ سۆيۈمەن ئاستا.
شامالدىن قىزغىنىپ ئەركىلەپ ھەمدە،
ھەرىلەر مەڭزىگە - مەڭزىگە قايتا.

بەزىدە ياپراقتەك ئۈنلەپ قويىمەن،
ئۆزىتىپ روھىمنى بوشلۇقلار تامان.
قولىنى شۋاقلار تەۋرىتىپ ئاستا
خوشلىشار، مەن ھامان ئۇچۇمەن لەرزان.

ئاھ، يەنە جىسمىمدىن تۆزۈپ قەترىلەر،
تۇپراقنىڭ تەكتىگە تارايمەن ھەر ئان.
يىلتىزلار كۆكسىدىن ئۆسىمەن قايتا،
كۆك تامان بىخ سۇرۇپ بەھۇزۇر ھامان!

## ئانا لىركىسى

كۆزلىرىڭدە بالقىدۇ كۈلكە،
چۈشكۈن تۇمان كەتكەندە تاراپ.
گۈزەللىككە بوپ ئارمانلىرىڭغا،
چولپان تۇرسا كۆزۈڭدە چاقناپ.

نەپەسلىرىڭ تۇرار تىپچەكلەپ،
جامالىڭدا ئويناپدۇ مېھىر.
بارچە پاكلىق شاھىدىدۇرسەن،
تەڭرىم ساڭا قىلغانمۇ سېھىر.

جانىمازدا ئولتۇرغان جىسمىڭ،
قۇياش بولۇپ كىرەر چۈشۈمگە.
ھەر پەسىلنىڭ بەرگەن سوۋغىتى،
يۇيۇنار كەن قەلب سۈيۈگىدە.

ئايرىلىپ گەر ياپراق بەرگىدىن،
ھاياتلىقى كىرسە تۇپراققا.
بارچە سۆيگۈ ئالەملىرىنىڭ،
يۇلتۇزى بوپ قالسەن ئانا.

(ئاپتور بۆرتالا شەھىرى ئوتتۇبۇلاق بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

## بىر ساختا كىملىكتەك تۇرار بۇ ھايات

مۇھەممەد توختى

چاچلىرىڭ ئۇچىدۇ كوچا-كوچىدا،
خەنجەرگە ئايلىنار بەزەن خىيالىڭ.
يۇلتۇزلار كېلىدۇ كۆزۈڭگە ئۇسسۇپ،
كېتىدۇ تۇيۇقسىز يۈرىكىڭ قاناپ،
زۇلمەتلىك ئۆتمۈشكە چۈشسە نىگاھىڭ.

بىلىسەن ئەتىمۇ قۇياش چىقىدۇ،
ئازابلار كۆكلەيدۇ باغرىڭدا ئۈنسىز.
قارايسەن يىراققا ئۆزۈڭدىن چىقىپ
بىر غەمكىن دەريادەك ئىچىڭگە ئېقىپ
تۇرىدۇ جىممىدە تاشلار زۇۋانسىز.

سارغايغان كۈلكىلەر، رەڭسىز سۆيگۈ ھەم
ئارمانلار گوياكى ئوق تەككەن قانات.
بىر كونا ناخشىنى كۈيلەيدۇ گۈللەر،
يۇلتۇزسىز ئاسماندىن سىرغىسا تۈنلەر

بىر ساختا كىملىكتەك تۇرار بۇ ھايات...

## سەن ئېيتقان ناخشا

كەچكۈزگە ئەگىشىپ كەلگىنىڭ قىزىق،
بىلىسەن كۆپ ئۆتمەي قارلار ياغىدۇ.
دەرەخلەر چېچەكلەپ كەتكىنى بىلەن،
كۆڭۈللەر شاخلاردا مۇز بوپ قاتىدۇ.

گۈللا بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا ھەممە،
سوغۇقنىڭ ئېچىلغان لەۋلىرى ئارا.
ھاياتتا گۈللا ئۈزۈپ يۈرسەممۇ لېكىن،
باھارسىز كۈنلەرگە قالدىم يەنىلا.

خۇش خەۋەر كەلمىدى ماڭا ھېچ كىمدىن،
شۇئىرغان ھۇۋلايدۇ خىياللىرىمدا.
يۈرەكنى قان قىلىپ ئۆتتى سەن ئېيتقان-
غازاندەك سارغىيىپ ئۈزۈلگەن ناخشا.

(ئاپتور كەلپىن ناھىيە يۇرچى ساقچىخانىسىدا)

## ئازاب يۇتۇش

روزى كېرەم يارى

تۈن كېچىدە ئازابنى سۈيدۇم،
مەغلۇب بولغان ئەرنىڭ كۆكسىدەك.
ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ جىمجىت،
شامالللاردا لىڭشىغان تېرەك.

مۇزلىغان لەۋ يۈرەككە قەدەر،
تومۇرلارنى سىققان تۈن كېچە.
شۇئىرغاندەك بىلىنەر ئەمدى،
بۇ نەپەسلەر تا توختىغىچە.

بەلكىم مۇتلەق ئەمەس ھەقىقەت،
ھۇۋلار تۈندە يەنە تەنھا قۇش.
قىيامغا يەتكەن بىر سۈيگۈ،
تۈن كېچىدە ئازابلار يۇتۇش.

ئەمدى كۆكسۇم تولدى نەپەسكە،
چىقتىمۇ يا تەننىڭ جۇلقى.
چاك -چاك بولسۇن تومۇرلار، ئەمما
قۇرىمايدۇ ھايات بۇلىقى.

### دەرەخمەن

مەن تۈنۈگۈنكى يوغان دەرەخنىڭ،
سايىسىگە ئوخشايمەن جىنىم.
كۈلگىنىمچە قورۇقلار باسار
شىلدىرلىسا شاخ-يوپۇرمىقىم .
ئەمما چەكسىز تۇپرىقىم ئۈچۈن
بەخت تىلەپ تۇرغان بىتىنىم.
يۈگۈرۈپ كېلىپ تەرلىگىنىمچە،
قۇچاقلىسۇن جان ئوماق قىزىم.
مېھىر بىلەن سىلاپ بېشىنى،
ئورۇندۇق بوپ تۇردى يىلتىزىم.

قورىنىمەن كۈن-تۈن توختىماي،
قىش كۈنلىرى چىققان شامالدا.
بەلكىم كۆكلەپ تۇرۇشۇم كېرەك
ئەڭ ئاخىرقى قىسمەت-ئاچالدا .

بۇ شەھەرنىڭ بىنالىرى جىق
ئېگىز-ئېگىز كۆككە تاقاشقان.
غېرىبسىنىپ قالسام بەزىدە،
كېلىپ قالار يولدىن ئاداشقان.

يولۇچىنىڭ چاڭقاشلىرىغا،
ئاچچىق-ئاچچىق قىسمەت ئارىلاشقان .
تەسەللىي بوپ ھەممە كۆڭلىگە،
شۇ دەرەخمەن خويمۇ ياراشقان.

## مەۋھۇملۇق شۇئىرلاپ ئېيتىدۇ ناخشا

غېرىبلىق ئىلكىدە گۈللەر ئېچىلماس،
توختىماي باغرىنى غاجىلايدۇ قۇرت.
مەۋھۇملۇق شۇئىرلاپ ئېيتىسىمۇ ناخشا،
بەخت دەر: ئەزىزىم، سەن مېنى ئۇنۇت.

چاڭقاشنىڭ لەۋلىرى قانغىنىچە،
تۈرىدۇ گۈللەردىن رەڭلەر تالىشىپ.
تەسەللىي ياغىدۇ قارنىڭ گۈلدەك
ئادەملەر ئىمكانسىز تۇرار قارىشىپ.

ئازابنىڭ سەللىرى كېلىدۇ دېۋەپ،
قىلچەتەك يارماقچى بولىدۇ ۋۇجۇد.
كۆك ئاسمان، تەبىئەت بەرىسمۇ ئىلھام
بىلىسەن ھەر جايدا رېئاللىق مەۋجۇد.

قىيمىغان كۆزلەرگە ياشلار دەرپەردە،
خىرەلىك ئېچىگە پاتتىمۇ ھايات.
قىيىلغان غۇنچىنىڭ تەبەسسۇمنى،
ئاخىرقى بىر مەرتە كۆردۈڭمۇ ھەيھات!

(ئاپتور كورلا شەھەر تېكچى يېزا تېكچى كەنتىدە)

## ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ

تۇرسۇنجان ھەسەن

ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ،
ئايسىز تۈننى ئۆلدىم تاڭغا.
تاۋسىز چوغدەك قىزاردى كۆزۈم،
ئۈستى-بېشىم مىلىنىپ چاڭغا.

ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ،
نېمە دېدىم بىلەمسىز ئايغا؟
سۈيگۈ تولغان يالقۇنلۇق يۈرەك،
ئېلىپ باردى خوشلاشقان جايغا.

ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ،
چۆمۈپ كەتتىم پايانسىز ئويغا.
ئاشار ئىكەن سەۋداسى جاننىڭ،
گۈزەللا ياشلىق يەتكەندە بويغا.

ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ،
كەتتى دەردلىك يۈرىكىم قاناپ.
جىمجىت كېچە ئاسماندا يۇلتۇز،
ھەسرەت چېكىپ ئولتۇردۇم ساناپ.

ئاخشام سىزدىن تېلېفون كۈتۈپ،
ئايسىز تۈننى ئۆلدىم تاڭغا.
ئۆتتى ۋاقتىم سېغىنىپ تاتلىق،
ھۇزۇر ئېلىپ ئويغانغان ئاڭغا.

## ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن خېتىڭ

ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن خېتىڭ،
قانات يېيىپ چىرايلىق توزدەك.
سۆزلەر گۈلشەن باراقسان ئۆسكەن،
قەلبىم تۇپراق ئېچىلغان بوزدەك.

ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن خېتىڭ،
زەيتۇن چىشلەپ كەلگەندەك كەپتەر.
ئوتلۇق تۇيغۇڭ مۇقەددەس داستان،
توشۇپ كەتكەن بىر نەچچە دەپتەر.

ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن خېتىڭ،
چوغدەك تاڭدىن بالقىغان نۇردەك.
ئايان بولار ئاشىقلار روھى،
سۈزۈك سۇدىن چاقنىغان دۇردەك.

ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن خېتىڭ،
پەرۋاز قىلىپ ئەنقادەك مەغرۇر.
قىلار گۈزەللا ھاياتنى بەرپا،
ئوتلۇق دىلغا بېغىشلاپ غۇرۇر.

ئۇچۇپ كېلەر يىراقتىن خېتىڭ،
شېرىن سۈيگۈ پەسلىنى باشلاپ.
شادلىق قۇچۇپ يايرايدۇ جىنىم،
ئوقۇپ چىقسام كۆزۈمنى ياشلاپ.

(ئاپتور «دولان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

## مەن سېنى سېغىندىن جان مېھرىبانىم

يۇسۇپجان مۇھەممەت تۇغيان

مەن سېنى سېغىندىم جان مېھرىبانىم
قاپقارا كۆزۈڭدە بالقىيدۇ سېھىر.
ھېس قىلدىم ئايرىلىپ يىراق جايلاردا،
كايىشلىرىڭدىمۇ ئالەمچە مېھىر.

مەيلى قار مۇزلۇق قارا گەمىلەر
مۇھەببەتتىن ئىللىيدۇ كۆڭۈلدەك
ئېتىقاد بەھرىدە يانغان ۋۇجۇتتىن،
چوڭقايماقتا جۇپ ئاي ئالتۇندەك، گۈلدەك.

يۈك ۋەزنى تاغدەك نازۇك يەلكەڭدە،
شۇندىمۇ باراقسان باغدەك كۈلىمىز.
ئالتۇن بويلىرىڭدا ياشنىسۇن نىھالا،
ئەجرىڭدىن يۈكسەلگەي شۇ پاك سۆيگۈمىز.

## ئۆتتۈمەن توختىماي سەن بار شەھەردىن

ئۆتتۈمەن توختىماي سەن بار شەھەردىن
يۈرەكنىڭ بېغىنى سۆيگۈگە چىلاپ.
بىر ھازا قوغلىدى يىغلاپ كەينىمدىن،
سەن شۇمگەن ھاۋانىڭ يېغى قانچىلاپ.

يولۇمنى توسۇشقا قىلالماي ئامالا،
كەچمىشلەر قولا سوزۇپ قالدى چۇش ئارا.
چوغلۇق قوم باغرىدا كۆيگەن ۋۇجۇدلار-
ئۆرتەندى، دىل يارا، ۋۇجۇدلار يارا.

سۆيۈش ئاسان ئەمەس، ئايرىلىش ئاندىن،
ئايرىلىش ۋە لېكىن ئىنسانغا ئۇدۇم.
بەك شېرىن ئازابنىڭ تىترەكلىرىدە،
قەلبىمنى ئېتىقاد سۇيىدە يۇدۇم.

(ئاپتور ئاۋات ناھىيەلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىدا)

## تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇر-ماقمۇ بەك تەس

(مەرھۇم روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس» ناملىق شېئىرىغا تەقلىد)

سېتىۋالدى قادىر يېڭىسارى

روزىكام ئېيتتىنغۇ دېھقان بولماق تەس،
چىن ھەق سۆز، رىئاللىق ھېچ يالغان ئەمەس،
ئۆرتەنگەن جىسمىمدا بىر ئوت بار پەۋەس،
كۆيدۈرۈپ يالقۇنى ئەتتى مېنى مەست،
سۆزلەتتى خۇش كەيپ باغرىمنى ھەۋەس،
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

بارسا چاي بولماسكى قۇرۇق قولا پېتى،
«يۈز»نى قىپ بىر پۈتۈن قويمساڭ تېخى،
بولماس ھېچ تۈگىتىپ ھەممە بىر يېقى،
مىللەت بىز مېھماندوست بوپ كەلگەن سېخى،
ئۆرۈلۈپ كەتتىنغۇ يانچۇق قات-قېتى،
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

زىنھار بىز قاتارى تۇرماي بولمىسا،
چاقىرسا ئەلا بىرلە بارماي بولمىسا،
يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنماي بولمىسا،
كۆپ تاپقان كۆزى يا تېخى تويمىسا،
مەنمەنلىك، ھەشەملىك يا جىم قويمىسا،
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

دەرھەقىقەت توشماس تۇرمۇش، ئۆي كېمى،
تەلا قىلسا قىش كېمى، ئۇن-ياغنىڭ غېمى،
غەملىسە ئەمدى ئۆي، رېستۇران قېنى؟
تىنىمسىز مېھنەتتە تىرىشار جىمى،
بار شۇڭا پادىشاھتا تۈز تۆگەر چېغى
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

ھاياتتا ئەلا قاتار تۇرمۇش تەس غېمى،
تېرىغان، يىغمىغى بار-يوقنىڭ غېمى،
تەق قىلسا يېمىگىنىڭ ئوقۇش پۇلى كېمى،
ئۇلدىساڭ ئەمدى ئۆي، قوتاننىڭ غېمى،
ئۇلۇشۇپ مېھنەتلەر ئۈزىلەر دېمى،
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

سورۇنغا چىللىسا ئەلا قاتارى سەن دەپ،
يوق ھەركىم قاتاردىن قالغۇسى مەڭدەپ،
ئەر چاغلاپ يۈرىمىز بىز تېخى مەن دەپ،
تۇرماس ھېچكىم بەيگىدە مېنى يەڭ دەپ،
ياشايلى ئىسلاھات رىقابەت جەڭ دەپ،
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

ھەر كىمدە چىن سۆيگۈ قىزغىن ھاياتقا ،
تىنىمسىز ئىزدەنگەچ رەڭدار ھاياتتا ،
كىم بىلمەس چاي سورۇن كۆرگەن ھاياتتا ،
گۈللا دەۋرىم ئىقبالىم پارلاق ھاياتتا ،
كۆپ كۆرگەن كەچمىشىم رېئاللىق ھەتتا،
تەس دېسە ئەلا قاتارى تۇرماقمۇ بەك تەس.

(ئاپتور بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ-نىڭ پېنسىيونېرى)

## گۈللەر كەچمىشى

زۇلفىيە ئابدۇراخمان

ئۇنتۇشنى ئىستەرسەن دېمەيمەن ئۇنۇت،
يازىمەن ئىسمىڭنى سۆكۈتلىرىمگە.
ئاھ، سوغۇق بالقىيسەن يانغىنلىرىمدا،
تەسەللى بېرەلمەي ئۈمىدلىرىمگە.

كۆز يېشىم توزانى سىملدار ئاستا،
ئازابنىڭ كۆكىگە باقمەن تەنھا.
يىراقلاپ كەتكۈم بار ئۆزۈمدىن تالاي،
چېچەكلەر باغرىمدا ئۇنتۇلغان يارا.

ھوردالغان قەلبىمگە كەتكىن سىڭىشىپ،
بىر سۇنۇق كۆزنەكتىن يۈرمە گۈللا سۇنۇپ.
يارىلار كۆڭۈلگە بېرەلمەس تەسكىن،
سارغايغان بەختىمدەك كەتتىم ئۇنتۇلۇپ.

چېچىلار كۆيۈمدىن دەريا -دەريا ئوت،
سىرغىيدۇ ئۇنتۇلغان ۋاقتىنىڭ يېشى.
قىسمىتىم پايانى سوزۇلدى قايان،
سۆزلەيدۇ ھاياتنى گۈللەر كەچمىشى...

## قار گۈلى سۆيىدۇ چېچىمنى غەمكىن

قونغىن ئاپپاق قار روھىمغا بىر رەت،
چوغلىناي غۇنچىلاپ، غۇنچىلاپ قات-قات.
قار گۈلى سۆيىدۇ چېچىمنى غەمكىن،
باغرىمدا سۇ بولۇپ تاشقىنلار ھايات.

ھەممىگە بەرداشمەن، كۆلمەن غەمكىن،
يانىمەن ئىستەكلەر باغرىدا ھامان.
سۆيىمەن ئۆزۈمنى ئاپپاق قار كەبى،
سېغىنىش دەشتىدە چوغلىنىپ سەرسان...

## سالغۇم بار ئۆزۈمگە سۆيگۈدىن ساراي

تاشلىناي يارامنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا،
ئېچمنى سۆزلەيدۇ پىنھان تاش ئورمان.
تۆكۈلدۇم ئىسمىمنىڭ يۇمران باغرىغا،
ۋاقتىنىڭ ئاۋازى بۇقۇلدار سەرسان.

قايغۇمنىڭ بۈككىدە بەردەم شېخىنى،
سۇندۇردۇم ئاۋايلاپ، سۇندۇردۇم تالاي.
كەتتىممەن ئەگىشىپ ئاپپاق سايەمگە،
سالغۇم بار ئۆزۈمگە سۆيگۈدىن ساراي.

سۈكۈتنىڭ تىنىقى ئاڭلىنار بەك سۇس،
چۈشلىرىم جىرىڭلاپ كېتەر ئويغىنىپ.
گۈللەرنىڭ سېھرىگە چۆكتۈم بىر نەپەس،
روھىمنىڭ تۇزانى كۆلەر رەڭلىنىپ.

(ئاپتور ئاۋات ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# سونېتلار

هاجى ئېهسان قاۋۇلا

-1-

ئوك كۆزىدە باقمىغاچقا تەقدىر باشتىلا،
پورەك ئاچماي توزۇپ كەتتى سۆيگۈ گۈلىمىز.
قۇلا قىلىنىپ ياشىساقمۇ نامەرد ھىجرانغا،
ئىللىپ تۇردى سېغىنىشتا يۈرەكلىرىمىز.
ئۇچراشساقمۇ خىيالا ئارا كۈندە تاللاي رەت،
ياشقىلى بولدى كۆپ يىل كۆرۈشمەي دىدار.
ئورناپ كەتكەچ دىلغا مەھكەم تۇنجى مۇھەببەت،
مەنىلەرگە تولدى ھايات تەكرار ۋە تەكرار.
دۈشمەنلەرنىڭ قەستى ئاشقان بولسىمۇ ئىشقا،
بوللمىدى تاندۇرۇشقا بىزلەرنى قادىر.
ساقلانغاچقا نىيەتلەرنى قىلىشتىن قارا،
پاكىز روھتا مەڭگۈ، مەڭگۈ بولغايمىز ھازىر.
ئاشىقلارنىڭ يوللىرىدا باردۇر كۆپ خەتەر،
لازىم ئىكەن ئۇندىن ھەردەم ئەيلىمەك ھەزەر!

-2-

ئەسلىمىلەر بەس-بەس بىلەن باشلىسا كۆرەك،
سۈزۈك چېھرىڭ يارقىنلىشىپ كېتىدۇ دىلبەر.
سىغىنىشنىڭ ئوقلىرىدا قاناپ بۇ يۈرەك،
تولغىنىدۇ ھەر دەقىقە ئىچكەندەك زەھەر.
بىز شاد- خورام سەيلە قىلغان گۈزەللا باغلاردا،
تومۇچۇقلار قىسسىمىزنى سۆزلەر ھېلىھەم.
سۆيگۈمىزدىن مەنا بەردۇق كۈن، ئاي، يىللارغا،
ئەلمىساقتىن مۇھەببەتتە گۈزەللا بۇ ئالەم.
چەكسىز مېھىر نۇرلاندۇردى ئەقىدىمىزنى،
يېتىملىكتە بويۇن قىستى ھەردەم ئۆسەك سۆز.
مەن سۆيگەندەك، جېنىڭ بىلەن سۆيسەڭمۇ مېنى،
ئەنسىرەيمەن تېگەرمۇ دەپ بىركۈن يامان كۆز.
مۇھەببەتلىك دىللار بىلەن كۈلىدۇ ھايات،
مۇھەببەتسىز كۈنلەر باشلاپ كېلىدۇ مامات.

-3-

ئەركە شامالا ئېلىپ كەلسە تونۇش ھىدىڭنى،
چۇلغاپ ئالار ۋۇجۇدۇمنى ئوتلۇق بىر سېزىم.
بەختىم كانى دەپ بىلسەممۇ بىر جۈپ كۆزۈڭنى،
سېھرىگە ھېچ بىرەلمەيدۇ بەرداش بۇ جېنىم.
بىز ئۈچۈنلا ئېچىلغاندەك دالىدا گۈللەر،
ئۇز ھۆسنىنى شەنىمىزگە ئەيلەيدۇ تارتۇق.
شۇنداق ئېسىل كۈي كۈيلەيدۇ تىنگىنسىز كۈنلەر،
ياشناپ بارار دىللار ئېلىپ شۇ كۈيدىن ئوزۇق.
يۈرەكلەرگە يىلتىز تارتقاچ سۆيگۈ رىشتىمىز،
توسقۇنلارنىڭ بولۇپ كەلدى بازىرى كاسات.
قۇت، ۋىسالدىن شەپە بېرىپ تۇرار ئەتىمىز،
تاڭلا باققاي ئالەم بىزگە ھەۋەستە ھەيھات!

بىغشىلغاچ بار ئىشقىمنى بىر ساڭا پەقەت،
تۈيۈلسەن نازاكەتلىك پەرىشتە سۈپەت.

-4-

سېنى خىيالا قىلىپ ياشاش مەن ئۈچۈن ھوزۇر،
نۇرلۇق چېھرىڭ پارلاپ تۇرار قەلبىم كۆكىدە.
تېپىلمايدۇ سەندىن زىنھار زەررىچە قۇسۇر،
لاتاپىتىڭ ھەۋەس ئوتى ياقار يۈرەككە.
بالدەك سۆزۈڭ تەشنالىقنى بارار ئاۋۇتۇپ،
پىدا بولسۇن ۋەسلىڭ ئۈچۈن بۇ جېنىم تۈگەللا.
ھىجران مېنى يۈرسىمۇ گەر ھەريان ئۇچۇرۇپ،
چىن ساداقەت مىزانىغا قىپ كەلدىم ئەمەللا.
رىزقىمىزنى قوشسا تەڭرىم قىلىپ مەرھەمەت،
ياشلىق گۈلۈم ئېچىلاتتى چېچىپ خۇش پۇراق.
سۆيگۈ تەختى ئۆزرە سۈرۈپ مەڭگۈ سەلتەنەت،
تىكلەر ئىدۇق ئاشىقلارنىڭ شەنىگە بايراق!
بۇ دۇنيادا ياخشى كۆرۈپ كەلگەچ سېنىلا،
سىغدۇرالماس قەلبىم ئۆزگە جانانىنى ئەسلا.

-5-

كېلىپ بىر كۈن، ئۆچسە سۆيگۈم قەلبىڭدىن تۈگەللا،
ئېسىلارمەن ھايالسىزلا ئازاب دارىغا.
ياشلىقتىكى تۇنجى تۇيغۇ بەرگەن بوياق- ھەللا،
مازاق ئەيلەر بېقىپ مېنىڭ مىسكىن ھالىمغا.
يىگەنلىرىم زەھەر بولار، كىيگىنىم كېپەن،
بوران ھۇۋلاپ تىنىم تاپماس غېرىب كۈلبەمدە.
كۆرسەتسەممۇ تىرىشچانلىق، يەنىلا ئېۋەن-
پايلاپ تۇرار كۆز ئۈزمەستىن ھەر بىر قەدەمدە.
ئاھ، شۇندىمۇ بىلىپ ئەزىز بىر مېھمان سېنى،
كۆرستەرمەن يۈرىكىمدىن كاتتا ئىلتىپات.
دەپ يۈرمەستىن: مۇشۇ كۈنگە قويدۇڭغۇ مېنى،
قىلغىنىڭنى ئۇنۇتارمەن قىلىپ سالاۋات.
مۇھەببىتىڭ بولغاچ ماڭا جاندىن تۇتىيا،
شەنىڭگە داغ قونۇشتىن بەك قورقىمەن شۇڭا.

-6-

مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭگە باقسام ھەر قېتىم،
جىمى شادلىق ۋۇجۇدۇمدا باشلايدۇ كۆرەك.
چىلىڭ باغلانغاچ زەر يىپ بىلەن دىلىڭغا دىلىم،
ئارىمىزغا كىرەلمەيدۇ سىغدىلىپ ئۆسەك.
تەڭرى قوشقان بىر جۈپلەر بوپ ياشىماقتىمىز،
بەختىمىزدىن ئېچىلدۇرۇپ گۈللەرنى پورەك.
ساداقەتتىن قوپۇرۇلغاچ سۆيگۈ تەختىمىز،
سالالمىدى جېنىمىزغا ھىجران تىغ- ئېكەك.
ئايرىلماسلىق قەسىمىمىز بۇزۇلماس ئەبەت،
مەيلى قانچە يامان قىلسۇن پەيلىنى پەلەك!
ئىشق ئوتى يالقۇنجاشتىن توختىماي پەقەت،
كۈندىن كۈنگە نۇرلانغۇسى بىزدىكى تىلەك.
قانچە قىلسام يەنە ئازلىق قىلار قەدرىڭنى،
بېرىپ تۇرغاچ ماڭا ھەردەم چەكسىز مېھرىڭنى.

(ئاپتور «يەكەن ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# ئىچىمدىكى ئاۋاز

( باللار شېئىرى)

جاسارەت جاپپار

1

دولقۇن بولۇپ ئۆزگۈم بار،
دېڭىز بىلەن بەسلىشىپ.
بىلىجانىنىڭ ئۆيىدە
خۇشاللا چاغنى ئەسلىشىپ.

ئاپپاق بۇلۇت تاغلارنىڭ-
بولۇپ قالسا لېچىكى،
تولسا سانسىز مارالغا،
ئۇنىڭ كەڭرى ئېتىكى.

خۇش ھىدىنى گۈللەرنىڭ
يىراقلارغا تاراتسام،
ئورمانزاردا مىلتىقسىز،
گۈزەللا دۇنيا ياراتسام.

يىپقا تىزىپ يۇلتۇزنى،
سوۋغا قىلسام موماملغا.
كېلەر ئىدى ھاللا ئاي،
ھۇجرىمىزغا سالامغا.

2

كەلسە گۇگۇم مەپىسى،
شىڭىلدىسا چۆگۈنۈم.
مەش تۈۋىدە ئېغىناپ
مىياڭلىسا مۈشۈكۈم.

چوغ شولىسى تاملاردا
ئۆمۈچۈكتەك ئوينىسا.
ئەللىينى ئاڭلىغاچ،
كەتسەم شىرىن ئۇيقۇغا.
بولۇپ بەرسە موماملىڭ،
تىزى يۇمشاق بۆشۈكۈم.

## مۇئەللىمگە ئىشەنگىن

مۇئەللىمگە ئىشەنگىن،
ئىشەنگەندەك ئاناڭغا؛
ئۇ ھارۋاڭغا يولا بېرەر،
بىراۋ تارتسا كاتاڭغا.

مۇئەللىمگە ئىشەنگىن،
ئىشەنگەندەك ئاتاڭغا؛
تايغان بولۇپ قوغدايدۇ،
بۆرە تەگسە پاداڭغا.

مۇئەللىمگە ئىشەنگىن،
ئىشەنگەندەك ئاكاڭغا؛
لەگلەكڭنى ئۇچۇرۇپ،
يىپ بولىدۇ چاناڭغا.

پۇتقا چاپساڭ كەتمەننى،
تەتۈر كىيسەڭ چەكمەننى؛
يۆرىكنى ياندۇرۇپ،
مەلھەم بولار ياراڭغا.

پەرۋاز قىلىپ ئۇچسۇن دەپ،
كۆك ئاسماننى قۇچسۇن دەپ؛
چاڭگا تىزار بىر تالدىن
سىنىڭ ئىسسىق ئۇۋاڭغا.

يامغۇر ياغسا كۆنلۈك ئۇ،
ھىلاي دېسەڭ گۈللۈك ئۇ؛
بېشىڭ قاتسا شامالدەك
ئۆنەر شۇئان ئاراڭغا.

دىلىڭنى ئۇ يورۇتقان،
توغرا يولنى تونۇتقان؛
ھۆرمىتىڭنى بىلدۈرۈپ،
تېزدىن كەلگىن سالامغا.

## كېمەم بولدى ھىلالا ئاي

كۆكتە ئۆزگەن شەپەقنىڭ،
كۆرۈنگەندە ھويلىسى؛
مىس تاۋاقتەك يېيىلدى،
كۆلا، دەرياغا شولىسى.

چىكەتكىنىڭ چىرت-چاتى،
تومۇزغىنىڭ غىت-غاتى،
قومۇشلارنىڭ شىلدىرى،
ئاغمخانىنىڭ پىلدىرى،
شاماللارنىڭ غۇر-غۇرى،
پاقىلارنىڭ كۇر-كۇرى،
سۈتتەك يورۇق دالاغا
يېڭى ھايات تاراتتى.

كۆلا، دەريانىڭ شادلىقى،
بىلىق بىلەن ئەمەسمۇ؟
(تاشتىن پۈتكەن ئوردىسى،
يېشىل چىمەن ئەمەسمۇ.)

بۆشۈك ئاڭا دەريا، كۆلا
ئەللەي ئاڭلاپ ئۇخلايدۇ.
(ئۇخلىمايدۇ، خىيالى-
بېلىققا نان ئۇۋايدۇ.)

ئۇنى ھەيران ئەتمەكتە،
سۇ بالىنىڭ شوخلۇقى،
قورسىقىنىڭ توقلۇقى.
بۇلۇت بىلەن ئوينىسا،
باشقا غەمنىڭ يوقلۇقى.

سۇ بالىنىڭ قوللىرى،
سىلاپ تۇرار ئۆزىنى.
تاشنى سۆيگەن دولقۇنلار،
راۋان قىلىپ سۆزىنى.

نۇر سەپمىسى كەڭ دالا،
ھەتتا دەريا، كۆلچىكى.
نېمە دېگەن سىرلىق-ھە
بېلىقلارنىڭ چۆچىكى.

بېلىقلارنىڭ كۆزىگە
قاراپ تۇرار بىر بالا.
ئالقىنىنى كەڭ يېيىپ،
پىچىرلىدى:-مەرھابا!
بېلىقلارغا ئەسلىدە
دېڭىز دېگەن ئارام جاي.
مېنى ئاپار دېڭىزغا،
كېمەم بولسۇن ھىلالا ئاي.

## مەن بىچارە بىللا

توۋا، ئاتا-ئانامنىڭ
مەن بىلەن ھېچ كارى يوق؛
بۇلۇپ قالدىم شۇ تاپتا،
غىچىرلىغان ئورۇندۇق.
قاچان كەلدىم مەكتەپتىن،
ئىشلىدىممۇ تاپشۇرۇق.
مەن شۇ تاپتا مۇنبەت يەر-
تاپالمىغان بىر ئۇرۇق.
...
لوڭقا بولسام، ھەر كۈنى
ئانام مېنى سۈرتەتتى؛
(كۆزۈمدىكى بۇلاقنى
كۆرۈپ ئويغا چۆمەتتى.)
بولۇپ قالسام سىنئەينەك،
كۈندە ماڭا باقاتتى.
كۆز نۇرلىرى مەن تامان
شۈررىدە بىر ئاقاتتى.

تېلېۋىزور بولسامچۇ؟
دادام كۈندە كۆرەتتى.
مەن بىلەن كۆپ سىردىشىپ
كۈنلىرى شاد ئۆتەتتى.
...
بىراق، ئاتا-ئانامنىڭ
مەن بىلەن ھېچ كارى يوق.
مەن شۇ تاپتا بوراندا
غېرىبسىنغان تومۇچۇق.

## مۇزايىبېشى

مۇزايىبېشى، مۇزايىبېشى،
بەك چىرايلىق قۇندۇز قېشى.
تېتىپ كەتتى چۈمۈلىگە،
ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتكەن ئىشى.
سىڭلىسى يوق داستىخاندا،
ئەنسىزلىكتە يامغۇر يېشى.
لايدا بويۇن قىسىپ قالغان،
سىڭلىسىنىڭ مارجان تېشى.
-كۆرمىدۇق بىز،-دېدى بۇلاق،
چىم-قىياقلار، كۆلنىڭ لېشى.
ئەسلى ئۆيدە ئۇخلاپ قالغان-
ئىكەن ئۇنىڭ قېرىندىشى.
ئۇھ! دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ،
ئوت پۈۋلىدى مېھىر مېشى.

## چىرىلداق

ئۇ
ھەمراھ بولۇپ يۇلتۇزغا، ئايغا
كىمنىڭ بەختىنى تىلەۋاتقاندۇ؟
بەلكىم
چاقماقلارنىڭ سۈزۈك تىغىنى
قانىتىدا بىلەۋاتقاندۇ.
سۈكۈت بېسىپ قىيسايغان تاغنى
يۈرىكىدە تىرەۋاتقاندۇ.
چىملىقتىكى يېتىم بۇلاقتەك
غېرىبسىنىپ تىنەۋاتقاندۇ.
ياق، ئەسلىدە
كۈز قامچىسى تەگكەن شامالار
ئىزدەپ يۈرسە يىلتىزدىن ھايات؛
پۈچۈلىنىڭ نەمخۇش توپىغا
ئوقۇغىنى ئىكەن مۇناجات.
چىرت-چىرت...

## يامغۇر يېغىلدى

ئىككى توپاق ئاسماندا
مۇڭگۈزلىشىپ ئارماندا،
لاپ-لاپ چاقماق چاققاندا؛
تۈگۈلگەنچە بۇلۇڭدا
يامغۇر يېغىلدى.

مۆلدۈر كېلىپ قېشىغا،
چالما ئاتسا ئېشىغا،
يامغۇر يېغىلدى.

سايراپ بەرسە تورۇلغا،
بۇلۇت چۈشسە ئۇسسۇلغا،
يامغۇر يېغىلدى.

تۇتۇپ دەريا قولىنى،
بويلاپ ئۇپۇق يولىنى،
شامالا ماڭسا «لاي-لاي»دەپ،
يامغۇر يېغىلدى.

يۇلتۇزلارنىڭ چۈشىگە
كىرىپ قالسا جەزىرە،
پوتلىسىنى ئېقىتىپ
يامغۇر يېغىلدى.

## يۇلتۇزلۇق ئاخشام

گۈگۈم پەردىسى
يېپىلغان چاغدا،
يىراق ماكاندا
گۈلزارلىق باغدا؛
بۇلاقلار شىر-شىر
ئېقىپ تۇراتتى،
بۆجەنلەر ھەريان
چېپىپ تۇراتتى.
شاختا قۇشقاچلار
سايراپ تۇراتتى.
كۆڭۈللۈك مەشرەپ
قايناپ تۇراتتى.
ئىزغىرىن شامالا
چىمنى ئىرغىتىپ،
يۇلتۇزنى يەرگە
چاچتى مىڭ قىلىپ.
سۈت سىپىلگەندەك
قاياققا باقسام،
ئەجەب گۈزەللا-ھە،
يۇلتۇزلۇق ئاخشام.

(ئاپتور خوتەن مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا)



### ئادىل غوجالىم

# قايتىپ كەل، دادا!

(ھېكايە)

«سالام قەدىرلىك دادا...― ئۇ دادىسىغا يازغان تۇنجى خېتىنىڭ بىرىنچى قۇرىنى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يازغان خېتىگە ئوخشاش باشلىدى. ئۇ سىنىپ بويىچە ئەڭ كىچىك ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ سەنئەت مەكتىپىگە ئالاھىدە قوبۇلا قىلىنىپ كەلگىنىگە ئىككى ئايلا بولغانىدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ياتاقتىكى ساۋاقداشلىرى ئۆيلىرىگە يازغان سالام خەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پوچتىخانىغا كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىشكىنى ئېچىدىن تاقاپ، دادىسىغا خەت يېزىۋاتاتتى. ―مەكتىپىمىز شەھەر چېتىدە، ئىچى شەھەردەك چىرايلىق. قەۋەتلىك ئۆيلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇنداق ئۆيلەرنى يۇرتىمىزدا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بۇ شەھەر شۇنداق چوڭ ئىكەن. قوشنىمىزنىڭ يۈتۈپ كەتكەن ھېلىقى ۋېلىسپىتى بىلەن كەچكىچە ئايلانسىمۇ تۈگىمىگىدەك.

مەن مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان ئۈچ قېتىم بازارغا چىقتىم. سەن بىر چاغدا ئۇرۇشۇپ قالغان ھېلىقى شوپۇر قوشنىمىز ساۋۇت ئاكا ماشىنىسى بىلەن مېنى مەكتەپكە ئەكىلىپ قويدى. ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن بازارغا ئېلىپ چىقىپ كاۋاپ بىلەن لەغمەن ئېلىپ بەردى. بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم بازارغا چىقىشىم. بىر قېتىم مەكتەپتىن بىلەت تارقاتقانىدى، باللار بىلەن كىنو كۆرگىلى باردىم، يەنە بىر قېتىم ساۋاقدىشىم ئامىنە بىلەن ھايۋاناتلار باغچىسىغا باردۇق. بۇ يەردە كۆرگىنىم مەن دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان، بەزىلىرىنى سەن ھېكايە قىلىپ بەرگەن، ھەتتا بەزىلىرى كۆرۈپ باقمىغان ھايۋانلار ئىكەن. ئىككىمىز دائىم تاغ ئىچىگە مىنگىشىپ كىرىدىغان، ھېلىقى بىر چاغدا بالىسى ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن قوتازغا ئوخشاش بىر قوتاز ئەتراپى سىم بىلەن توسالغان ئۆينىڭ ئىچىدە كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بىزگە قاراپ تۇرىدۇ. بەزى باللار ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھەيرانلىق بىلەن قارىشىدىكەن، بەزىلىرى ۋارقىرىشىپ ئۇلارنى چۆچۈتىدىكەن، بەزىلىرى قوللىرىدىكى كەمپۈت-ئالمىلارنى ئاتىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ باللىرى ئاجايىپ ئىكەن.

دادا، بىز مەكتەپكە يېڭى كەلگەن كۈنلىرىمىزدە ئۆينى سېغىنىپ پات-پات يىغلايتتۇق. ئۇ كۈنلەردە بىزنىڭ مۇئەللىملىرىمىز كۈن بويى بىز بىلەن بىللە بولۇپ، بىزنى كۈلدۈرەتتى، ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى، بىزنىمۇ ناخشا ئېيتقۇزاتتى، ئۇسسۇلا ئويناتقۇزاتتى. ھازىر ھەممىمىز ئۆگىنىپ قالدۇق. ماڭا ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىم بەكمۇ كۆيىنىدۇ. ياتاق بويىچە ئەڭ كۆپ يىغلايدىغان زەينەپگۈلمۇ يىغلىمايدىغان بولدى.

دادا، چارەكلىك ئىمتىھاندا نەتىجەم سىنىپ بويىچە ئىككىنچى بولدى. ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇلا ئويناشتا مۇئەللىم مېنى ماختىدى. بىرىنچىلىكنى ئامىنە ئالدى.

بىزنىڭ ئاساسلىق دەرسىمىز ناخشا ئېيتىش بىلەن ئۇسسۇللا ئويناش.

دادا، بىز ئەتىگىنى بەكلا بالدۇر تۇرىمىز. ئەتىگەندە سىنىپ باشلىقىمىز ئويغىتىدۇ. ئۇ ھەممىمىزدىن ئېگىز، ھەممىمىزدىن چوڭ. بۇرۇنقىدەك ئويغانسامۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قاراپ خىيالla سۈرۈپ، مومام چايىنى دەملەپ تەييار قىلىپ چاقىرغىچە ياتىدىغان ئىشلىرىم يوق. سىڭلىم ئىككىمىز يېپىنىپ ياتىدىغان ھېلىقى يوتقانىنى يىغالمىغانىدىم، ئامىنە بىر نەچچە قېتىم يىغىپ بەرگەنىدى، ھازىر ئۇنىمۇ ئۆزۈم يىغالايدىغان بولدۇم. ئەتىگەندە مەكتەپ بويىچە ھەممىمىز تەكشى تىزىلىپ گىمناستىكا ئوينايمىز. ئاندىن يۈزىمىزنى يۇيىمىز، بەزى ساۋاقداشلار ناخشا ئېيتىدۇ، تېكىست يادلايدۇ. بۇ يەر ماڭا بەكمۇ راھەت، كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئەمما چۈشلۈكى مەن ئاشخانىغا تارتىنىپ كىرىمەن. ئامىنە يوق كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى مېنىڭ قاچام باشقا ساۋاقداشلارنىڭ قاچىسىدىن ھەم چوڭ ھەم سىرى چۈشۈپ، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن. بۇ سەن ئاپامغا ئاچچىقلاپ بىر نەچچە قېتىم تاماق بىلەن يەرگە ئېتىپ، سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن تۈنىكە قاچا. مەن ئوقۇشقا ماڭىدىغان كۈنى مومام: «ھازىرچە بۇ قاچىنى ئىشلىتىپ تۇرغىن، ئارقىدىن يېڭى قاچا ئەۋەرتىپ بېرىمەن» دېگەنىدى. ھەر كۈنى ئاشپەز ئۇستام كۈلۈپ قويۇپ قاچامغا تاماق ئۇسسۇپ بېرىدۇ. سىنىپتىكى بەزى ئوغۇل ساۋاقداشلار بىر-بىرىگە قاچامنى شەرەت قىلىشىپ، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكەندە، ئامىنە ئۇلارغا ئاچچىقلايدۇ. ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ، ماڭا يان باسىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتىمىز. مەن ئۇنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا ياتىمەن.

دادا، مومام قاچىنى تېخى ئەۋەرتىپ بەرمىدى. سەن رەڭگى ئاق، قىزىل گۈلى بار قاچىدىن بىرنى ئېلىپ كەلسەڭ، ئامىنە ئىككىمىزنىڭ قاچىسى ئوخشاش بولاتتى. دادا، بۇ شەھەرگە بەكمۇ بالدۇر سوغۇق چۈشىدىكەن، ھازىر قار يېغىپ، يەرلەر مۇز توڭلاپ كەتتى. مومام ئېلىپ بەرگەن ئاياغدا پۇتۇم توڭلاپ كەتكەنىدى. ھازىر ئامىنەنىڭ ئايىغىنى كىيىۋاتىمەن. ئۇ سەللا چوڭ كېلىپ قالغانىدى، مەكتەپ بەرگەن تۇرمۇش پۇلىغا بىر كىگىز پايپاق ئېلىپ كىيسەم دىملا كەلدى. ھازىر ئامىنە ئايىغىنى ماڭا بېرىۋەتتى. ماڭا ئاياغ ئالمىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ.

دادا، ياتاقتىكى بەش ساۋاقدىشىمنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇرۇم چامادانى بار. مېنىڭ بولسا ھېلىقى سەن بولقا، ئامبۇر، مىخلارنى سالىدىغان ياغاچ ساندۇق. مومام ئۇنى قىزىل سىردا سىرلىتىپ بەرگەنىدى، ھەر قېتىم ساندۇقىمنى ئاچقاندا تاراق-تۇرۇق ئاۋاز چىقىپ، ئۇخلاۋاتقان بەزى ساۋاقداشلىرىمنى ئويغىتىۋېتىدۇ، ئۇلار بەزىدە ساندۇقۇمغا بىر خىل مەنىدە قاراپ قويىدۇ. دادا، ماڭا كىچىكرەك بولسىمۇ رەڭگى قىزىل چامادانىدىن بىرنى ئەكىلىپ بەرسەڭ...»

ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىنى يەنە بايا ساۋاقداشلىرىنىڭ خېتىدىن كۆرىۋالغانغا ئوخشۇتۇپ: «ساڭا سالامەتلىك تىلەپ قىزىڭ ئالىدەدىن» دەپ تاماملىدى. ئاندىن ساۋاقدىشى ئالمىرەدىن ئالغان كونۋېرتنىڭ ئۇستىگە دادىسىنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ ،خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى-دە، ئۇستەلنىڭ ئۇستىدە تۇرغان شىلىمدا ئاغزىنى چاپلىدى. ئۇ خەتكە ياشقا تولغان قارا كۆزلىرى بىلەن ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن، بىردىنلا بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالدى-دە، لېۋىنى ئەلەملىك چىشلىدى ۋە كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، نېمىندۇر يازماقچى بولىۋىدى، لېكىن ئاچالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ،كونۋېرتنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكى خەتلەرنى يازدى.

«دادا، بەش يىلنىڭ ياقى بىزنى تاشلاپ نەلەردە يۈرىۋاتىسەن؟ شوپۇر قوشنىمىز مۇشۇ ئادرېسنى بەرگەنىدى، شۇ بويىچە مۇشۇ خەتلەرنى يازدىم. دادا، قايتىپ كەلگىن، قايتىپ كەلە! ئۈچ يىل بولدى، ئاپام ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاڭلىغان بولساڭ نېمىشقا قايتىپ كەلمەيسەن؟ ئاپام بىلەن مومام ئۇكام ئىككىمىزنى بېقىپ چوڭ قىلغىچە بەكمۇ جاپا تارتتى، قايتىپ كەلگىن، جېنىم دادا، قايتىپ كەلگىن!؟...»

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېمەكچىدىكىن، سۆزلىرى كونۋېرت يۈزىگە پاتماي قالدى.كۆزلىرىدىن ئاققان تارام-تارام ياش تامچىلىرى كونۋېرت ئۈستىدىكى خەتلەرنى بويىۋەتتى.

(ئاپتور مايتاغ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)




1

مەن ساڭا ئۇشبۇ خەتنى يېزىۋاتقان، بۇ مىنۇتلاردا سەن بەلكىم ئاللىقاچان تاتلىق ئۇيقۇ ساھىلىدا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقانلىقىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولماقتىمەن. بىراق چۈشلىرىڭگە باشقا بىرسىنىڭ شەپىسىز كىرىۋېلىپ، روھىڭنى مالىمان قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، چۈش لەشكەرلىرىگە يېلىنماقتىمەن:«ئەي، چۈش لەشكەرلىرى! ئۇنىڭ قەلب ئىشىكىنى مۇستەھكەم بېقىڭلار، مەندىن باشقا بىرەرسىنىڭ كىرىشىنى قەتئىي توسۇپ قېلىڭلار! ئۇنىڭ چۈش ئېتىزلىرىدا ياۋا گۈللەر ئۈنۈپ قالمىسۇن! ئۇنىڭ چۈشلىرىدە باشقا قەدەم ئىزلىرى پەيدا بولۇپ قالمىسۇن...» سەن مېنى شۇ قەدەر ئەسەبىي، شۇ قەدەر ئىچى تار... قىلىۋەتتىڭ... مەن ساڭا تىنىمسىز پىچىرلىماقتىمەن.

2

ئەتراپ تولىمۇ جىمجىت ھەم سۈرلۈك ئىدى. بۇ دۇنيادا سەندىن باشقا بىرمۇ ئادەم قالمىغاندەك، مېنىڭ بارلىقىم، ھاياتىم سېنىڭ ئالقىنىڭدا تىپىرلىماقتا، شېرىن بىر ئازاب قەلبىمنى چىرماپ، يوقسۇللا يۈرىكىم سەندىن سۆيگۈ سەدىقىسى تىلىمەكتە. قەلبىمدە ھەممە نەرسە ساڭا، سەن ھەممە نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدىڭ. تىلسىز تاملارمۇ ماڭا سەن ھەققىدە رىۋايەت سۆزلەپ بەرمەكتە. ۋۇجۇدۇم بىر-بىرىدىن گۈزەل رىۋايەتلەر بىلەن بېزەلمەكتە، يۈرىكىمنى بىر قۇش تىنىمسىز چوقۇماقتا... يۈرىكىمدىن ئاققان قانلار يەر شارىغا سېنىڭ ئىسمىڭنى يازماقتا....

3

باللىقىمدا سېنىڭ ئىسمىڭنى تاپشۇرۇق دەپتىرىمگە، ماللا باققان قىياقلىقتىكى ئېرىق بويلىرىغا، قوم بارخانلىرىغا، دەرەخ شاخلىرىغا، كونا تاملارغا يېزىپ قويغان ئىكەنمەن. ئىش ئۈستىلىمدىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ، ماڭار يوللىرىمدىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ، ئىشىك-دېرىزىلەردىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ، ھەتتا نۇرلۇق قۇياشنىڭ چېھرىدىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ، تولۇن ئايدىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ، كۆللا بويىدىكى مەجنۇن تاللاردىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ يېزىلغان ئىدى. سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلىشمۇ ماڭا چەكسىز ئىلھام بەرمەكتە. ھاياتقا بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇرماقتا...

4

ئاشۇ قىز سەن ئىدىڭ، مېنى ئازابلاش شەكلى ئارقىلىق دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ، سۆيگۈنىڭ... نېمە ئىكەن-

لىكنى تونۇتۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان قىز دەلا سەن ئى-
دىڭ. سەن كۆلسەڭ كائىناتمۇ تەڭ كۆلەتتى، قوشۇ-
ماڭنى تۈرسەڭ قۇياشمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ زۇلمەت
گۈللىرى ئېچىلاتتى. چېھرىڭدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان
زىناقلارغا ئەگىشىپ باھار قۇشلىرى سايراشقا باشلايت-
تى. قەدەم ئىزلىرىڭدىن سۆيگۈ قىسسەلىرى يېزىلاتتى.
سەن يازغان سۆيگۈ داستانلىرى قىزىقارلىق بولمىسى-
مۇ، بىراق مەنىسى چۇڭقۇر ھەم تەسىرلىك ئىدى. ئاڭ-
لىغۇچىلار خۇمار بولۇپ قالاتتى.

5

مەن ساڭا، سەن ماڭا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن
بىز ئاندىن پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇق.
بىراق بىز ئۈن-تىنسىز ئايرىلىپ كەتتۇق. شۇنداقتىمۇ
سېنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ ماڭا نۇرغۇن ھېكمەتلىرىڭ-
نى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. مېنىڭ سېنى قارىتىپ
قويۇپ باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىم ماھىيەت-
تە ساڭا ئېيتماقچى بولغانلىرىمنىڭ «گىرىم» قىلىنغان
باشقا بىر شەكلى ئىدى. دېمەك، بىز شۇنداق سىرداش-
تۇق. سەن ئېغىر قەدەملەر ئېلىپ مەكتەپ دەرۋازىسى-
دىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا يۈرىكىم ساڭا يولا
باشلاۋاتاتتى، يۈرىكىڭ بولسا ماڭا ھەمراھ بولۇپ قال-
غان ئىدى....

6

توغرا، مەن ساڭا ئۇزىتىش زىياپىتى بېرەلمىدىم.
بىز ئاشۇ تاپتا پەقەت يېرىم دەقىقە كۆلۈشكەن بول-
ساقمۇ، بۇ كۆلكىلەر يىغان بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىدى.
يوللىرىڭ بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك، مەكتەپ
قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇ قەلبىمگە ھۆ-
كۆمرانلىق قىلماقتا. باللارنىڭ قىقاس-چوقانلىرى قۇ-
لىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانماقتا... ئەتراپتىكى
گۈللەر ماڭا:«بىز ھىجران گۈللىرى» دەپ پىچىرلاش-
ماقتا ئىدى.

7

ئىككى يۇرت ئارىسى سېغىنىشقا لىققىدە تولۇپ
كەتتى. قۇشلار، شامااللار... بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ئى-
دى. ئۇلار بىزنىڭ سېغىنىشلىق سالاملىرىمىزنى بىر-
بىرىمىزگە يەتكۈزۈپ تۇرىشاتتى. سەن شامااللارغا
سىرلىرىڭنى ئېيتىپ بېرەتتىڭ، مەن شامااللارغا دەردلى-
رىمنى تۆكۈپ بېرەتتىم. شامااللار ئىشكىلىرىمىزنى چې-
كەتتى، قۇشلار دېرىزىلىرىمىزگە پەم بىلەن قونۇشات-
تى. ئېھ! سۆيۈملۈك قۇشلار، ئېھ! ئۇچقۇر ئاياغلىق
شامااللار... ھېلىمۇ ياخشى سىلەر يارىتىلغان ئىكەنسى-
لەر. سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالايلى، بىزنىڭ مەخپىيەتلى-
كىمىزنى دېڭىز بۇژغۇنلىرىغا، بۇلۇتلارنىڭ باللىرىغا
ئېيتىپ قويماڭلار!!!

8

يىراق مۇساپە بىزنى تاۋلىماقتا، سۆيگۈ دەرىخى-
مىزنى چېنىقتۇرماقتا ئىدى. بەزىدە شۇنداق غالجىرلى-
شىپ كېتەتتىم، سەندىكى نازۇكلۇق ھەدىدىن ئاشات-
تى. شۇنداقتىمۇ سەندىكى ئېغىر-بېسىقلىق، مەندىكى
سەۋر - تاقەت، كۆتۈش خاتىرىلىرىمىزنى توشقۇزۇپ
بولالمىدى. سەن ماڭا خۇمار بولۇپ قالغاچقا پۈتكەن
شئېرلىرىمغا خۇمار بولۇپ قالغان ئىدىڭ. شېئرىيەت
بېغىمدا سېغىنىش مەكتۇپلىرى شئېئىرلىشاتتى، شېئرلى-
رىم ئاپپاق قەلبىڭدە تۈرمۈشلىشاتتى. يېزىقچىلىق
ئۇستىلىمدە ئولتۇرغىنىمدا سەندىن باشقا ئوقۇرمەنلى-
رىم ئۇنتۇلغان ئىدى.

9

قەلبىمدە سېغىنىش ئوتلىرى ئۇلغايغاندا ماكان
قىممىتىنى يوقۇتاتتى، ۋاقىت بىر ئىزىدا توختاپ قالات-
تى. ھوقۇق، سىياسەت، قانۇن، بايلىق، ئىززەت-ئى-
ناۋەت ھەممىسى «ھېچنېمە» ئىسىملىك مەخلۇققا ئايلى-
نىپ قالاتتى. ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ كەسكىن دىئا-
لوگلىرى قۇلاقلىرىمغا ئاڭلانمايتتى. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ
ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، گىياھلاردىن سوراشقا تەمشى-
لەتتىم.

10

سېنىڭ قەلبىڭدە مەندىن باشقا يەنە نۇرغۇن غەم-
لەرنىڭ بارلىقىنى سەزگىنىمدە، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كې-
تەتتىڭ. ياق، سەنلا ئەمەس، سېنىڭ يۇرتۇڭ، مەھەل-
لەڭ، مەكتىپىڭ، سەن دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇغۇ-
چىلار، ھەتتا داداڭ يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەر، سەن
تۇتقان دەپتەر-قەلەملەر، سەن دەسسەپ ئۆتكەن تو-
پىلىق يوللارمۇ باشقىچە گۈزەللىشىپ كېتەتتى. مەن با-
لىلىقىڭدا ئاشۇ چەكسىز ئورمانلىققا چېچىلىپ كەتكەن
چىن ھەم ساددا كۆلكىلىرىڭنى تەرمەكتىمەن.

11

بىز بىر مەزگىل ھەققەتەن ئاۋازسىز سىردىششقا
دۇچار بولدۇق. مېنى ئۇنتۇپ كېتىش سەندەك ساددا
قىزنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. سېنى ئەسلىمەسلىك، سېنى
سېغىنماسلىق مېنى قەبرىستانلىققا باشلاپ باراتتى. ئۇ-
چۇر دەۋرىدە ياشاپ تۇرۇپ ئالاقە قىلىشالماسلىق

بىزنى ھەقىقەتەن ئازابلىدى. قەلبىمىزدە تىكلەنگەن ئازاب مۇنارلىرى بىزنى ئەڭ شېرىن ھەسرەت شاراب-لىرىنى ئىچىشكە مەجبۇرلايتتى. بىراق بىز بىر نەرسىگە ئىشىنەتتۇق، ئۇ بولسىمۇ بۇگۈن چەككەن ئازابلىرىمىز چوقۇم بىزگە مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى. سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش بىزگە تەئەللۇق بولسا كېرەك. مۇبادا بىز سۆيۈشۈپ قالساق، قېرىپ كەتكەن دۇنيا ياشىرىپ كېتەرمۇ؟ ياكى كائىنات ئوت دېڭىزىغا ئايلە-نىپ كېتەرمۇ؟؟

12

سېنىڭ چېچىڭ قارا، قېشىڭ قارا بولغىنى بىلەن قەلبىڭ تولىمۇ ئاق ئىدى. دەريا بويلىرىدا يالغۇز ئول-تۇرۇپ ماڭا بېغىشلاپ مىسكىن ئاھاڭدا ناخشا ئېيتتا-تتىڭ، ئېغىر-ئېغىر قەدەملەر ئېلىپ يالغۇز كوچا ئايلە-ناتتىڭ، بۇلاقتەك كۆزلىرىڭدە بەزىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولۇپ قالاتتى. يىراقلارغا ئۇمىدۋار قاراپ تۇ-رۇپ كېتەتتىڭ. تۇيۇقسىز ئۆز-ئۆزۈڭگە:«مەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىم؟ قەيەرگە ماڭدىم ؟ ھايات بىرسىنى سېغىنىشمۇ؟ سۆيگۈ دېگەن كۆز يېشىدا يۇيۇنۇشمۇ؟؟» دېگەندەك سوئاللارنى قوياتتىڭ. شۇ مىنۇتلاردا پېقىر تولىمۇ يىراقتىكى چۆچەكچى سەھرادا سېنى سېغىنىپ تەقدىر بىلەن قاتتىق تىركىشىۋاتاتتى، تۇرمۇشنىڭ يا-قىسىنى سىقىپ، كەملەرنىدۇ تەنقىد قىلىۋاتاتتى.

13

خەيرىيەت، مەلىكەم! خەيرىيەت، ئاق پەرىشتەم! خەيرىيەت، ئاق كۆڭۈلا، ساددا، مۇلايىم قىزچاق! خەيرىيەت، يۈرىكىدە مېنى كۆكلەتكەن بۈيۈك ۋە ئاددى ئىنسان! مەن ساڭا تەئەللۇق بولۇشۇم كېرەك. مەن ئىزدەۋاتقان قۇملۇق گۈلى ئەسلى سەن ئىدىڭ، مەن سۆيمەكچى بولغان، لېكىن سۆيەلمىگەن چۆچە-كدىكى دىلبەر سەن ئىدىڭ. سەن ماڭا «سۆيگۈ» دېگەن ئوقۇمنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ قويدۇڭ. پۈتمەس-تۈگىمەس ئىلھام، چىدام-غەيرەت ئاتا قىلدىڭ. مەن ئاخىر ھاياتلىقنى، سۆيگۈ شەربەتلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقنى تېپىۋال-دىم، دەلا سېنى تېپىۋالدىم. ئەمدى چوقۇم ئۆزۈمنىڭ ئادرېسىنى تاپالايمەن.

14

سەن يېرىم كېچىدە ياش تۆكسەڭ يۈرەكلىرىم ئې-رىپ كېتىدۇ. سەن ئۇيقۇغا باش قويساڭ، ئەڭ تاتلىق ئۇخلاپ قېلىشىڭنى تىلەيمەن، سەھەرگىچە بېشىڭدا كۆ-لۈمسىرەپ ئويغىنىشىڭنى كۈتىمەن. بارلىق پىغانلىرىڭنى ماڭا بېرىۋەت! مەن يۈرەك باغرىمدا ساقلاپ قوياي، ساڭا ئازاب ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ. سېنىڭ ئازابلىنى-شىڭنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن يوقلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر. سېنىڭ يۇمران قەلبىڭ شەبنەم تامچىلىرىدىن، سۆيگۈ گۈللىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن، ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تەبىئىي ئېتىلىپ چىققان چىن مېھرىدىن تويۇنۇشى ھەم ھوزۇرلىنىشى كېرەك. سېنىڭ بەختىڭنى كۆرگەن كىيىكلەرمۇ تاغ باغرىدا يەڭگىل تاقلىشىپ، ئەڭ لىرىك ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

15

كىملا، چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلاردىنمۇ گۈزەللا قىزچاق! مەن سېنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، سۆيگۈ رىۋايەتلىرىڭنى ئەسلىتىپ، ئەڭ پاك تۇيغۇم بىلەن تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كېلەي! كىملا مۇلايىم قىزچاق، قەلبىمدە پىشىپ يېتىلگەن سۆيگۈ ياپراقلىرى بىلەن كۆزلىرىڭدىن ئاققان ياشلارنى سۈرتۈپ قوياي! كىملا ئەي ئاق كۆڭۈلا دىلبەر، سېنى كۆيلەپ شېئىر يازغان قوللىرىم بىلەن سۆيگۈ ئۆتەڭلىرىدە پۇتلىرىڭغا سان-جىلغان يانتاقلارنى بىرمۇ-بىر يۇلۇۋېتەي! كىملا ئەي ئاق پەرىشتەم! مەن سېنى ئاق ئېتىمغا مىندۈرۈپ، يىراقلارغا ئېلىپ كېتەي......

16

تاڭ سەھەر باغقا كىرسەم ساڭا ئاتاپ ئۈندۈرگەن قىزىل گۈللىرىم لەختە-لەختە قانغا بويۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەجەبا قىزىل گۈلمۇ قاناپ كېتىپتىغۇ؟! ئۇنىڭ باغرى-دىن ئاققان قانلار مەڭزىڭگە قونغانچىقا، رەڭگى قىزىل ئىكەن-دە؟! بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ يۈرىكىمدىن قان تەپچىرەشكە باشلىدى. سورىما دىلبەر! چۈنكى مەن ساڭا ئىنتىلگۈچى، سېنى سۆيگۈچى، سېنى تىنىمسىز سې-غىنغۇچى، سېنى بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى، سېنى ئەڭ يىراقلارغا، مۇمكىن بولسا باشقا بىر يەر شارىغا ئېلىپ كەتكۈچى.

17

سەن شۇ! سەن مەن ئىزدەۋاتقان، مەن ئېرىشمەك-چى بولغان، ماڭا مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەت ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ بېرەلەيدىغان گۈزەللىك ئەلچىسى دەلا سەندۇرسەن. سەنسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەر ئىككى دۇنيادا قولۇمدىن كەلمەسلىكى ئېنىق. بۇ مەن ھازىرچە بىلىدىغان بىردىنبىر ھەقىقەت.

18

يۈر، بىز بىرلىكتە چەكسىز بوشلۇققا كىرىپ كېتەيـ
لى! يوللىرىمىزدا ھەر قانچە خەتەرلىك داۋانلار بولسى-
مۇ، بىزگە سۆيگۈ ئىلاھى «يولا خېتى» كېسىپ قويۇپـ
تۇ. ئەنە بىزگە ساناقسىز قۇشلار، ئۇچقۇر شامالـلار
تەنتەنە قىلماقتا، يۇلتۇزلار بىزگە «تەبرىك خېتى» يېـ
زىشماقتا، تەپەككۇر بوستانلىقىمىدا سەندىن باشقا ھەمـ
مە نەرسە ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقنى يوقـاتتى. يۈر! ئـوـ
ماق پەرىشتە، بىز قولا تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە ئاشۇ گۈـ
زەللا ھەم سىرلىق شەپەق نۇرىغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ
كېتەيلى!

(ئاپتور كەلپىن ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

## ھايات

( نەسر )

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

ھايات! بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ سۆز-ھە! ئۇنىڭ ئىچكى
تىنىقلىرىدا بىر پۈتۈن تارىخنىڭ جېنى بار، ئۇنىڭ ھەر
بىر تاۋۇشىدا كۈللى شەيئىي مۆجىزىلىرىنىڭ رۇخسارى
بار، ئۇنىڭ مەنائىي تىلسىملىرىدا پانىيلىقنىڭ ھەققى-ـ
ھۆرمىتى بار! شۇڭا ئۇنى تىلغا سۈرگەن دىللىرىم مىڭ
گۈلخان تەپتىدە كۆيۈپ، تىنىقلىرىم ئارا ئۇچقۇن، نەـ
زەرلىرىم ئارا شولا بولۇپ چېچىلىدۇ. بىلىشنىڭ ئۆزـ
لۈك ئالىمىدىكى قىستاشلىرى ھەم بىلىشنى تەقەززا قىلـ
غۇچىنىڭ بىرلىك مەيدانىدىكى نالە-پەريادى ئالدىدا
ھايات دەپ چوقان سالماسلىقتا، ھايات دەپ بەزمە
قۇرماسلىقتا، ھايات دەپ داۋانلار ئاشماسلىقتا ئەمدى
نە چارە!؟ ھەر سەھەر ھايات ھەققىدە پۈتمەس
بۇرچلارنى ئىدراك قىلغىنىمدا، ئىشكىمدىن دۇنيا تامان
قۇياشتەك كۈلۈمسىرەپ چىققىنىمدا، نېمىدۇر بىر نەرـ
سە ئىچىمگە سىغماي تېشىپ تاشقىنلاپ تۇرغان بىر ھاـ
ياجانلىق ھالا ئىچىدە مۇقەررەر ساڭا يۈزلىنىمەنيۇ،
يەنە قايسى تەرزدە زۇۋان سۈرۈشنى بىلمەي سۆز چەـ
مەنىنى ئارىلايمەن. نەزەرىم ھەردەم بىر ياۋا گۈلدە،
ئۇنى ئېلىپ ئىشكىنىڭ ئالدىغا بېرىۋېرەي، كۈلسەڭ
ۋىسالا بىلىپ خەندان ئۇرارمەن، يىغلىساڭ غەمخان
بولۇپ ياشلىرىڭنى ئېرتارمەن...

ھايات ئاقىللار لەۋزىدە! ياق، ئۇ تېخى ۋۇجۇد
غارىدىكى روھ دىلبىرىمىز بىلەن سۆيۈشۈشنىڭ مۇقەدـ
دەس دەملىرىدىن ۋىسالا شارابى سۇنمىغان ئارمانلىق
مۇھەببەت.

ھايات-تارىخنىڭ مۇبارەك سەھىپىلىرىدە! ياق،
ئۇ تېخى ئىبرەت ۋە ئۆرنەك تەپتىشىدىن ئۆتۈپ ئۆز
ھەققىتىنى كۆرسەتمىگەن ناتونۇش يولۇچى.

ھايات-كېلەچەك تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىسپات-ئاساسلىـ
رىدا! ياق، ئۇ تېخى ئۆيلىرىمىزنىڭ رۇجەكلىرىگە
چۈشۈشكە ئۈلگۈرمىگەن غايىب نۇر-شولا...

ھايات دەپ خىتاب قىلساڭ، ئېھتىمالا كۆز ئالدىڭ
پىنھان پارلىغان بىر سېھىرلىك نۇر ئىلكىدە پاللىدە
يورۇپ، دۇنيا، ھەتتا ئالەم ئېتەكلىرىنى چەكسىز رەـ
ۋىشتە باغرىڭغا ئالغاندەك ياكى جاھاندىكى جىمىكى
تاغلار بېشىڭغا يىقىلىپ، تېنىڭ پارە-پارە بولغاندەك
بولۇشۇڭ مۇمكىن.

ھايات دەپ نىدا قىلساڭ، ئېھتىمالا ھايات چەكـ
سىزلىككە سوزۇلغان زېرىكىشلىك ۋاقىت بوشلۇقىدەك
جېنىڭنى تالدۇرۇشى ياكى بىر تىنىق نەپەستەك قىسـ
قىراپ روھىڭ كۆكنى لەرزىگە سېلىشى ۋە ياكى نۇسـ
خا-ئەندازىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چاچـ
رىغان ئوت-ئۇچقۇنلار بەھرىدە كۆزۈڭنى ئېچىشى
مۇمكىن.

ھايات -ئىنساننىڭ بارچىسىگە ئورتاق بولغان
بەھرىدار نېسۋە. ئۇنى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن
قانداق بەھرە ئېلىش يارالغۇچىنىڭ ھالقىش پەللىرى
ئارا تاپقان مەۋجۇتلۇق ئىرادىلىرىگە باغلىق. شۇڭا
ھايات قەدرىيەت يۈكسەكلىكىدە قارار تاپقان، مەـ
نىدار ئۇيۇقنى ئالەم تامان كەڭ يايغان، قىممەت ساـ
زىنى دىل ۋە تىل ئارا بەردەم چالغان چاغلاردا، ئۇ
خۇددى بىر تىنىق نەپەستەك قىسقىراپ، ئۆز ئەتىۋارىنى
نامايىش قىلىدۇ. دەرۋەقە، ھايات تەكرارلانمايدۇ،
ئىنسان ئۈچۈن تەكرارلانماس ھايات نۆۋىتى پەقەت
بىرلا قېتىمدۇر. شۇڭا ھايات نۆۋىتىدىن ھايات ھەققىـ
گە يارىشا ئىسپات ۋە سۆيۈنۈش تېپىشلا مۇمكىن.
ئۇندىن ئارتۇق كۈتۈلگەن ئۈمىدلەرنىڭ ھەممىسى يېـ
ڭى بىر قېتىملىق ھاياتنىڭ ئالدىدا ھامان چانىدۇ، ھاـ
مان بىچارىلىك قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.

ھايات تېشىڭدا ئەمەس، ئىچىڭدە. ئىچىڭدىكى مۇـ
قەددەس روھىڭ قاتلام-قەۋەتلىرىدە، ئۇ تۇتاشقان
چەكسىزلىكنىڭ خىسلەت-خاسىيەتلىرىدە. تېشىڭدىكى
دۇنيادا دەۋرىگىنى ئىچىڭدىكى دۇنيانى ئىدراك قىـ
لىشنىڭ سەۋەبى، دەلىل-ئىسپاتىدۇر. شۇڭا ھايات
مەۋھۇم تەرزدە ھەرىكەت يېيىپ، سىنىڭ ئىپادىلىرىڭـ

ىدە كۆرۈنۈشكە ۋە ئىش-ئەمەللىرىگىدە ھۆسن تۇ-
زۇشكە تەقەززا. بۇ خىل تەقەززالىقنى ئىچىگىدە تۇرۇپ
چىڭقىلىش رەۋىشىدە تېشىشىغا تېپىۋاتقان تەگسىز
ھېس- ئىدراكلىرىگىنىڭ جەزبە ۋە زىلزىلىلىرىدىن باي-
قا ھەم ئاڭا دۇنيائىي ئەزىم سەيناسىدىن مۇۋاپىق
يولا-ئىمكان ئىزدە. شۇ ئارىدا خەيرلىك ھالقىش تاپ-
قىنى، ماس ۋىسالا كۆرگىنى ۋە ئىنتىزار ناۋا قىلغىنى
سەن ئېرىشكەن ھايات ھوسۇللىرىغا گۇۋاھلىق بەر-
گۈسىدۇر.

ھايات جاندا تۈرتۈلگەن رىزىق نىسبەتلىرىنىڭ ئۇ-
نۇمدە كۆرۈلگەن مۇقەررەر نەتىجە. يەنى ھايات
خۇددى بۇلاق باغرىدىن ئېقىپ چىققان زىلالا سۇلارغا
ئوخشاش، جان چوڭقۇرىدىن ھېس-ئىدراك ئېقىنى بو-
لۇپ تېشىپ، ئىنسانىي ئارزۇ-ئىستەكلەر چىمەننى سۇ-
غۇرىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك بەھرىمانلىق
دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئىنسان ھاياتىنى ئىبارەت بۇ ئا-
مانەتنى شۇ پېتى ساقلاپ قېلىشقا قادىر ئەمەس. ھايات
جان قېتىدا ۋاقىت ۋە پەسىل-مەۋسۇملارنىڭ زەربى-
سىدە، يەنە ئىنساننىڭ سەرپىيات ۋە تەقسىمات تەرتى-
پىدە خوراپ ئەسلى ھاللىرى بىلەن ئەسلى نىسبەتلىرىنى
ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. بۇ ھالدا ھايات ئامانىتىنى ئەسلى
بويىچە ئاخىرقى چەككە يەتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكى
يوق. ھايات ئامانىتىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۇنى بىلىشتە،
بېرىشتە، ئۇنىڭغا قېنىشتا، ئۇنىڭدىن ئەستىلىك-يادى-
كار قالدۇرۇشتا تەھققلەنگەن خىسلەت ۋە خاسىيەتى-
لەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدا يېشىلىدۇ. شۇڭا ھايات
ئامانەت بولغاندا، ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ تەرتىپى ئۇنىڭ
ئەسلىنى ئەمەس، بالاغىتىنى، بەرىكىتىنى ۋە بەھرىماندى-
لىق دەرىجىسىنى كەسكىن شەرت قىلىدۇ. ھايات چەك-
سىزلىكتە پىنھان تۇرۇپ، جان شاخلىرىغىدا مەۋھۇم
چېچەك ئاچىدۇ.

ھايات خۇددى بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەختەك جان
تۇپرىقىدا قەد كېرىپ، تارىخ بۇلىقىدىن سۇ ئىچىدۇ،
زامان ئاپتىپىدىن نۇر ئېمىدۇ، مەدەنىيەت ھاۋاسىدىن
نەپەس ئالىدۇ، ئاخىر ئۇرۇق-ماھىيىتىدىكى ئەسلى
لاھىيە بويىچە شاخ ئايرىپ چېچەك ئاچىدۇ ۋە شېرىن
مېۋە بېرىدۇ...

(ئاپتورئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىدا)

# قەلب خىتابلىرى

(نەسرلەر)

مۇھەممەتجان جېلىل لوپنۇر

1

سەن ئۈچۈن ئاشىق بىقارارلار شۇنچە كۆپ بولغاند-
لىقى ئۈچۈنلا ئۆزۈڭنى مۇھەببەتتە تەڭداشسىز دەپ
كۆرەڭلەپ كېتىشلىرىڭگە ئەمدى چىداپ تۇرالمايمەن،
چۈنكى ئاشىق بولغانلارنىڭ ھەقىقىي ئاشىق ئەمەسلى-
كىنى ئۆلچەيدىغان تارازا-سۆيگۈ شەربىتىدە سۆيۈن-
دۈرۈش-سۆيۈندۈرەلمەسلىك بولماستىن، بەلكى سېنى
ئۆزى بىلەن ھەر ۋاقىت باپ - باراۋەر كۆرۈپ، ئا-
دىمىيلىك بابىدىن ئورۇن بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا
ساڭا دەيمەن، كۆيدۈم دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سەن
كۆيدۈرگەنلەر ئەمەس، بەلكى سېنى كۆيدۈرۈش كو-
يىدىكى قىلتاقچىلاردۇر. سۆيگۈ تونى ئارقىلىق سېنى
سۆيۈشكە تۇتتۇنغانلاردۇر.

ئاشىق بولدۇم دېگەنلەرلا، ھەقىقىي ئاشىق بولماس-
تىن، بەلكى سەندىمۇ ئاشقلىق ئوتىنى تەڭ ياندۇ-
رۇپ، بىرلەشكەن ئوت يالقۇنجىغانلارلا ئاشىقتۇر.

2

سەن سورۇن تۈزۈشنى بىلسەن، كۆپلەرگە
ئەيش-ئىشرەت ، كەيپ - ساپالىق سورۇن ئارقىلىق
ئالەمچە خۇشاللىق ئاتا قىلالايسەن، ئىش يۈزىدە ئول-
تۇرۇشقانلار خۇشامەت كۆلكىلىرى، دەبدەبىلىك ماخ-
تاشلىرىدىن، ھەتتا خۇدىڭنى بىلمەس بولۇپ كېتى-
سەن... لېكىن سەن سورۇن تۈزۈشنى بىلگەن بىلەن
بالا تەربىيەلەشنى بىلمەيسەن. غايە، ئارمانلارنىڭ ھۆ-
جەيرىسىمۇ بولمىغان پەرزەنتلىرىڭ ئالدىدا پۇشايمانغا
ئەسىر بولغىنىڭدا، سەن يەنىلا تەنھا...

سەن ناخشا-ئۇسسۇلا دېگەننى ۋايىغا يەتكۈزەلەي-
سەن، ئەتراپىڭدىكىلەر :«سەن ناخشا-ئۇسسۇلا ماھىرى
قالتىس...» دەپ تەنتەنە قىلىشىدۇ، سەن ناخشا-
ئۇسسۇلنىڭ ئىشقىدا مەستخۇش بولغان چاغلاردا، ساڭا
مەدەت بېرىشىپ، لېكىن سەن «زاكاس» قىلىنىپ تەي-
يارلانغان سورۇنلارنىڭ سەنئەتكارى بولۇپ يۈرگىنىڭ-
دە ئائىلەڭنى، تۇرمۇشۇڭنى، پەرزەنتلىرىڭنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش چۈشۈڭگىمۇ كىرمىگەنىدۇ بەلكىم.

ئۇلارغا «ھەقىقەت»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سورۇنلاردىكىدەك ناخشا قىلىپ توۋلىمساڭمۇ، مۇرەڭنىڭ ئۈستىدىكى راھەت-پاراغەت، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا قاچىلىنىپ كەتكەن «قاپاق»نى سىلكىۋېتىپ، گاچىلاردەك بولسىمۇ ئىشارەت قىلىپ قويساڭچۇ كاشكى!

كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىتىشنى ئويلاپ كۆرمىگىنىڭ نېمىسى؟ ھەي، سەن راھەت- پاراغەت ئازگاللىرىدا غەرق، پەرزەنتلىرىڭ تۇرمۇشتىكى تۇيۇق يوللاردا ئازغۇن بولۇپ ئاچچىق ئىڭراۋاتىدۇ...

-ئاتا -ئانا، سىلەر ھاياتمۇ؟ بىزنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايسىلەر؟

- بالىلىرىم، سىلەر نەدە؟ بىزمۇ بولالمايۋاتىمىز.

- ....

3

«ئېگىز ئاسماننىڭ تېرىكى يوق، شور دەريانىڭ كۆۋرۈكى يوق. ئىشىنەمسىز؟ ئىشەنمەمسىز سىزدىن باشقا يايرىم يوق» دېگەن ناخشىنى شۇنچىمۇ ياخشى كۆرۈپ ئېيتسەن ئۆز يارىڭغا قەلب دۇنيارىڭنى ئېچىدىلمەكچى بولۇپ. بىراق يارىڭنىڭ «ۋاپاسىز يار»غا ئاشىق بولۇپ، سېنى داغدا قويۇپ يۈرىۋاتقىنىنى بىلمىگىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ؟!

4

«دۇنيادا دوست ئۈچۈن قۇربان بەرمەك قىيىن ئەمەس، قۇربان بەرگۈدەك دوست تاپماق ئەڭ قىيىن» دېگەندەك، سەن دوستۇڭنى كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆرگىنىڭدە مېھرى-مۇھەببەت لەشكەرلىرى ساڭا چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ، دوستۇڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، شۇندىلا سەن دوستلۇق تۇغىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاداققىچە ئېگىز كۆتۈرەلەيسەن

5

كۆكۈلا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلار بىر قۇش، ئۈمىدلەندۈرۈپ مېنى، سېنى، ئۇنى.. ئاشىق بولدۇم ساڭا، ئاشىق بولدى ساڭا، بىز ئاشىق، ئاشىق پەقەت ساڭا. سەن قايسىمىزنىڭ مەشۇقى بولۇشنى خالايسەن؟ ئەي گۈلۈم؟

بۇلبۇلدەك ئۈچۈپ كېتمەن دەپ ئالدىراپ خۇشاللا بولما، بىلەمسەن، بۇلبۇلمۇ گۈللەرگە ئاشىق. ئەي كۆكۈلا كەپتىرىم، كۆڭلەر ئۇزاق، ئۇزاقتۇر كۆڭلەر، ھايات دىشۋارچىلىقلىرىدا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ شىپالىق دورا — مۇھەببەت. سۆيگۈ ئىزدەپ بىر كۆنى قونارسەن كۆكۈلا قونداقلىرىڭغا ... تەلمۈرەرسەن سۆيگۈ ۋولقانلىرىڭغا. ئەي ھاياتىم، بىلەمسەن، مۇھەببەتتىڭسىز ھاياتلىق شامىنى قانداقمۇ ياندۇرالايمەن ؟

6

دوستۇم، دۇنيادا دوستلۇق، مېھرى- مۇھەببەت، ۋاپادارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا گۈزەلا، ھاياتلىق ئالىمى مەنالىقتۇر. گۈلۈم، سىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت خاتىرجەملىك، خۇشاللىق، بەخت-سائادەت تىلەش مېنىڭ ئەرلىك يولا خېتىمدۇر. دوستۇم، ھاياتلىق تۈلپارى بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، بەخت كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ، بەلكىم شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ سۆيگۈ ئىلاھى ئاتا قىلغان مۇھەببىتىمدىن تەسرلەنگەن بولسا كېرەك. مۇشۇ مىنۇتلاردا سىزنى ھاياتلىق ئالىمىنىڭ ئەڭ، ئەڭ گۈزەلا جايلىرىنى سەيلى قىلغۇزۇش ئۈچۈن تەق بولدۇم. قېنى كەلمەمسىز ئومىقىم؟ مەن گويا بۇ ئالەمگە پەقەت سىز ئۈچۈن ئاپىرىدە بولغان، مۇھەببىتىم سىزگىلا مەنسۇپ. ياشىسۇن سۆيگۈ، ياشىسۇن سۆيگۈ بابىدىن ساپ سۆيگۈ ئىزدىگەنلەر!

7

مەۋجۇدىيەت ئالىمىدە، ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، بەختىنىڭ سۈيىدە ئاقمەن دەيدىكەنسەن، سەن ئەڭ ئاۋۋالا ئۆزۈڭنىڭ ھەر بىر مىنۇت، سېكۇنتلىرىڭنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ قىزغىن سۆيگىن، چۈنكى ئۆز-ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئوتلۇق سۆيگۈسى بىلەن سۆيەلىگەن ئادەم باشقىلارنىمۇ سۆيەلەيدۇ، شەخسىيەتسىز سۆيگۈلا ھەقىقىي سۆيگۈ بولالايدۇ.

مەن سەۋر-تاقەت ھۇزۇرىدا سەندىكى سەممىيەت، ساداقەتمەنلىك، چىنلىققا تويۇنغان سۆيگۈڭگە ئاشىق بولۇپ، كۆڭلەرنى ئۈمىد خاسىيىتىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن ....

8

ئادەمدە تولىمۇ كۆچلۈك ئىككى قانات بولىدۇ. بىرى، گۈزەلا ئەخلاقىي پەزىلەت، مۇكەممەلا بىلىم. يەنە بىرى، مالا-دۇنيا. مېھرى-مۇھەببەت ۋە مەنپەئەت

غوۋغاسىغا تولغان بۇ ئالەمدە بىر ئورتاق نوختا بار، ئۇ دەل ئەقىدىلىك قەلبلەردە پورەكلىگەن مۇھەببەت.

مۇھەببەتنى ھەممە ئادەم قوغلىشىدۇ. مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ مەنىسى، شۇنداقلا ھەممىگە قادىر بولالايدىغان چەكسىز بايلىقتۇر. چۈنكى مۇھەببەت مەرىپەت گۈزەللىنى سۆيۈشكە، مۇشكۈلاتلارنىڭ قەددىنى يادەك ئېگىشكە، زۇلمەت لەشكەرلىرىنىڭ پەيلىنى ياندۇرۇشقا قادىردۇر.

ئادىمىزات ئالەمدە بىر ئورتاق نوقتا بار-گۈزەللىك ئالەمى ئاتا قىلغان مۇھەببەت، چۈنكى سۆيگۈ ئالىدىدا ھەممە سەۋەب كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ ئەمەسمۇ؟

ئادەمدە ئەڭ خەتەرلىك بىر نەرسە بار، ئۇ دەل ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئاپىرىدە بولغان كۆرەلمەسلىك ئىچىدە پارتلىغان ھەسەتتۇر. يۈرىكىمىزدە مۇھەببەت بولىدىكەن، بۇ خەتەر ئۆزلىكىدىن يولىغا راۋان بولىدۇ. مەۋجۇتلۇق ئالەمدە بىر خاسىيەت بار، ئۇ دەل ئەپۇچانلىق بىلەن كەڭ قورساقلىقتۇر. مۇھەببەت بار يەردە دەل بۇ ئۇلۇغلۇقمۇ مەۋجۇت، شۇڭا ئالەمنىڭ تۈۋرۈكى مۇھەببەتتۇر.

(ئاپتور بايىغولىن ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپىدە)

## ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن نامىدىكى «ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نەزەر» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئوبزورلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى

2013-يىل 21-ئاينىڭ 7-كۈنى كورلا شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يىغىن زالىدا، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن نامىدىكى «ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نەزەر» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئوبزورلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى دىلشات روزى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەخمۇتجان توختى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، فولكلور تەتقىقاتچىسى، دوكتورانتلار ئۇستازى ئوسمان ئىسمائىل تارىم، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، دوكتورانت نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، شۇنداقلا كورلا شەھىرى ۋە ئوبلاستنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىدىن كەلگەن شائىر، يازغۇچى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غەيرەت زىرىش رىياسەتچىلىك قىلدى. «كروران» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇكاپاتلاش قارارىنى ئېلان قىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى دىلشات روزى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەنئەنىسى ھەققىدە توختالدى.

بۇ قېتىمقى «ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نەزەر» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئوبزورلارنى مۇكاپاتلاش مەبلىغىنى ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن چىقارغان بولۇپ، «كروران» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 1-سانىدىن باشلاپ 2013- يىللىق 4-سانىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان 15 پارچە ماقالە ئىچىدىن 6 پارچە ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تەسراتىنى سۆزلەپ ئۆتتى، شۇنداقلا «كروران» ژۇرنىلىنىڭ كېلەر يىللىق 1-سانىدىن باشلاپ ژانىر چەكلىمىسى بولمىغان ئەھۋالدا «كروران ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

يىغىندا نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن «ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى» دېگەن تېمىدا، ئوسمان ئىسمائىل تارىم «ئۇيغۇر داستانچىلىقى ۋە داستانچىلىق سەنئىتى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

**مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالىلار:**

1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالە 1 پارچە:

«غەيرەت ئاسىم رومانلىرى توغرىسىدا»، ئاپتورى: سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق (2013-يىل 4-سان)

2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالە 2 پارچە:

1) «‹گۇگۇم› رومانىدىن تۇرسۇن مەخمۇت ئىجادىيىتىگە نەزەر» ئاپتورى: مۇھەممەتجان ھەسەن (2012-يىل 1-سان)

2) «يېڭى دەۋردىكى يۈسۈپ-زۇلەيخا قىسسىسى» ئاپتورى: روزى سوپى ئۇچتېكىن (2013-يىل 3-سان)

3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالە 3 پارچە:

1) «‹يىمىرىلىش›تە يىمىرىلگەن ئاياللار ئوبرازى» ئاپتورى: مۇھەممەت كامالا خۇشخۇي (2012-يىل 4-سان)

2) «‹ساداقەت›رومانى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ئاپتورى: ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىش (2013-يىل 3-سان)

3) «‹سۆيگۈ مەنزىلى›گە قانداق يەتتۇق؟» ئاپتورى: ئەلجان ئوبۇلا خەنجەر (2013-يىل 1-سان)



# ئۇيغۇرشۇناس، پىروفېسسور گابائىن خانىم

گېڭ شىمىن

ئىمىن تاجى تۇرگۇن تەرجىمىسى

بۇ يىل گېرمانىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس ئۇستاز، پىروفېسسور ئاننا مارىيا فون گابائىن خانىم (1901ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 4ـ كۈنى تۇغۇلۇپ، 1993ـ يىل1ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى ۋاپات بولغان) ۋاپات بولغىنىغا ئون يىل بولدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ماقالىنى ئالاھىدە يېزىپ خاتىرىلەۋاتىمەن. مەن «شىنجاڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانما» ناملىق كىتابىمنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر جۈملىنى يازغان ئىدىم: ئېسىمدە قېلىشىچە، 1950ـيىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەن تاسادىپىي پۇرسەتتە گېرمانىيەلىك داڭلىق تۈرك تىلى ئەدەبىياتى ئۇستازى گابائىن خانىمنىڭ ‹قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى› ناملىق كىتابىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى قاتارلىق ھازىرقى تۈركىي تىللاردىن خېلى ياخشى ئاساسىم بولغاچقا، شۇنداقلا يەنە ئالىي مەكتەپتە بىر مەۋسۇم نېمىس تىلىنى تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرس قىلىپ ئاڭلىغاچقا، لۇغەت ئاختۇرۇپ يۈرۈپ دېگەندەك بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ (بۇ كىتابتا گرامماتىكىدىن باشقا يەنە تاللانما تېكىستلەر ۋە كىچىك لۇغاتچاقمۇ قوشۇمچە قىلىنغان) بۇ ساھەگە زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپلا قالدىم. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى تۈرك تىل ـ ئەدەبىياتى بىلەن مانا مۇشۇنداق باغلىنىپ قالدىم.

1970ـيىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانا ۋەسىقىلىرى ھەققىدە دەسلەپكى يەشمە» دېگەن ماقالەمنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردىم، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خېتىدە ئۇ ماڭا قىزغىن مەدەت بېرىپتۇ، شۇنداقلا يەنە گېرمانىيەدىكى كەسپداشلارغا مېنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمنى تەشۋىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇپ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن مەن 1981ـيىلى

تۇنجى قېتىم گېرمانىيە ھومبولد فوندىنىڭ تەتقىقات سوممىسىغا ئېرىشىپ، زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ گېرمانىيەدە ئۈچ يىل تۇردۇم. مەن 1981-يىلى 7-ئايدا ئۇنى ھومبولد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ 80 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئاچقان بىر يىغىندا تۇنجى قېتىم ئۇچراتتىم. مەن جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدىم ھەمدە ئۇنىڭغا يولداش بورھاننىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىمزاھ قويۇپ ئەۋەتكەن تەكلىپ خېتىنى بەردىم. پىروفېسسور گابائىن خانىم بىر ئۆمۈر ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىش پۇرسىتى بولمىغان، 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئۇ بېيجىڭغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭغا كېلەلمىگەن ئىكەن.

1982-يىلى كۈزدە جۇڭگونى زىيارەت قىلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپتۇ. جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا، ئۇ بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بۇددىزم سەنئىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى»، «ئورال-ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات بەرگەن.(يۇقىرىقى ئۈچ پارچە ماقالە جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى نەشر قىلغان «تۈركىي تىللىرى تەتقىقات خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىللىق 9-سانىدا ئېلان قىلىنغان.) ئۇ يەنە تۇرپان بوستانلىقىنى ۋە باشقا قەدىمىي ئىزلارنى زىيارەت قىلغان ھەمدە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قوبۇللىشىغا ئېرىشكەن. جۇڭگودىكى زىيارىتىدىن كېيىن، ئۇ گېرمانىيە ئىلمىي ساھەسىدىكىلەرگە بەرگەن كۆپ قېتىملىق ئىلمىي دوكلاتىدا يېڭى جۇڭگودا ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجەلەرنى بەك ماختىغان ھەمدە ئۇچرىغانلارغا ئىلگىرى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز قەغەزلەر(ۋەسىقىلەرنى دېمەكچى) ئۈستىدە بولغان، بۇ قېتىمقىسى جانلىق، ئەمەلىي تەكشۈرۈش بولدى دېگەن. شىنجاڭنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بونىن ئۇنىۋېرستېتى ئۇنى ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. مەن ئايالىم ليۇشۆجېن بىلەن بىللە بېرىپ ئۇنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغان. دوكلاتتىن كېيىن ئۇ بىزنى رېيىن دەرياسى بويىدىكى بىر قەھۋەخانىغا تەكلىپ قىلدى، بىز ئۇنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلغاندىكى تەسىراتلىرى ھەققىدە كەڭ-كۇشادە پاراڭلاشتۇق. مەن بۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تازا ياخشى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

بىز 1992-يىلى كۈزدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەنىدۇق. مەن ئۇ چاغدا بېرلىنغا، گېرمانىيە ھومبولد ئۇنىۋېرسىتېتى ماڭا بەرگەن، گېرمانىيە زوڭتۇڭى ۋېيزىنساك تارقاتقان «دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملار مۇكاپاتى»نى ئالغىلى بارغان. بۇ ۋاقىتتا ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كېلىپ، ئەسلىدىكى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى تەتقىقات گورۇپپىسى كېڭەيتىلىپ، مۇستەقىل ھالدا بىۋاستە ئاكادېمىيەگە قاراشلىق تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزى بولۇپ قۇرۇلغان ئىكەن. دوكتور پېتېر سىمە (ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرى ئىدى) بىلەن مەخسۇس ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەر سىرتىدىكى بىر ساناتورىيەگە بېرىپ ئۇنى يوقلىغان ئىدۇق، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ روھى تېتىك، سالامەتلىكى ياخشى بولۇپ، بىز

بىرلىكتە رەسىمگە چۈشكەن، قايتىدىغان ۋاقتتا ئۇ ماڭا ئۇرۇشتىن بۇرۇن (2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن) نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ سەككىز يۈكمەك نومى › »نى خاتىرە بۇيۇمى قىلىپ سوۋغا قىلدى. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ پروفېسسور پېتېر سىمەگە فىكوس دەرىخى ئاستىدىكى چوڭ كوچا 8-نومۇرلۇق قورۇدىكى(بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەتقىقات بۆلۈمى تۇرۇشلۇق يەر)گە يەنە بىر قېتىم بېرىپ تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىپ ئەكىلىشنى ئېيتقان ئىدى، بەختكە قارشى ئۇ بىر قانچە ئايدىن كېيىنلا ۋاپات بوپتۇ.

گابائىن خانىم لوسىرېنگىن (ھازىر بۇ يەر فىرانسىيەگە تەۋە) دا تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئارمىيەگە ئەگىشىپ (ئۇنىڭ دادىسى گېرمانىيەدە گېنرال ئىكەن) ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ گېرمانىيەنىڭ مايىنز، بىراندىنبورگ قاتارلىق جايلىرىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1920-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپ پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ماتېماتىكا ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگەنگەن. 1923-يىلى ئىجتىمائىي پەنگە قاراپ بۇرۇلۇش ياساپ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ پروفېسسور خەنس ۋە فرانكىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ خەنزۇشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. 1925-يىلىدىن باشلاپ ئۇ ۋېلھېلم باڭ بىلەن بىللە تۈركشۇناسلىقنى ئۆگىنىپ، بىرلىكتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا ۋە مانى دىنى ۋەسىقىلىرىنى ئېلان قىلغان. 1926-يىلى خەنزۇشۇناسلىققا دائىر ئىلمىي ماقالىسى «خەن دەۋرىدىكى لۇجىيانىڭ ‹ يېڭى تىل › ناملىق ئەسىرى ھەققىدە تەتقىقات» بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئۇ بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ياردەمچى بولۇپ خىزمەتكە چۈشكەن.

ئۇ 1928-يىلىدىن باشلاپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1929-يىلىدىن 1934-يىلىغىچە ئۇ ۋېلھېلم باڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئالتە توملۇق «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلغان. بۇ ئالتە توملۇق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1- تومى، پالنامە (بۇ خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەر «پالنامە»گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، سەككىز خىل پال ئىزاھاتى بار، ئەمما بۇ ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن كىتاب ئەمەس، ئېھتىماللا يوقىلىپ كەتكەن ئوخشاش تۈردىكى يەنە بىر كىتابنىڭ تەرجىمىسىدەك قىلىدۇ)؛

2- تومى، مانى دىنى ۋەسىقىلىرى (بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشكە دائىر ۋەسىقىنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە)؛

3- مانى دىنىغا دائىر مەدھىيە شېئىرلىرى (يۈز كۇپلېت ئەتراپىدىكى تۆت كۇپلېتلىق قاپىيەلىك شېئىرلار بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە)؛

4- تۆۋە-دۇئانامىلەر( بۇ خىل ئەدەبىي شەكىل شىنجاڭدا قەدىمدىن باشلاپ بار ئىدى، بۇ قەدىمدىن باشلاپ ساقلىنىپ قېلىنغان ياكى سىرتنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. بۇ ھازىرغىچە تېخى ھەل بولمىغان بىر خىل مەسىلىدۇ، بۇ ھەققە تە س. ۋېيبېرنىڭ 1999-يىلى نەشر قىلىنغان «ھىندىستان ۋە ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم دۇئانامە تېكىستلىرى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ)

5- ئىككى پارچە بۇددا ۋەسىقىلىرىنىڭ پارچىسى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى ئەسلىدىكى «بۇددا نومىلىرىنىڭ پارچىسى». بۇنىڭغا ياپونىيەلىك ئالىم، پىروفېسسور كۇدارا كوگى «كۇئانشىم پۇسار نومى» دەپ نام بەرگەن (بۇ ھەققىتە ياپونىيەدە چىقىدىغان «بۇددىزىم تەتقىقاتى»نىڭ 1980-يىللىق 36-سانىغا قاراڭ)، يەنە بىرى «ئېتىقادنىڭ ئون خىل يەشمىسى»دۇر.

6- «سەككىز يۇكمەك نومى» (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆپ خىل ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى بىرىكمە ئۇنىۋېرساللا تەتقىقات قىلىنغان.) بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى شامالا ئىلاھىغا دائىر پارچىلار» (1928-يىلى ئېلان قىلىنغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىلار ھەققىدە تەتقىقات»(1930-يىلى ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلغان.

1931-يىلىدىن 1932-يىلىغىچە جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ بېيجىڭدا تۇرغان ۋاقىتتا پىروفېسسور يۈەن فۇلى 1930-يىلى شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىپ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ پارىژنىڭ گۇيمىت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسىنىمۇ تەتقىق قىلغان. 1935-يىلى ئۇ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›نىڭ 5-جىلدى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى، 1938-يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›دىكى خەت-چەكلەر» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

يۇقىرىدا دېيىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ئۇنىڭ 1930-يىللارنىڭ ئاخىرىدا «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن. بۇ ئەسەر قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى تۈنجى بولۇپ تەتقىق قىلىنغان كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەزمۇنى مولا، دەلىللىرى توغرا بولۇپ، دۇنيا تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ساھەسىدە كلاسسىك (ۋەكىللىك) ئەسەرگە ئايلانغان. 1941-يىلى تۈنجى نەشرى، 1950-يىلى ئىككىنچى نەشرى، 1974-يىلى بولسا قايتا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى نەشر قىلىنغان.

«تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»نىڭ 8-، 9- ۋە 10-توملىرى ئۇرۇشتىن كېيىن ئېلان قىلىندى. 8-تومى(1954-يىلى نەشر قىلىنغان) براھمى يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئون بەش تۈرلۈك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات بولۇپ، بەزىلىرى سانسكرىتچە-قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەر، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئىكەن. بۇ ۋەسىقىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 9-تومى (1958-يىلى نەشر قىلىنغان) مانى يېزىقى بىلەن يېزىلغان كۇسەن تىلى (قەدىمكى كۇچا تىلى، يەنى «توخار تىلى B» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان مانى دىنىدىكى مەدھىيە شېئىرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇھىملىقىغا قىل سىغمايدۇ. 10-تومى ئاتاۋاكا ھېكايىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى جانلىق، چۈشىنىشلىك ۋە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

مۇللېر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1931-يىلى

گابائىن خانىم مۆللېرنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4-تومىنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب تۆت پارچە جاتاكا ھېكايىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسى چاستانا خان ھەققىدىكى ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئاددىي، جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرجىمە ئەسەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ قەدىمكى ئاگنى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان جاتاكا ھېكايىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى خەنزۇ تىلىدىكى «ئەقىللىق راكساسى (بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىدىكى چىشى ئالۋاستى) توپلىمى»دىمۇ كۆرۈلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ھېكايە بۇ يېزىقتا يېزىلغان چوڭ ھەجىمدىكى (تىپتىكى) ھېكايىلەر توپلىمى «داساكرما پاساۋاتاناماللا نومىلىرى»دىن كەلگەندەك قىلىدۇ.

پىروفېسسور گابائىن خانىم 1935-يىلىدىن 1937-يىلىغىچە تۈركىيەنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1939-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركولوگىيە پىروفېسسورى بولۇپ ئىشلىگەن. 1946-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە گېرمانىيە-ئاۋېستىرىيە چېگرىسىدىكى باد رىچىنخالدىكى يەرلىك مۇزېيدا ئۇرۇش مەزگىلىدە بېرلىندىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر «مايتىرى سىمىت»نى تەتقىق قىلغان. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى (1957-ۋە 1961-يىلى) ئىككى توملۇق چوڭ ھەجىمدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە دائىر ئەسەرنىڭ شاپىگراف نۇسخىسى ۋە تەتقىقات دوكلاتىنىڭ يېزىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

1949-يىلىدىن باشلاپ، ھامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركولوگىيە ۋە بۇددىزىم ئىلىملىرى بويىچە تاكى 1966-يىلى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر پىروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەن. 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 60-يىللارنىڭ بېشىغىچە ئۇ تۆۋەندىكى بىر قاتار مۇھىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان: «قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلى» (1959-يىلى يېزىلغان) «تۈرك تىل-ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 1-تومىغا كىرگۈزۈلگەن (تۆۋەندە بۇ كىتاب قىسقارتىلىپ «ئاساس» دەپ ئېلىنىدۇ)، «قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1964-يىلى يېزىلغان «تۈرك تىل-ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 2-تومىغا كىرگۈزۈلگەن)، «قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب مەدەنىيىتى ۋە باسما تېخنىكىسى» (1964-يىلى يېزىلغان «تۈرك تىل-ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 2-تومىغا كىرگۈزۈلگەن)، «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1963-يىلى يېزىلغان بولۇپ، گوللاندىيەنىڭ لېيدېندا نەشر قىلىنغان «شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى»غا كىرۈزۈلگەن.)

1960 -يىللاردىن كېيىن، پىروفېسسور گابائىن خانىمنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىن ۋە سەنئەت ساھەلىرىگە قاراپ يۈزلەنگەن. شۇنداقلا مۇشۇ ساھەدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 20-ئەسىرنىڭ40-يىللىرىنىڭ ئاخىرى50-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئۇ «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ھاياتىدا شەھەرنىڭ رولى» (1949-يىلى ئېلان قىلىنغان)، «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى» (1952-يىلى ئېلان قىلىنغان، «شەرقىي ئاسىيا تەبىئەت ۋە مىللەتشۇناسلىق جەمئىيىتى خەۋەر-

لىرى»گە بېسىلغان)، «تۈرك-ئۇيغۇرلاردا بۇد-
دىزم» (1954-يىلى ئېلان قىلىنغان، «ئاسىياشۇ-
ناسلىق - پروفېسسور ۋېللېرنى خاتىرىلەشكە
دائىر ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن)،
«ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددىزم» (1961-يىلى ئېلان
قىلىنغان، «شەرقشۇناسلىق قوللانمىسى»غا
كىرگۈزۈلگەن)، «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»
(1961-يىلى ماينىز پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشر
قىلغان، مەن ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ
1980-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلغان ئىدىم،
بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسىنى ئەنسەرىدىن مۇسا
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1982-يىللىق
2-سانىدا ئېلان قىلغان-تەرجىماندىن ئىزا-
ھات)، «تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان بويۇملاردىكى
باسما تېخنىكىسى» (1967-يىلى ئېلان قىلىن-
غان، «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يىغىن
دوكلاتى - ئىجتىمائىي پەنلەر قىسمى»غا كىر-
گۈزۈلگەن)، «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇ-
شى» (ئىككى قىسىم، بۇ كىتابنى زورۇشەن
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، كىتابنىڭ كىرىش
سۆز قىسمىغا مېنىڭ پروفېسسور گابائىن خا-
نىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ماقالەم كىرگۈزۈل-
گەن)، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقتىن ئومۇمىي با-
يان» (1979-يىلى ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق
نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان
قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت تەتقى-
قاتى ساھەسىدە ئۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
بۇددىزم سەنئىتى» ناملىق ماقالىسىدىن باشقا،
«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹قاراڭغۇلۇق دۇن-
ياسىدىكى ئون ئىلىك خان سۇتراسى›دىكى يا-
غاچ مەتبەئە قىستۇرما رەسىملىرى ھەققىدە تەت-
قىقات» ناملىق ماقالىنىمۇ ئېلان قىلغان.

پروفېسسور گابائىن خانىم ھازىرقى زامان
تۈرك تىل ئەدەبىياتىغىمۇ بەك قىزىققان،
20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىلا «ھازىرقى زامان
ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى» ناملىق كىتابنى
نەشر قىلدۇرغان، شۇنداقلا يەنە ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قازاقلارنىڭ كۆچمەن ھاياتى-
غا دائىرمۇ ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ ھاياتىدا
جەمئىي 344 ماقالە، ئەسەر ئېلان قىلغان.

پروفېسسور گابائىن خانىم 1964-يىلدىن
1976-يىلغىچە گېرمانىيە ئالتاي-ئورالشۇناسلىق
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆ-
تىگەن ھەمدە بۇ ئورگاننىڭ نەشر ئەپكارى
«ئالتاي-ئورالشۇناسلىق يىلنامىسى»نىڭ باش
مۇھەررىرلىكىگىمۇ مەسئۇل بولغان. ئۇ يەنە
خەلقئارادىكى داڭلىق ئالتايشۇناسلىق تەشكىلاتى
بولغان ئالتايشۇناسلىق دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئا-
ساسچىلىرىدىن بىرى. 1971-يىلى بۇ ھەيئەتنىڭ
مۇكاپاتى ئۇنىڭغا بېرىلگەن. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن
بولۇپ ۋېنگرىيە، فىنلاندىيە، تۈركىيە، ئەنگلى-
يە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پەنلەر ئاكادېمىيەلىرى-
نىڭ پەخرى ئاكادېمىكى بولۇپ سايلانغان.

(بۇ ماقالە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك يادرولۇق
ژورنالى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»نىڭ 2003-يىللىق
3-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

ئاپتور گېڭ شىمىن: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسى-
تېتى قازاق تىل فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يې-
تەكچىسى ئىدى.
تەرجىمان ئىمىن تاجى تۇرگۇن: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنى-
ۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.



# دوست

(ئەبجەش يازما)

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، باشقا بىر ناھىيەدە ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشىم ھەسەن ئۆيۈمگە پەتىلەپ كەلدى. ئۇ يارىشىملىق كىيىنگەن، بوي-بەستى كېلىشكەن، ئۆڭى ئاق، كۆزلىرى چوڭ، 60 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، تۇرقىدىن يېشىدىن خېلىلا ياش كۆرۈنىدىغان سۆزمەن كىشى ئىدى. ساۋاقداشلىق چاغلىرىمىزدىكى راست سۆزلۈك، ھەق-ناھەقنى، ياخشى-يامانىنى پەرق ئېتىدىغان ۋاپادار مىجەز خاراكتېرى ھېلىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. خېلىدىن بېرى ئۇنى يوقلاپ بارالمىغان ياكى تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشەلمىگەن بولساقمۇ، ئۇ شۇنچە يىراقتىن مېنى ۋە بۇ يەردىكى ساۋاقداشلارنى يوقلاپ كەلگەنىدى. بىردەمگىنە چاي، مەزىگە بېقىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. پاراڭلىرىمىز نەچچە ئون يىل بۇرۇنقى بالىلىق، ساۋاقداشلىق دەۋرىمىزدىكى ئىشلاردىن باشلاندى. شۇ چاغلاردا دەرس بەرگەن ئۇستازلار، ھەر يەر-ھەر يەردىن يىغىلغان ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرى، ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلارنى ئەسلەپ كېلىپ، ئاخىرى گەپ ماڭا يۆتكەلدى.

-قانداراق ئەھۋالىڭلا، سالامەت تۇرىۋاتامسىلە؟ ئارامغا چىققاندىن كېيىن زېرىكىپ قالمىغانسىلەر ھە؟! دوست-يارەنلەر، خىزمەتداشلار يوقلاپ تۇرغاندۇ بەلكىم؟!

ھەسەننىڭ بۇ سوئاللىرى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمگە پاتماي تۇرغان ھەسرەت-پىغانلىرىمنى تاشۇرىۋەتتى.

-نەدىكىنى، قويۇڭلا ئۇلاردەك ئاداش-ئاغىينە دېگەنلەرنى! دوست، خىزمەتداش دېگەننىڭ ھەممىسى سىلىدەك بولمايدىكەن،- دېدىم ئۇنىڭغا ھاللىنىپ،- ھۆكۈمالارنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تەلىمى بارلىقنى ئاڭلىغانىدىم: ئىنساننىڭ بايلىقى ئۈچ خىل بولىدىكەن، بىرىنچى بايلىقى تەننىڭ سالامەتلىكى ئىكەن، تەن سالامەت بولغاندىلا ھەممە ئىشنىڭ جايىدا بولىدىكەن، ھەتتا تاپقان پۇلنىمۇ كېرەكلىك جايغا خەجلىگىلى بولىدىكەن. ئىككىنچىسى ھالالدىن ئىشلەپ تاپقان پۇل-مال دۇنيا ئىكەن. مۇشۇنداق ئەجىر-مېھنەت بىلەن تاپقان پۇلا ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، سېنى يەرگە قاراتمايدىكەن. ئاخىرقىسى ۋاپادار، ساداقەتمەن دوست-يارەنلەر ئىكەن. شۇنداق دوست-يارەنلىرىڭ بولغىنىدا ئۆمرۈڭ خۇشاللا-خورام، مەنىلىك ئۆتىدىكەن. يالغۇزلۇق، يېتىمسىراش ھېس قىلمايدىكەنسەن. ئويلاپ كۆرسەم بۇ ئۈچ خىل بايلىق ئىچىدە ۋاپادار ئاغىنە-دوستلارنى تاپماق بەسى مۇشكۈلا ئىش-

كەن. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە مېدىتسىنا بەك
تەرەققىي قىلىپ كەتكەچكە، كېسەللا بولساق
داۋالىنىپ ساقىيىدىكەنمىز. ئەمدى پۇلىنىڭ ئە-
شىغا كەلسەك، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، بىرەر
كەسىپ ئىگىلەپ، تىرىشىپ ئىشلىسەڭلا تۇرمۇ-
شۇڭ كاپالەتكە ئىگە بولغۇدەك پۇلا تېپىش ئىم-
كانىيىتى باركەن. ۋاپادار دوست-ئاغىنە تېپىش-
نىڭ مۇئەييەن بىر چارىسى، يولى بولمايدىكەن.
تەجرىبىلەردىن قارىغاندا بىر ئۆمۈر، ھېچ بولمى-
غاندا بىر نەچچە يىل ئۆلپەتچىلىك قىلىپ، سى-
ناپ ئاندىن ۋاپادار دوستقا ئېرىشكىلى بولسا كې-
رەك.

— دېگىنىڭلار دۇرۇس، — دەپ ئېغىز ئاچتى
ھەسەن گېپىمنى تەستىقلاپ، — ھەقىقىي
دوست، ئەلا-ئاغىنە دېگەننىڭ ئۇزۇن يىللىق
ساداقەتمەنلىك، بىر ئۆمۈر شادلىقىڭغا كۈلۈپ،
يىغاڭغا يىغلاپ ئۆتىدىغان ۋاپادارلىق، خالىس،
دۇرۇس نىيەتتىن باشقا بەلگىسى يوق. شۇڭا يا-
مان كۈنلەرگە كەلگەندە سىنى سېتىۋەتمەيدى-
غان، تاشلىۋەتمەيدىغان تەقدىرداش دوستنى
تاپماق تولىمۇ تەس. دانالارنىڭ مۇنداق بىر
سۆزى بار: «ئەگەر تەقدىر ئادەمگە ساخاۋەت
كۆرسىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك بەختنى ئىن-
ئام قىلماقچى بولسا، ئۇنى سادىق دوستلارغا مۇ-
يەسسەر قىلىدۇ.» بۇ ھېكمەت بىزگە چىن
ۋاپادار دوست، مالال-دۇنيادىن، ئەمەلا-مەرتىۋى-
دىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەنە
«ماي تامچىسى بىلەن سۇ تامچىسى بىر قاچىغا
قۇيۇلسا، ھەر قايسىسى ئۆز خىلى بىلەن بىرلى-
شىدۇ. ئادەملەرنىمۇ شۇنداق ئەقىدە، ئىستەكلەر
بىرلەشتۈرىدۇ» دېگەندەك ئىش.

— شۇنداقكەن، ھايات تەجرىبەمدىن بۇنى
بىلۋالدىم. ئۆزۈڭمۇ بىلسەن، دەم ئېلىشقا چىق-
قۇچە كىشىلەرگە ئانچە-مۇنچە نەپ يېتىدىغان
بىر ئاددىي خىزمەتكە مەسئۇلا ئىدىم، ئاز-تولا
ھۆرمىتىم بار، گېپىم ئۆتۈشلۈك ئىدى. ئۆيۈمگە،
ئىشخانامغا يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈ-
زۈلمەيتتى. كۆرۈشكەندە چېھرىدىن خۇش تە-
بەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ناۋادا كوچىدا كېتىۋات-
قان بولسام، يولنىڭ ئۇ چېتىدە ماڭغانلارمۇ ئال-
دىراش ئالدىمغا كېلىپ سالام بېرەتتى، ئەھۋاللا
سورايتتى. چاقىرسا ئىسمىمنى ئاتاشقا توغرا
كەلسە «مۇدىر»، «ئەپەندىم» دېگەندەك ھۆرمەت
ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتەتتى، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۆز
ئىسمىمگە پەمىلەمنى ياكى ئاخۇن دېگەندەك
سۆزنى قوشۇپ دەيتتى. بەزىدە بۇنداق مۇئامىلى-
لەردىن خىجىللىق ھېس قىلاتتىم. مانا ئەمدى
بىلدىم، بۇ ئىلتىپاتلار بىرەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ
زاھىرەن قىلىنغان خۇشامەت ئىكەن. يېشىم تو-
شۇپ دەم ئېلىشقىمۇ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن
يوقلاپ كېلىدىغانلار بارا-بارا ئازىيىشقا باشلى-
دى. مۇبادا ئاشۇ «دوستلىرىم» بىلەن ئۇچرىشىپ
قالسام، بۇرۇنقىدەك «سىلە، ئۆزلىرى، ئەپەندىم،
مۇئەللىم» دەيدىغان تەكەللۇپ سۆزلەر ئاڭلان-
مايدىغان، ئىسمىمغا پەمىلەمنىمۇ قاتماي چاقىر-
دىغان بولدى. بەزىلەر ھەتتا يوقلاپ كۆرۈشۈپ
تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، يوللاردا روبىرو كېلىپ
دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ قەستەنگە كۆرمەسكە سې-
لىپ كېتىشتى. ئەلۋەتتە ۋاپا-ساداقەت كىرىزى-
سىنىڭ قۇربانىغا ئايلانمىغان ۋىجدانلىق
دوست-يارەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا. ھەيرانمەن،
ئادەم دېگەن، يەنە كېلىپ ئوقۇغان، بىلگەن
كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟

يېقىندا توردىن ھەقنى سۆزلەيدىغان بىر شا-
ئىرنىڭ دوستلۇق ھەققىدىكى مۇنۇ غەزىلىنى ئو-
قۇدۇم. ئۇنىڭدا مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم
ياخشى ئىزھار قىلىنىپتۇ:

**كۈلۈپ قويۇپ ئالدىڭدا**
**ماختىغانلار دوست ئەمەس.**
**بوسۇغاڭدىن مالا كۆزلەپ**
**ئاتلىغانلار دوست ئەمەس.**
**ياندا پۇلۇڭ بارىدا،**
**جان دوستۇم دەپ ئەركىلەپ،**
**كۈن چۈشكەندە بېشىڭغا،**
**تاشلىغانلار دوست ئەمەس.**

**ۋاي دەپ قويۇپ ئالدىڭدا،**
**لېكىن سېنىڭ ئارقاڭدىن**
**غەلۋىرىدە غەيۋەتنى**
**تاسقىغانلار دوست ئەمەس.**
**خامىنىڭغا ئوت كەتسە،**
**خۇشالا بولۇپ كۆڭلىدە،**
**بىر چىلەك سۇ كۆتۈرۈپ**
**چاچمىغانلار دوست ئەمەس.**
**قاراڭغۇدا تېنىسەڭ،**
**ئېزىتقۇلار سىرىدىن.**
**يوللىرىڭغا شام-چىراغ**
**ياقمىغانلار دوست ئەمەس.**
**ھايات مۇشكۇلا بىر سەپەر،**
**داۋانلىرى كۆپ ئۇنىڭ،**
**شۇ داۋاندا قولۇڭنى**
**تارتمىغانلار دوست ئەمەس.**

ساۋاقدىشىم دەرد-ھالىمنى ئاڭلاپ تەسەللى تەرىقىسىدە مۇنۇلارنى دېدى:

-دانالار ئىجتىمائىيەتتىكى تۈمەن تۈرلۈك ساۋاق-تەجرىبىلەرگە بىنائەن يەنە مۇنداق تەلىم بەرگەن: «دوستلۇق مۇقەددەس سۆز، ئۇ شۇنداق ئىلاھىي تۇيغۇدۇركى، ئۇ كەمتەر، ساخاۋەتچى، شەخسىيەتسىز ئادەملەر ئارىسىدىلا قارار تاپىدۇ ۋە ئۆز ئارا ئىززەت-ھۆرمەت سەۋەبىدىن كۈچىيىدۇ.» شۇڭا سىلىمۇ ئالدىڭلارغا «سىلە ياخشى، ماڭا ئىشەنسىلە» دەپ كەلگەننىڭ ھەممىسىنى دوست دەۋەرمەڭلار. شۇنى بىلىپ قىلىڭلاركى، ھېلىقىدەك ۋاپاسىزلارنىڭ خاپا بولغۇچىلىكى يوق. ئۇلارنىڭ نىشانى، ئېرىشمەكچى بولغىنى نەپ. ھەرگىزمۇ ساداقەت، دوستلۇق ئەمەس. مېھرى-ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلىدىغانلار بۇنداق قىلمايدۇ. ئاپتاپپەرەس گۈلدەك كۈن قاياقتىن چىقسا يۈزىنى شۇ ياققا قىلىدىغانلار ھەر يەرلەردە بار. ئۇلار «يېڭى يارنى تاپقاندا، كونا يارنىڭ نەمە ئىشى» دەپ ئۆلپەت بۇرادىرىنى خۇددى يېتۇق پايپاقنى ئەخلەتخانىغا چۆرۈۋەتكەندەك، تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ. ھازىر دەم ئېلىشقا چىقتىڭلار، ئەمدى ھەقىقىي دوستىڭلارنى بىلىۋالىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر لەتىپىمۇ بار. ئەپەندىم قازىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئۆيىگە پەتىلەپ بارىدىغان، يوقلايدىغانلار، ئايغىدا پايپەتەك بولۇپ «خىزمەتلىرىنى قىلساق» دەپ خۇشامەت قىلىدىغانلار بەك كۆپ ئىكەن. شۇ ئارىدا ئەپەندىمنىڭ قوشنىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن:

- ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقىدىغانلار، ئۆزلىرىنى مېھمانغا چىللاپ سوۋغا بىرىدىغانلار بەك كۆپ ئىكەن، زادى سىلىنىڭ ۋاپادار دوستلىرى قانچە؟ دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

- ساداقەتمەن دوستلىرىمنىڭ زادى قانچە ئىكەنلىكىنى قاچان قازىلىقتىن چۈشسەم ئاندىن بىلىمەن، دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن. سىلىنىڭ دېگەنلىرىڭلارمۇ ئەپەندىمنىڭ دېگىنىدەك ئىش. «ياخشى دوست يامان كۈنلەردە سىنىلار» دېگەن شۇ-دە.

ساۋاقدىشىمنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىمكى، بىراۋلارغا بىرەر تولا نەپ يېتىدىغان ئەمەلىڭ بار چاغدا ئالدىڭدا خوش-خوشلاپ كەلگەنلەر، «سىلى ياخشى» دەپ كۆزۈڭگە كىرىۋالىدىغانلار ھەرگىزمۇ ھەقىقىي دوست ئەمەسكەن. ھەتتا تاغدەك ئىشەنچ قىلىپ بىرگە يۈرگەنلەرمۇ... ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق يۈزسىزلىكىگە قاراپ:

**«لالە دېمەڭ بىزنى،**
**يازغا چىقارغان سىزنى،**
**ئارپا ئوسارغاقنى كۆرۈپ،**
**ئۇنتۇپ قالماڭ بىزنى.»**

دېگەن نەزمىنى جاراستاندا ئۈنلۈك توۋلىغۇم كېلىدۇ. پارىڭىمىز مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋاتقاندا، ئۆيگە بىر نەچچە مېھمان كىرىپ كەلدى-دە، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق.

**(ئاپتور «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)**




بالىلىق چاغلىرىمنى ئويلىسام ئاشۇ كەڭرى كەتكەن چاتقاللىق ۋە جاڭگاللىق، گاھىدا سىرىدىشىپ، گاھىدا قىزىرىشىپ ئۆتكەن، يامانلاشنى بىلمەيدىغان دوستلىرىم ئېسىمگە كېلىدۇ. ھازىر شەھەردە تۇغۇلۇپ، شەھەر مۇھىتىدا چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلۇمنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنچۇقلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىغا قارىسام، بۇ بالىلارنىڭ ئويۇن تۈرلىرىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، ھەمدە بالىلىقىمدا قويلىرىمىزنى يايلاتقاچ، كەڭ تەبىئەتنىڭ قوينىدا ئوينىغان تۈرلۈك قىزىقارلىق ئويۇنلىرىمىز ئېسىمگە كېلىدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تۈزگەن بالىلار ئويۇنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆرۈپ باقتىم . بۇ ئويۇن تۈرلىرى ئىچىدە بىز ئوينايدىغان بىر قىسىم ئويۇنلارنىڭ يوقىلىشىنى بايقىدىم. بۇ بەلكىم ھەر جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پەرقتىن بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا تۆۋەندە بىزنىڭ لوپنۇر رايونىدا كىچىك چاغلىرىمىزدا ئوينىغان ئۆزگىچە ئويۇنلىرىمىزنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ باقماقچى.

### 1. تارتىشماق ئويۇنى

ئابلىز مۇھەممەد بۆرىيار ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ناملىق كىتابىدا نامى مۇشۇ خىل ئويۇن بىلەن ئوخشاش يەنە بىر ئويۇن تۈرى تونۇشتۇرۇلغان. يەنى، «تارتىشماق» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا «ئۆتۈشمەك»، «تۈرتۈشمەك» دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن مەۋجۇت. بۇ ئويۇندا بالىلار بەللىرىگە پوتا ياكى تانا باغلىشىپ تەڭ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كۈچلۈكرەك بالىدىن بىرسى ئالدىدا تۇرىدۇ، ھەمدە مەلۇم پاسىلنى بەلگىلەپ قويۇپ، ئويۇننى باشلايدۇ. كىم پاسىلدىن قارشى تەرەپنى ئۆتكۈزەلىسە، شۇ يەڭگەن بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. مەن بۇ يەردە تونۇشتۇرماقچى بولغان «تارتىشماق» ئويۇنى گەرچە نام جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئويناش ئۇسۇلى، مۇۋاپىق كېلىدىغان ياش باسقۇچى، ئويۇنغا كېتىدىغان ماتېرىياللار قاتارلىق جەھەتلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ خىل ئويۇن تۈرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقايلى:

**ئويۇن ماتېرىيالى:** لوپنۇر چىگىسى چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چېچەكلىگەن غوللا قىسىملىرىدا ئادەمنىڭ قورساق قىسمىدىن تۆۋەنكى قىسمىغا ئوخشاش ئاچىماق شەكىلدە بىر نەرسە پەيدا بولىدۇ. بۇ ئادەتتە يەرلىك تىلدا «تارتىشماق» دەپ ئاتىلىدۇ. «تارتىشماق»نىڭ غولى سۇس قىزغۇچ رەڭدە، تۇتاشقان قىسمى بولسا ئادەتتە قېنىق قىزىل رەڭدە بولىدۇ. ئىككى ئاچىمىقىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى تەڭ نىسبەتتە بولۇپ، بەك ئۇزۇنلىرىنىڭ 20 سانتىمىتىر ئەتراپىدا، قىسقىلىرىنىڭ 10 سانتىمىتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قىسقىلىرى ئادەتتە ئۈزۈلمەيدۇ. غوللا قىسمىنى يارسا، ئاق توزۇنداق شەكىلدىكى نەرسە چىقىدۇ. غوللا قىسمى يۇمشاقراق بولىدۇ. ئىككى غولىنىڭ تۇتاش-

قان قىسمى قاتتىق بولىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** ئاۋۋاللا بۇ ئويۇن ئۈچۈن چىگە غولىدىن «تارتىشماق» تەييار قىلىنىدۇ. ئادەتتە 15ـ20 تالا ئەتراپىدا تەييار قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن ئىككى ئادەم بىر بولۇپ «تارتىشماق ئويۇنى»نى باشلىسا بولىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۆزى چوقۇم يېڭەلەيدۇ دەپ قارىغان تارتىشماقنى تاللاپ، ئۇلارنى كىرىشتۈرۈپ، تەڭلا كۈچەپ تارتىدۇ. كىمنىڭ تارتىشمىقىنىڭ ئاچمىقى يىرىلىپ كەتسە شۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ. بۇنى شۇ تەرىقىدە ئىككى تارتىشماقنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئوينايدۇ. چوڭراق بالىلار بولسا، تۆت-بەش ھەتتا ئوندەك تارتىشماقنى كىرىشتۈرۈپ ئاندىن كۈچەپ تارتىدۇ. بۇنى ئۈزۈشكە خېلى كۆپ كۈچ كېتىدۇ. بەزىدە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ بىر قانچە ئادەم تەڭ ئوينىسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئويۇندا ئۇتتۇرغانلارغا بېرىلىدىغان جازا بولسا، تارىلىپ كەتكەن قوي پادىلىرىنى يىغىپ كېلىش ياكى زىرائەت تەرەپكە كەتكەن قويلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ كېلىش بولىدۇ.

**پايدىلىق تەرىپى:** بۇ ئويۇننىڭ ماتېرىيالى تەبىئەتتىن ئېلىنغاچقا، بۇنى ياساشقا ۋاقىت ۋە كۈچ سەرىپ قىلىنمايدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق قوي بېقىش جەريانىدىكى بىر قىسىم بىر-بىرىگە بەس سېلىشىپ، سوقۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇتتۇرغۇچى تەبىئىيلا مەيلى يېشى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن جازا ئۇسۇللىرىنى شەرتسىز ئورۇندايدۇ. بۇنداق بولمىغاندا بەزى ۋاقىتلاردا بالىلار زىرائەت تەرەپكە ماڭغان قوي ياكى كالىلارنى «سەن توس» دېسە «سەن توس» دەپ بىر بىرىنى بۇيرۇپ، قويلار باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. تارتىشماق ئويۇنى بىرلىكتە قوي بېقىۋاتقان بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق كەيپىياتنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ئويۇن يەنە بالىلارنىڭ قول ۋە بېغىشلىرىنى چېنىقتۇرۇش، كۈچىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىپ قارشى تەرەپنى يېڭىش قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھازىر بۇرۇنقىدەك قويلارنى كەڭ يايلىتىپ باقىدىغان لوپنۇر چىگىلىرى بولۇق ئۆسكەن ئاشۇ جاڭگاللىقلار كىشلەر تەرىپىدىن تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەچكە، لوپنۇر چىگىسى ئاشۇ تېرىلغۇ ئېتىزلارنىڭ باش قىسىملىرىدىكى كىچىككىنە يەرلەردىلا بار بولۇپ، بۇرۇنقىدەك يايلاق بولمىغاچقا، قويلارمۇ يوق دېيەرلىك. قوي كۆپ بولمىغاچقا، بىرلىكتە قوي باقىدىغان بالىلارمۇ يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقا «تارتىشماق ئويۇنى» ھازىر يەرلىك بالىلار تەرىپىدىن بارا-بارا ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

## 2. چوكا ئويۇنى

**ئويۇن ماتېرىيالى:** بۇ ئويۇننىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى يۇلغۇن غولىدىن تەييار قىلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا باشقا غولى قاتتىق دەرەخلەردىن تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە يۇلغۇن غولى باشقا دەرەخلەرنىڭ غولىغا قارىغاندا سەل ئېغىر بولۇپ، ئويناشقا قولايلىق بولغىنى ئۈچۈن كۆپرەك مۇشۇ خىل ماتېرىيالا ئاساس قىلىنىدۇ. يۇلغۇن غولىنىڭ تۈز ئۆسكەن قىسمى پىچاق بىلەن كېسىۋېلىنىدۇ، ھەمدە سىرتقى پوستى قىرىپ سىلىقلىنىدۇ. ھەر بىر چوكىنىڭ ئۇزۇنلىقى ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئالدى بىلەن بىر چوكىنى ياخشى ياسىۋالغاندىن كېيىن، شۇنى ئۆلچەم قىلىپ قالغان چوكىلار تەڭ نىسبەتتە كېسىۋېلىنىدۇ. ئۇزۇنلىقى ئادەتتە 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** چوكا ئويۇنىنىڭ ئويناش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، مەلۇم ساندىكى چوكا تەييارلانغاندىن كېيىن (ئادەتتە 20ـ30 دانە بولىدۇ) ئويۇن ئوينىغۇچى قولىغا پاتقۇدەك چوكىنى ئالقىنىغا ئالىدۇ. ئويۇننى باشلاش ئادەتتە بالىلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بويىچە بىر-بىرىگە يول قويۇش ئاساسىدا بولىدۇ. بىر تەرەپ بىر توپ چوكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئېھتىياتچانلىقى بىلەن، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە چوكىلارنى قولىنىڭ دۈمبىسىگە ئالىدۇ، ھەمدە قولىنىڭ دۈمبىسىگە ئالغاندىن كېيىن ھاۋاغا قارىتىپ مەلۇم ئارىلىقنى تەڭشەپ ئاتىدۇ. ھەمدە چاققانلىق بىلەن ھاۋاغا ئېتىلغان چوكىنى تۇتىدۇ. تۇتۇش شەكلىمۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، چوكىنى ئېتىۋېتىپلا، قولنىڭ ئالقىنىنى ئېچىپ تۇتۇش. يەنە بىرى بولسا، قولنى توپا قېزىش ماشىنىسىنىڭ يەردىن توپىنى قېزىپ ئالغاندىكى ھالىتىگە ئوخشاش قىلىپ تۇتۇش. بۇ ئويۇندا كىمنىڭ تۇتۇۋالغان چوكىسى كۆپ بولسا، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ.

**ئىككىنچى خىل شەكلى:** مەلۇم ساندىكى چوكا سىلىق يەر يۈزىگە ئاستا چېچىلىدۇ. چوكىلارنىڭ بەزىلىرى ئۈستى-ئۈستىگە چۈشسە، بەزىلىرى ئايرىلىپ چۈشىدۇ. ئاشۇ چوكىلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقا چوكىلارنى قەتئىي مىدىرلىتىۋەتمىگەن ئاساستا قولغا ئېلىنىدۇ، ھەمدە ئاشۇ چوكا بىلەن

ئۈستى-ئۈستىگە چۈشكەن چوكىلارنى ئېلىپ ئاجرىتىشقا باشلايدۇ. ناۋادا ئېلىپ ئاجرىتىش جەريانىدا ئاستى ياكى يان تەرەپتىكى بىرەر چوكا مىدىراپ كەتسە، قارشى تەرەپ ئويۇننى باشلايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا كىم ئەڭ بۇرۇن ھېچقانداق چوكىنى مىدىرتىۋەتمەي ھەممە چوكىلارنى ئاجرىتىۋېتەلىسە، شۇ يەڭگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ.

**پايدىلىق تەرىپى:** چوكا ئويۇنىدا بالىلار چوكىنى ئۆزلىرى تەييار قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى ئۆزى قولى سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇندىن باشقا ئويۇن جەريانىدىكى تەلەپلەر ئارقىلىق بالىلارنىڭ قول ھەرىكىتىنىڭ چاققان بولۇشى، يۈكسەك دەرىجىدە ئېھتىياتچان ھەم سەۋرچان بولۇشى، دىققىتىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رولى ئوينايدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئەڭ ئەۋزەلا يەنە بىر تەرىپى ئويۇن ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ چوكىلارنى بالىلار يەنە مەكتەپكە ئاپىرىپ كىچىك كۆلەمدىكى ھېسابلارنى ئىشلەشتە ئىشلىتەلەيدۇ. ساناق سانلارنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

### 3. سابۇر (قۇم بولاق) ئويۇنى

**ئويۇن ماتېرىيالى:** بۇ ئويۇننىڭ ئىسمىنىڭ قانداق كەلگەنلىكى ماڭا نامەلۇم. بۇ بەلكىم خەنزۇ تىلىدىكى «[illegible]» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئويۇن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا خېلى كۆپ ئومۇملاشقان ئويۇندۇر. بۇ ئويۇندا ئىشلىتىلىدىغان «سابۇر» ئادەتتە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلمەيدىغان پارچە-پۇرات لاتىلارنى قۇراشتۇرۇپ تىككەندىن كېيىن ئىچىگە قوي مايىقى، ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەردىن چىقىدىغان كېپەك قاتارلىق نەرسىلەر ئىچىگە تىقىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتە قۇم تىقىلىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. چۈنكى قۇم ئېغىر بولغاچقا، ئېتىپ ئوينىغاندا، بالىلارنىڭ بەدىنىگە قاتتىق تېگىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئادەتتە ئېغىرلىقى نورماللا نەرسىلەر ئىچىگە چىڭدىلىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** بۇ ئويۇننى ئويناش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تۆتتىن يۇقىرى ئادەم ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ. بىر گۇرۇپپىدىكىلەر مەلۇم ئارىلىقنى ساقلاپ، سابۇرنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكىلەر ئارىلىققا كىرگەندە، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر سابۇرنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتىدۇ. ئەگەر سوقۇۋەتسە، سوقۇلغان شۇ ئادەم «ئۆلىدۇ» ھەم نەق مەيداندىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. ناۋادا ئېتىش جەريانىدا ئارىلىقتا يۈگۈرەۋاتقانلار سابۇرنى تۇتۇۋالسا، بايام «ئۆلگەن» بىر ئادەمى تىرىلىپ، يەنە ئويۇنغا قاتنىشىدۇ. نەچچە قېتىم تۇتۇۋالسا، شۇنچە «جان» قوشۇلىدۇ. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنى سابۇر بىلەن سوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. مۇشۇ بويىچە ئىككى گۇرۇپ نۆۋەتلىشىپ ئوينايدۇ.

**ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا:** مەلۇم ئارىلىقنى ئۆلچەم قىلىپ، بالىلار يۈگۈرگىدەك ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، لەغمەن پىلتىسى شەكلىدىكى چوڭ-كىچىك چەمبەرلەر سىزىلىدۇ. ئويۇن باشلانغان ۋاقىتتا، چەمبەرنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر سىرتىغا قاراپ پىرقىراپ يۈگۈرىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپتىكىلەر سابۇرنى ئۇلارغا قارىتىپ ئېتىپ تۇرىدۇ. پىرقىراپ يۈگۈرۈش جەريانىدا سابۇر يېگەنلەر ئويۇندىن چېكىنىدۇ، سابۇرنى بىرەر ھەمراھى تۇتۇۋالسا، «ئۆلگەن» ھەمراھى تىرىلىدۇ. ناۋادا سابۇرنى ئاتقۇچىلار ئىچىدىكىلەر چەمبەردىن چىقىپ كەتكۈچە ئىككىنچى گۇرۇپ ئەزالىرىنى سوقۇپ تۈگىتەلمىسە، بىرىنچى گۇرۇپتىكىلەر يەنە قايتىدىن چەمبەر ئىچىدىن ئويۇننى باشلايدۇ.

**پايدىلىق تەرىپى:** بۇ خىل ئويۇننىڭ ئويۇن كەيپىياتى جىددى ۋە كەسكىن بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن چاققانلىقنى، ئۆز-ئارا ماسلىشىشنى، ھەمكارلىشىشنى ۋە نىشانغا دەل تەگكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ غەيرىتى ھەم تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدۇ. بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارغاندا ھەرقانداق ئىش ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىپ يېتىدۇ.

### 4. سۇغا چۆمۈلگەندە ئوينىلىدىغان ئويۇنلار

ئادەتتە كىچىك ۋاقىتلاردا يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە بالىلار ئۆستەڭ ياكى دەريالارنىڭ ئۆزلىرى بىلىدىغان يەرلىرىگە سۇغا چۆمۈلۈپ يازنىڭ ئىسسىقلىرىنى خۇشالla-خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ھەمدە بۇ جەرياندا يەنە سۇ ئىچى ۋە سىرتىدا بىر قىسىم ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. بۇلاردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىلنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

#### 1. دېڭىز ئېتىش

بۇ بالىلار سۇغا چۈشكەندە ئەڭ كۆپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ئەڭ ئالدى بىلەن

سۇنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇر جايى تاللىنىپ، شۇ يەرنىڭ بويىغا ئېگىزرەك پەلەمپەي ياسىلىدۇ. بۇ ئادەتتە لاي ياكى سىلىق تاش ۋە ياكى خىشتىن ياسىلىدۇ. پەلەمپەينىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 40-50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. پەلەمپەي ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن بالىلار 20-30 مېتىر ئارىلىقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، سۇغا باشچىلاپ شۇڭغۇيدۇ. سۇغا شۇڭغۇغاندا ئامال بار قورساق قىسمىنىڭ سۇغا ئۇدۇل كېلىپ قالماسلىقىغا تىرىشىلىدۇ. كىم سۇغا شۇڭغۇغاندا چاچرىغان سۇ كۆپۈكچىسى ئاز بولسا، شۇ ئەڭ چىرايلىق «دېڭىز ئاتقان» بولىدۇ، ھەممە بالىلارنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتى «ئۆسىدۇ».

بۇ ئويۇننىڭ نامىنىڭ قويۇلۇشىدىن دېڭىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بالىلىرىمىزنىڭ دېڭىز ھەققىدىكى ساددا تەسەۋۋۇرىنى، ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر دېڭىزنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇش ئارزۇلىرىنى قۇربى يېتىدىغان شەكىلدە قاندۇرۇشنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ بەلكىم ھازىرقى دەۋردىكى خەلقارادىكى سۇغا سەكرەش مۇسابىقىلىرىنىڭ بالىلىرىمىز ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

### 2. سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى

بۇ ئادەتتە بالىلار سۇغا چۈمۈلگەندە بىر-بىرى بىلەن ئۆزلىرى بىلىدىغان سۇ ئۈزۈش شەكىللىرى بويىچە مەلۇم ئارىلىقنى ئۆلچەم قىلىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن شەكلى. بۇنىڭدا ئاساسلىق سۇ ئۈزۈش شەكىللىرىدىن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈش، پاقىچىلاپ ئۈزۈش، كەينىچىلەپ ئۈزۈش قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. بۇنىڭدا بەك قاتتىق ئۆلچەم بولمايدۇ. گاھىدا مۇسابىقىلەشكۈچىلار بىر خىل سۇ ئۈزۈش ئۇسۇلىدا مۇسابىقىلەشسە، گاھىدا مۇسابىقىلەشكۈچىلەر قايسى خىل سۇ ئۈزۈش ئۇسۇلىغا ماھىر بولسا، شۇ خىل ئۇسۇلدا ئۈزۈپ مۇسابىقىلىشىدۇ.

### 3. سۇدا موللاق ئېتىش

سۇدا مۇللاق ئېتىش بىر خىل ماھارەت كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى ئويۇن شەكلى بولۇپ، ھېچقانداق مۇسابىقە خاراكتېرىنى ئالمىغان بولىدۇ. بۇ خىل ئويۇننى بالىلار ئىچىدىكى سۇ ئۈزۈشكە ئەڭ ماھىر بالىلار ئوينايدۇ، ھەممە باشقا بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. سۇدا موللاق ئېتىش بىر قېتىم ئېتىش ۋە ئۇدا ئېتىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئومۇمەن سۇغا چۈمۈلىدىغان چاغدا ئوينىلىدىغان بۇ خىل ئويۇنلار جەريانىدا بالىلار بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشنى ۋە ياردەم قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. چوڭراق ۋە سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بالىلار كىچىكلەرگە سۇ ئۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدۇ. سۇ ئۈزۈشنى ياخشى بىلمەيدىغان بالىلارنىڭ چوڭقۇر يەرلەرگە بارماسلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ناۋادا بىلمەستىن بېرىپ، بىرەر خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلسە، سۇ ئۈزۈشكە ماھىرلىرى بىرلىشىپ قۇتقۇزىدۇ. دېڭىز ئېتىشقا ئوخشاش ئويۇنلار ئارقىلىق تەۋەككۈلچىلىك، قورقۇمسىزلىق، باتۇرلۇق خاراكتېرىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرسە، قالغان ئويۇن تۈرلىرى ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا سۇ ئۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ماھارەتنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ياردىمىسىزمۇ ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ پايدىلىق.

### 4. قەغەز پاق-پاق ئويۇنى(يەرلىكتە يەنە لوش ئويۇنىمۇ دېيىلىدۇ)

**ئويۇننىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى ۋە ياساش ئۇسۇلى:** كېرەكسىز كىتاب-دەپتەر قەغىزى، كارتون قەغەزدىن مەلۇم تەرتىپتە قاتلاپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، يەنە بىرى بەش تەرەپلىك شەكلىدە بولىدۇ.

ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكىسى ئاۋۋال تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى بىر پارچە قەغەزنىڭ باش تەرىپىدىن يېرىمىغا كەلگۈچە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بىر تۈز سىزىقنى بويلاپ قاتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئۈچ بۇلۇڭ يەنە بىر قېتىم ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە قاتلىنىدۇ. ئاندىن ئېشىپ قالغان قىسمى پۈتۈن ھالەتتە ئۈچ بۇلۇڭنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نەق كەلتۈرۈلۈپ قاتلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككى چەتتە يەنە تېخىمۇ كىچىك ئىككى ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئۈچ بۇلۇڭلار بۇرۇن ھاسىل قىلغان چوڭ ئۈچ بۇلۇڭلارنىڭ بېقىنلىرىغا تەكشى قىلىپ قىستۇرۇلىدۇ.

بەش تەرەپلىك شەكىلدىكىسىدە ئادەتتە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى قەغەز ئوتتۇرىدىن تەڭ نىسبەتتە قاتلىنىپ، بىر تۈز سىزىق ھاسىل قىلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى بۇرجەكى سىزىقنى بويلاپ ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدا قاتلىنىدۇ. ئىككى ئۈچ بۇلۇڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلگەندىن كېيىن، بىر چوڭ ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئىككى بۇرجەكىدىن يەنە كىچىك ئىككى ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىنىپ ئىچىگە قاتلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەغەزنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئازراق قىسمى

ئېشىپ قالىدۇ. بۇ ئېشىپ قالغان قىسمى تاكى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە قاتلىنىدۇ. ئاندىن تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ ئىككى چېتى قاتلىنىپ ئەڭ ئاخىردا ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۈچلۈق تەرىپى بايا قاتلىغان تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ ئىككى قانىتىنى باستۇرغان ئاساستا ئوتتۇرىدىكى جايغا تەكشى تىقىپ قويۇلىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** ئاۋۋالا مەلۇم ساندىكى «پاق-پاق» تەييار قىلىنغاندىن كېيىن، قېلىن ھەم قاتتىق ماتېرىيالدىن ياسالغان بىر «تۈز» ياكى «ساقا» ھازىرلىنىدۇ. ئۇ باشقىلىرىغا قارىغاندا قېلىن ھەم ئېغىر بولىدۇ. ئوينىغان ۋاقىتتا قەغەز پاق-پاقنىڭ بۇرجەكلىرى ئۈچىگە سەللا قاتلىنىپ يەرگە تېخىمۇ يېپىشىپ تۇرىدىغان ھالەتكە ئەكىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇنچى تەرەپلەر كېلىشىپ تەكشىرەك بىر جاينى تاللاپ پاق-پاقنى شۇ جايغا قويىدۇ. ئىككىنچى تەرەپ ئۆزىنىڭ «تۈز»ى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ «تۈز»ىنىڭ يان قىسمىغا كۈچەپ ئۇرىدۇ. ناۋادا بېرىلگەن كۈچ يېتەرلىك بولسا، قارشى تەرەپنىڭ «تۈز»ى شاماللا تەسىرىدە ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ قالىدۇ، ھەمدە ئۇتتۇرغان بولىدۇ. ئۇتتۇرغانلار قولىدىكى باشقا قەغەز پاق-پاقلىرىنى قارشى تەرەپكە بېرىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىسىدە داۋاملىشىدۇ.

**پايدىلىق تەرىپى:** بۇ ئويۇن ھازىر شەھەر بالىلىرى ئويناۋاتقان دۇكانلاردا تەييار سېتىلىدىغان، بالىلار ياخشى كۆرىدىغان كارتون شەخسلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق شەكىلدىكى كارتىلارنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، ئويناش شەكلى ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن ئالدىنقىسىنى بالىلار ئۆزى قولا سېلىپ ياسايدۇ، ھەم لايىھەلەيدۇ. بۇ بالىلارنىڭ قولا سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. ئۇندىن باشقا بىر-بىرىنى ئۆرۈش ئۈچۈن قەغەز پاق-پاقلار كۈچەپ ئۇرۇلغاچقا، بالىلارنىڭ بىلەك قىسىملىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىق تەرىپى بار، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 5. «قىلىچۋازلىق» ئويۇنى

**ئويۇن ماتېرىيالى:** قوناق شېخى ياكى گازىر شېخى، بەزى ۋاقىتلاردا ئىنچىكە يۇلغۇن ياغاچلىرىمۇ «قىلىچ» قىلىنىدۇ. لېكىن كۆپىنچە قوناق شېخى «قىلىچ» ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب قوناق شېخىنىڭ غولى باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا يۇمشاق بولۇپ، ئويۇن جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن قارشى تەرەپنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىقنى ئاساسى مەقسەت قىلغان. بۇ خىل «قىلىچ»نى تەييارلاشتا ئالدى بىلەن ئورىۋېتىلگەن ياكى قونىقى ئۈزۈۋېلىنغان قوناق شېخى تاللانغاندىن كېيىن پىچاق بىلەن ئۇنىڭ غولىدىكى قوپال جايلىرى شىلىپ سىلىقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 60-70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قوناق شېخىنىڭ تەخمىنەن ھەر ئون سانتىمېتىردا بىردىن بوغۇمى بولىدۇ. بۇنىڭ «قىلىچ» دەستىسى قىلىنىدىغان بىرىنچى بوغۇمى ئادەتتە سىلىقلانمايدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** بۇنى ئىككى ئادەم ئوينىسىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم «ھەربىي» ، «دۈشمەن» دېگەندەك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۆزلىرى بىلىدىغان ياكى كىنولاردىن كۆرۈۋالغان تەقلىدىي «جەڭ» ئۇسۇلىدا ئوينىسىمۇ بولىدۇ. ئوينىغاندا ئادەتتە «قىلىچ»نى يۈز قىسىملىرىغا قارىتىپ سانجىش ياكى چېپىش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئاساسلىق قورساق ۋە بەل قىسمىغا چېپىلىدۇ ياكى تىقىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا قاتتىقراق تىقىلسىمۇ، «قىلىچ»نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يۇمشاق بولغاچقا، قايرىلىپ ياكى سۇنۇپ كېتىپ ئادەم زاخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**پايدىلىق تەرىپى:** بۇ بىر خىل تەقلىدىي «جەڭ مەيدانى»نى ياكى بالىلار ياخشى كۆرىدىغان قەھرىمانلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولغاچقا، بالىلارنىڭ باتۇر، يۈرەكلىك، قورقماس، ھەق-ناھەق كۆز قارىشى ئېنىق بولۇش تەربىيەسىگە ئىگە بولۇشىدا بەلگىلىك رولى بار. ئۇندىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگىمۇ پايدىلىق نۇرغۇن تەرەپلىرى بار.

## 6. ئوقيا ئېتىش ئويۇنى

**ئويۇن ماتېرىيالى:** ئالدى بىلەن بىرەر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە-تومىلىقى نورمال ھۆل يۇلغۇن ياغىچى، ئەللىك سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېنى سەل كەڭرەك يىپ، ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى تۈز ئۆسكەن قومۇش دەستىسى تەييار قىلىنىدۇ. يۇلغۇن دەستىسىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن پىچاق بىلەن بوغۇمچە چىقارغاندىن كېيىن تەييارلىۋالغان يىپ ئاۋۋالا بىر تەرەپكە چىگىلىدۇ. ئاندىن يىپ چىگىلگەن تەرەپنى دەسسەپ تۇرۇپ يۇلغۇن ياغىچى ئاستا ئېگىلىپ يەنە بىر تەرىپىمۇ يىپ بىلەن باغلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «يا» پۈتىدۇ. قومۇش دەستىسى بولسا، «ئوق» قىلىنىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** ئوق بىلەن يا پۈتكەندىن كېيىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئېگىزرەك بىرەر جايغا داڭگاللا، بوتۇلكا قاتارلىق نەرسىلەرنى تىزىپ مەلۇم بىر ئارىلىقنى ئۆلچەم قىلىپ بىر تۈز سىزىق سىزىدۇ. ئاندىن نۆۋەت بىلەن «نىشان»نى قارىغا ئېلىپ ئاتىدۇ. بۇ ئويۇن كۆپىنچە مۇسابىقە شەكلىدە ئوينىلىدۇ. ئايرىم ھاللاردا ئەركىن ھالدا سوقۇپ ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇ ئويۇننى بەزىدا يالغۇز ئويناشقىمۇ بولىدۇ. يالغۇز ئوينىغان مەزگىللەردە بىر قىسىم بالىلار ئادەتتە ئوقنىڭ ئۇچىغا يىڭنە، ئىنچىكە مىخ قاتارلىقلارنى بېكىتىپ، قەغەز ساندۇقلارنى ئېسىپ قويۇپ، شۇلارنى چەنلەپ ئېتىپ ئوينايدۇ. كۆپچىلىك ئوينىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇچىغا ئۇنداق ئۇچلۇق نەرسىلەر ئورنىتىلمايدۇ.

**پايدىلىق تەرەپلىرى:** بۇ ئويۇن بەلكىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ بالىلىرىمىز ئارىسىدىكى ئويۇن شەكلىدە ساقلانغان كارتىنىسى بولۇپ، ئويۇنچۇقنى ياساش ئۇسۇلى ئاددىي، ئويناش قائىدىلىرىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس. بۇ ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنىڭ دىققىتىنى مەلۇم بىر نوقتىغا يىغىنچاقلاش، ئويۇن جەريانىدىكى «غەلىبە» ۋە «مۇۋەپپەقىيەتلەر» ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنىڭ ماھارەت ۋە ئىقتىدارىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈشتە مەلۇم دەرىجىدە ئەھمىيىتى بار.

## 7. بەتەنگۈچ (رەگەتكە) ئويۇنى

**ئويۇن ماتېرىيالى:** ئالدى بىلەن ئاچىماق شەكلىدىكى يۇلغۇن ياكى باشقا غولى قاتتىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياغىچى، 10-15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇملاق ياكى ياپىلاق رېزىنكە (يۇملاق رېزىنكە ئادەتتە ۋەلسىپىت ياكى ھارۋىنىڭ چىمچىرىغا ئىشلىتىلىدىغان، دۇكانلاردا تەييار سېتىلىدىغان رېزىنكىدۇر، ياپىلاق رېزىنكە بولسا يەنىلا ۋەلسىپىت ياكى ھارۋا چاقلىرىنىڭ چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز كامېرلىرىنى قايچا بىلەن قىيىپ تەييار قىلىنىدۇ)، يۇملاق ياكى ئېللىپسسىمان شەكىلدىكى كۆن (كىيىمەيدىغان ئاياغ ياكى باشقا خۇرۇم ئىشلىتىلگەن تاشلاندۇق نەرسىلەردىن قىيىۋېلىنىدۇ) تەييار قىلىنىدۇ. ئاندىن ئاچىماق ياغىچنىڭ ھەممە قىسىملىرىدىكى پوستى پاكىز قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاچىماق قىسمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ، بوغۇمچە چىقىرىلىدۇ. ئاندىن تەييارلانغان كۆننىڭ ئىككى تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئاخىرىدا ئاچىماق بىلەن كۆن رېزىنكە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** بۇ ئويۇنچۇقنىڭ نامى بۇ تەرەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «بەتەنگۈچ (بەلكىم «بەتلەنگۈچ» سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي تىلدا بولسا «رەگەتكە» دەپ ئاتىلىدۇ. بەتەنگۈچ تەييار بولغاندىن كېيىن، چوڭ-كىچىكلىكى بەتەنگۈچكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇششاق ھەم يۇملاق تاش تەييار قىلىنىدۇ. يۇملاق تاشنى رەگەتكىگە سېلىپ، خۇددى ئوقيا ئويۇنىغا ئوخشاش مەلۇم بىر «نىشان»نى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئوينىلىدۇ. بەزى كەپسىزرەك بالىلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى خامان ۋە باغلىرىغا زىيان سالغان قۇشقاچ قاتارلىق جۇغى كىچىك قۇشلارنى سوقۇپ چۈشۈرۈپ ئوينايدۇ. ئادەتتە ئاتا-ئانىلار ياكى كۆپچىلىك بالىلارنىڭ بۇ خىل ئويۇننى ئويناشتىن توسىدۇ، ھەممە بۇ جانلىقلارنىڭمۇ ياشاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى، ئۆلتۈرسە بولمايدىغانلىقىنى بالىلارغا بىلدۈرىدۇ.

**پايدىلىق تەرەپلىرى:** بۇ ئويۇندا تاش ئاساسلىق ئېتىش قورالى قىلىنغاچقا، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ بۇ ئويۇننى ئوينىغاندا بىخەتەرلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتىدۇ، ھەم بىر-بىرىگە قارىتىپ ئاتماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ بىر-بىرىنى سۆيۈش ۋە ھاياتلىقنى قەدىرلەش، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەتەنگۈچ ئارقىلىق ئۇچار قاناتلارنى «ئوۋلىغان» «ئوۋچىلار»نى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ تەبىئەتنى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى جانلىقلارنى ئاسراش ۋە قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتەلەيدۇ.

## 8. قاتار ئويۇنى

سابىرجان سىيتنىڭ «ئۇيغۇر ئويۇنلىرى» ناملىق كىتابىدا «توققۇز قاتار ئويۇنى» دېگەن بىر ئويۇن تۈرى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە بۇ خىل ئويۇننىڭ ياشانغانلار ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن شەكلى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن. مېنىڭچە قاتار ئويۇنى چوڭلارغا قارىغاندا بالىلار ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن شەكلىدۇر، ھەم ئۇنىڭ تۈرى يالغۇز توققۇز قاتار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

قاتار ئويۇنى ئۇيغۇر ئۈسمۈرلىرى ۋە چوڭلار ئا-

رىسىدا خېلى ئومۇملاشقان بىر خىل ئەقلىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئويۇن شەكلى بولۇپ، ئويناش قائى- دىلىرى ئاددىي، كۆڭۈللۈك ئېچىش ۋە كاللا ئىشلىتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئويۇن شەكلىدىن ئىبارەت. قاتار ئو- يۇنى ئادەتتە توققۇز قاتار ۋە ئون ئىككى قاتاردىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ ئويۇننى ئوينىغاندا، قاتار ئادەتتە سىلىق يەرگە ياغاچ بىلەن سىجاپ سىزى- لىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قاتتىق كارتون قەغەز ياكى يا- غاچ تاختىلارغا ئالدىن سىزىۋېلىپ، يېنىدا بۇلارنى ئې- لىپ يۈرۈپ ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. قاتار سى- زىلغاندىن كېيىن، توققۇز قاتار بولسا، توققۇز تالا ئو- رۇق، ئون ئىككى قاتار بولسا، ئون ئىككى تالا ئو- رۇق تەييار قىلىنىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ تەييارلىغان ئۇرۇقلىرى شەكىل، رەڭ ياكى چوڭ-كىچىكلىك جە- ھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇرۇقلار ئادەتتە داڭگاللا، ئۇششاق تاش، ئۇششاقلانغان ياغاچ، قوي مايىقى قاتارلىقلاردىن تاللىنىدۇ.

مەيلى توققۇز قاتار بولسۇن ياكى ئون ئىككى قا- تار بولسۇن ئويناش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخ- شاش، ئەمما ئۇرۇق سانى ئوخشمايدۇ. بۇنىڭدا مۇ- سابىقىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ قاتارغا بال- دۇر ئۇرۇق بېسىش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ. نۆۋەت تال- شىش كۆپىنچە ھاللاردا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈنۈش تەرىقىسىدە بولىدۇ. چۈنكى قاتار ئويۇنى بىر مەيدان ئويناش بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. شۇڭلاشقا كېيىنكى مەيدانلاردا ئۆتۈنگەن تەرەپكە يەنىلا بېشىدا ئۇرۇق بېسىش نۆۋىتى كېلىدۇ. كىمنىڭ ئالدى بىلەن ئۇرۇق بېسىشى بەلگىلەنگەندىن كېيىن نۆۋەت بىلەن بىر-بىرىدىن قاتار ئېچىدىكى بۇرجەكلەرگە، كېسىشكەن نوقتىلارغا ئۇرۇق بېسىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇرۇق بې- سىش نۆۋىتى ئالغان كىشى بىر ئۇرۇقنى قاتار ئىچىگە باسسا، ئارقىدىن ئىككىنچى كىشى بىر ئۇرۇقنى باسى- دۇ. قالغان ئۇرۇقلىرىنىمۇ شۇ تەرتىپتە بېسىپ تۈگە- تىدۇ. ئۇرۇق بېسىش جەريانىدا ياكى ئۇرۇق بېسىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئۇرۇق يۆتكەش جەريانىدا، كىم ئۆزىنىڭ ئۈچ تالا ئۇرۇقنى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئەكىلىپ، قاتار ھاسىل قىلالىسا، شۇ ئادەم قارشى تە- رەپنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۆزىنىڭ كېيىنكى قەدىمىگە پايدى- لىق بولغان بىر ئۇرۇقنى يەيدۇ. قايسى بىرى بول- سۇن، قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقنى بالدۇر يەپ تۈگەت- سە ياكى قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقنى قاماپ، مېڭىش يولىنى قويمىسا، شۇ يەڭگەن بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئىككىسى تەڭلىشىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ.

قاتار ئويۇننىڭ ئەۋزەللىكلىرى ناھايىتى كۆپ، ئالدى بىلەن ئۇ مەخسۇس ئويۇن مەيدانى تەلەپ قىل- مايدۇ. مەخسۇس ئويۇن قورالىرىمۇ بولمايدۇ. كىم قەيەرنى ياخشى كۆرسە، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، سىزىپ ئوينىسا، ئۇرۇقلارنىمۇ خالىغان نەرسىلەردىن تەييار قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ قارشى تەرەپنى بىخۇدلاشتۇرۇش ۋە ئېزىقتۇرۇش، ئوخشىمىغان تاكتى- كا قوللىنىش ئارقىلىق غەلىبە قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى، كاللا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇننى ئويناش جەريانىدا بالىلار تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى، مەسىلىلەر- نى ئۆز ئالدىغا تەھلىل قىلىپ ھەل قىلىش ماھارەتلى- رىنى ياخشى چېنىقتۇرالايدۇ.

## 9. پىرقىرىغۇچ ئويۇنى

**ئويۇن ماتېرىيالى:** ئاۋۋالا 10ـ15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قۇرۇغان قومۇش، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىل- دىكى ئۇزۇنلىقى 7ـ8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4ـ5 سان- تىمېتىر بولغان گېزىت قەغىزى ھەمدە ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى تومراق قومۇش دەستىسى تەييارلى- نىدۇ. 10ـ15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قومۇشنىڭ ئىككى چېتىنى پىچاق بىلەن ئاستا يىرىپ، تەييار قىلىن- غان قەغەز قارىمۇ-قارشى يۆلىنىشتە ئاشۇ يېرىقتا قىس- تۇرىلىدۇ. بۇنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا بىر دانە يىڭنە ئۆت- كۈزۈلىدۇ. ئاندىن بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قومۇش دەستىسىنىڭ بوغۇمىغا ئايرىلغان قاتتىقراق يېرىدىن يىڭنە پاتقىدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. پىرقىرىغۇچنىڭ يىڭ- نىسى ئاشۇ ئېچىلغان تۆشۈككە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**ئويناش ئۇسۇلى:** بۇ ئويۇن ئادەتتە شامال چىققان مەزگىللەردە ئوينىلىدۇ. ئوينىغۇچى پىرقىرىغۇچنى قو- مۇش دەستىسىنىڭ تۆشۈكىگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كې- يىن، شامال يۆلىنىشىگە قارشى ماڭىدۇ. شامال كۈچى ئاجىزراق بولسا يۈگۈرىدۇ. پىرقىرىغۇچ شامال تەسى- رىدە پىرقىراپ، ئاجايىپ چىرايلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

**پايدىلىق تەرىپى:** بۇ ئويۇندا ئوينىلىدىغان ئو- يۇنچۇقنى ياساش ئۇسۇلى بىر قەدەر مۇرەككەپ بو- لۇپ، يېشى كىچىك بالىلار ياسىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇس- تىگە پىرقىرىغۇچ ئاساسلىقى قۇرۇغان قومۇشنى ئاسا- سىي ماتېرىيالى قىلغاچقا، ياسىغان مەزگىلدە ئېھتىيات- چان، سەۋرچان، ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سەللا بىخەستەلىك قىلسا، قۇمۇش يېرىلىپ كېتىپ، پىرقىرغۇچنى ياسىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئويۇندا ئەڭ ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ قولا سىلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. شۇ ئاساستا دىققەتنى بىر نوقتىغا ئۇزۇن مەزگىل مەركەزلەشتۈرۈپ، مەلۇم ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىش، ياخشى قىلالمىغاندا خاتالىقلىرى ھەققىدە ئويلاندۇرۇپ يېڭىۋاشتىن باشلاش ئىقتىدارى ۋە ماھارىتىنى ياخشى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ.

## 10 لاي قۇيماق ئويۇنى

بۇ ياز پەسلىدە بالىلار ئارىسىدا خېلى كۆپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، ئويناش ئۇسۇلى ئاددى ۋە قىزىقارلىق. ئالدى بىلەن ئېرىق ۋە كۆلچەكتىن مەلۇم مىقداردا لاي ئېلىنغاندىن كېيىن، خۇددى ئانىلىرىمىز خېمىرنى پىشۇرغاندەك يۇغۇرۇپ پىشرۇپ سىلىق ھالەتكە ئەكىلىمىز. لاي ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئەخلەت ياكى چاتقاللارنى پاكىز ئېلىۋېتىمىز. لاي سىلىقلانغاندىن كېيىن ئۇنى تەكشى يەرگە قويۇپ، قۇيماق شەكلىدە چۆرىسىگە قىر چىقىرىپ تەكشى ئاچىمىز. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ لېيىنى نېپىز قىلىشقا تىرىشىمىز. «قۇيماق» تەكشى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ئالقىنىمىزغا ئېلىپ توپىسى يوق قاتتىق يەرنى تاللاپ كۈچەپ دۈم قىلىپ ئۇرىمىز. بۇ ۋاقىتتا «بوك» قىلغان ئاۋاز چىقىپ، لاي قۇيماقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لاي ئۈستىگە ئېتىلىپ، يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ ئويۇندا لاي قۇيماقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە قېلىن-نېپىزلىكى ئوخشىمىسا، چىقىدىغان ئاۋازمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ئويۇن پەقەت كۆڭۈللا ئېچىش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، مۇسابىقە شەكلىدە ئوينالمايدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئەۋزەللا تەرىپى شۇكى، كەتكەن ماتېرىياللا ناھايىتى ئاددى بولۇپ، بۇ ئويۇننى بىر قانچە ئادەم بىرگە ئوينىسىمۇ ياكى ئۆزى يالغۇز ئوينىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

## 11. قۇمۇش كېمە ئويۇنى

قۇمۇش كېمە ئويۇنى باھار ياكى ياز پەسىللىرىدە ئېرىق، ئۆستەڭلەرگە سۇ كەلگەن مەزگىللەردە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن تۈرى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قۇمۇشنىڭ چوڭراق بولغان ياپرىقى قۇمۇش غولىغا چاپلىشىپ تۇرغان يۇملاق نەيچىسىمان قىسمى بىلەن قوشۇپ سويۇۋېلىنىدۇ. بۇ ئويۇن بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا كۆپ ئوينىغان ئويۇن تۈرى بولۇپ، قۇمۇش كېمىنىڭ ياسىلىش تەرتىپى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. لېكىن ئويناش ئۇسۇلى قۇمۇش كېمە ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېقىۋاتقان سۇغا قويۇپ بېرىلىدۇ. بەزىدە مەخسۇس سۇ تېز ئاقىدىغان جايلارغا ئاپىرىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. كىمنىڭ كېمىسى ئارىلىقتا توختاپ قالماي ئەڭ يىراققا بارالىسا، شۇ يەڭگەن بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قۇمۇش كېمە ياساپ بولغاندىن كېيىن، ناۋادا ئۆزىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق، ئۆستەڭلەر بولسا، سۇنىڭ باش ئېقىنىغا بېرىپ قۇمۇش كېمىنى قويۇپ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ، ھەمدە ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان يەرگە كېلىپ قۇمۇش كېمىنىڭ ئېقىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. كىمنىڭ كېمىسى بالدۇر ئېقىپ كەلسە، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. قۇمۇش كېمە ئويۇنىمۇ بالىلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئىجاد قىلغان بىر خىل ئويۇن شەكلى بولۇپ، بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك رولا ئوينايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بالىلار ئويۇنلىرى بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا ئوينىغان يەرلىك پۇرىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئويۇن تۈرلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋي ئويۇنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئويۇنلارنى ئەسلەش ۋە قەلەمگە ئېلىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىزدە ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يەرلىك بالىلار ئويۇنلىرى يەنىلا خېلى كۆپ ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنى قېزىش، رەتلەش ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىلمىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار :«ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2010-يىلى 3-ئاي ئىككىنچى بېسىلىشى.
2. سابىرجان سېيىت :«ئۇيغۇر ئويۇنلىرى»(1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 3-ئاي 1- نەشرى.
.3. تۇرسۇن قۇربان قاتارلىقلار تۈزگەن :«بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىلى 8- ئاي 1- نەشرى.

(ئاپتور باينغولىن پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىدە)




بىر ئاماللاپ قازناقنى تولدۇرۇپسەن پۇلا تېپىپ،
كاتتا لۆم-لۆم ساپادا ئولتۇرۇپسەن پۇلا تېپىپ،
ھاكاۋۇرلۇق قىلماققا ئۆلگۈرۈپسەن پۇلا تېپىپ،
ھەشەمەتنى گەژگەككە مىندۈرۈپسەن پۇلا تېپىپ،
دۇرۇس ئىدىڭ نامرات چاغ، ئۆزگىرىپسەن پۇلا تېپىپ.

مېۋىلىك شاخ بولغانچە ئېگىلەتتى تۆۋەنگە،
سەنچۇ، قالتىس گېدىيىپ، پاتماي قاپسەن تېرەككە،
قىلچە مېھرىڭ قالماپتۇ جامائەتكە-مەلەككە،
ئۆچ بولۇپتۇ دوستلىرىڭ سېنىڭ يولسىز غەلۋەككە،
مىجەزىڭنى-خۇيۇڭنى مۆڭدۈرۈپسەن پۇلا تېپىپ.

باي بولغانچە كېتىپسەن دىيانەتتىن يىراقلاپ،
ئاينىپتۇ گەپ-سۆزۈڭمۇ، كېتەركەنسەن ۋالاقلاپ،
كەلمەس يەرگە تېتىقسىز كۈلەركەنسەن قاقاھلاپ،
يېرىم چېلەك سۇ بەرھەق كېتەر شۇنداق شالاقلاپ،
ئۆتمۈشۈڭنى-ئەسلىڭنى يۇتتۇرۇپسەن پۇلا تېپىپ.

شۆلگەيلىرىڭ ساقىيتتى كۆرسەڭ كۆڭلى تولارنى،
زار بولغانتىڭ ئىچەلمەي بىر چاغ ئۇماچ-سوكىلارنى،
بۈگۈن كۆزگە ئىلماپسەن شۇ چاغدىكى دوستلارنى،
دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكىلىڭ بار ھالا-ئوقتى يوقلارنى،
تۇزكورلۇقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپسەن پۇلا تېپىپ.

باي دېمەيمىز پۇلغا باي، ئەمما روھىي گادايىنى،
سېلىشتۇرسا ھېسابىمۇ ھەشەمەتلىك سارايىنى،
نا ئىنساپلار ئايرىماس ھالالا بىرلە ھارامنى،
باي نەدە جىق، ئاڭلىدۇق ئاشۇ جايدىن «ۋاي-ۋاي»نى،
ۋۇجۇدۇڭدىن ئىنساپنى كەتكۈزۈپسەن پۇلا تېپىپ.

ئىملا ئارزۇسى: باي بولسا، ئوغرى چاشقان بولمىسا،
ئۆزى مەككار پەيلى شۇم، ئەھدى يالغان بولمىسا،
ۋىجدانىنى پۇلا ئۈچۈن خەققە ساتقان بولمىسا،
پۇلغا ھېرىسمەنلىكتە چەكتىن ئاشقان بولمىسا،
ئاچكۆزلۈكنى ئاشكارا بىلدۈرۈپسەن پۇلا تېپىپ.

(ئاپتور كەلپىن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)




رەڭ ئالغاندەك كونا ساماندىن،
چېھرى ھامان سېرىقتۇر سېرىق.
پىستە كۆزى قىزىرىپ ئوتتەك،
تالىشىدۇ قۇشقاچتىن تېرىق.

ئالەمنى چاڭ كەلتۈرسە بۇلبۇلا،
ئۆرتىنىشتە قاقدۇ پالاز.
كۇركىرىسا پاقا يېقىمسىز،
دەيدۇ ماختاپ:«ئەجەب خۇش ئاۋاز».

قارىماققا سىلىق-سىپايە،
قورسىقىدا پىترايدۇ يىلان.
سەللىسى چوڭ بولغىنى بىلەن،
يوق ئۇنىڭدا زەررىچە ئىمان.

تاشلىغۇسى كېلىدۇ يۇلۇپ،
پورەك-پورەك ئېچىلسا غۇنچە.
ئۆزى ئېشەك، ئەمما تۇلپارنى
ياراتقۇسى كەلمەيدۇ شۇنچە.

مەگەر بىراۋ قۇچسا شان-شەرەپ
سالاملاشماي يۈرىدۇ باتناپ.
ۋىتىلداقتەك بېسىلماي ئاغزى،
ئارقىسىدا تىللايدۇ قاخشاپ.

ئارىمىزدا ياشايدۇ ھەر چاغ،
كۈن ئۆتكۈزۈپ ئاشۇ يوسۇندا.
پەدەزلەيدۇ رەڭگى روھىنى،
ئوسما قويۇپ يېڭى يوسۇندا.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)